

رىزۋانگۇل يۇسۇپ

# يېشىل ئارمان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: دىلمۇرات تۇرسۇن



ISBN 7-5373-1582-5


9 787537 315821 >

ISBN 7－5373－1582－5
（民文）定价：12.00 元

رىزۋانگۈل يۈسۈپ

# يېشىل ئارمان

( ھېكايىلار )



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

绿色的愿望/热孜万古丽·玉苏甫著. —喀什:喀什维吾尔文出版社,2006.12
ISBN 7-5373-1582-5

Ⅰ.绿... Ⅱ.热... Ⅲ.短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.1247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字 (2006) 第 161259 号

责任编辑:齐曼姑丽·阿吾提
责任校对:拜合提亚尔· 加苏尔

绿色的愿望

作者:热孜万姑丽·玉苏甫

---

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编:844000)
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 7 印张 2 插页
2006 年 12 月第 1 版 2006 年 12 月第 1 次印刷
印数:1—3080 定价:12.00 元

# مۇندەرىجە


بەخت سەپىرى ........................................ 1
ئاق كەپتەر ........................................ 3
چىغىر يول ........................................ 13
تەكلىماكاندىكى موماي ........................................ 24
پەرىشتە ........................................ 41
شۇنقەدىر كىچىكسى ........................................ 58
يامغۇر پەسلى ........................................ 75
قوشكېزەك ........................................ 82
شەبنەم ........................................ 94
گۈل بازىرى ........................................ 119
جاھانباغ ........................................ 123
جىگدە چىچىكى ........................................ 143
يېشىل ئارمان ........................................ 163
روھ سەپىرى ........................................ 185
بۆرە قىسمىتى ........................................ 197
يۈك پەلەي ........................................ 214

# بەخت سەپىرى

بالىلىق چاغلىرىمدا مۇشۇ يۇمشاق قۇملارنى دەسسەپ مەكتەپكە
ماڭاتتىم. قۇملار ئايىغىم ئاستىدا غىرىسلاپ مۇزىكىدەك يېقىملىق
ئاۋاز چىقارسا، مەن خۇددى پاياندازئۈستىدە كېتىۋاتقان مەلىكىلەر-
دەك خۇشال بولاتتىم. ئىللىق شامال يۈزلىرىمنى، چاچلىرىمنى سۆ-
يەتتى. گۈگۈم چۈشسە، ئوتقاشتەك قۇياش قۇملۇق بېتىنى ئاستا -
ئاستا ئۈياتچان قىزنىڭ رومىلىدەك قىزغۇچ رەڭگە كىرگۈزۈپ، ئەت-
راپنى بىر ئۇلۇغ سۈكۈنات ئۆز قوينىغا ئالاتتى. مەن بۇرۇنقىدەكلا
ھەممىگە ئۈن- تىنسىز قاراپ تۇراتتىم، گويا نېمىنىدۇر كۈتۈۋاتقان-
دەك...

كېچە ئاسمىنى شۇنچىلىك سېھىرلىك، ئاي نۇرى قۇم ساھىلىدا
ئۈزۈپ يۈرەتتى. قۇملار ئاللىبۇرۇن شېرىن ئۇيقۇسىنى باشلىغان،
مەنمۇ قۇم ساھىلىدا سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتىم. تاڭ شامىلى
ھەممىنى ئويغاتتى. قۇملار سۇس شاۋىلدايتتى. مەن شۇ مىنۇتتا
چەكسىز بەختكە چۆمۈلدۈم. بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ ھازىرغىچە زارىقىپ
كۈتكىنىمنى ھېس قىلدىم. قۇياش قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاستا-
ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. مۇشۇ دەقىقىدە مەن كۈتكەن مۆجىزە
يۈز بەردى. ئۇ ئۇدۇل تەرىپىمدىن گويا ئاشۇ قۇياشتىن تۆرەلگەندەك
قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگىنىچە ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى. قۇملار ئۇنىڭ
ئايىغى ئاستىدا چايقىلاتتى.

مەن ئۇنى ھەتتا چۈشۈمدىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدىم. شۇنداقتىمۇ
ئۇنى تونۇۋالدىم. ئۇنىڭ چىرايىمۇ، تۇرقىمۇ، قەدەملىرىمۇ سالماق
ئىدى. ئۇ كۈلۈمسىرىمىدى، پەقەت نۇر ئىچىدە تۇرۇپ ئۈن - تىن-

سىزلا ماڭا قولىنى ئۇزاتتى. مەن ئىككىلەنمەيلا قولۇمنى بەردىم. ئۇنىڭ قوللىرى شۇنچىلىك كۈچلۈك ھەم ئىللىق ئىدى.

بىز قول تۇتۇشقىنىمىزچە قۇم ساھىلىنى بويلاپ مېڭىپ، شاد-خوراملىق ئىچىدە سەپەرگە ئاتلاندۇق. بىزنىڭ سەپىرىمىز تولىمۇ ئۇزۇن ئىدى. بۇنى ھەر ئىككىيلەن بىلەتتۇق. توغراقلار قۇم ساھىلىنىڭ بىردىنبىر زىننىتى ئىدى. ياشىرىپ تۇرغان توغراقلار ياش ئانىنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى ئالتۇندەك سارغايغاندا قۇملۇقتا ۋايىغا يەتكەن بىر گۈزەللىك جىلۋىلىنەتتى.

يامغۇر ياغقان بىر كۈنى ئۇ ماڭا توغراق ياغىچىدىن ئەپچىلگىنە بىر ئۆي ياساپ بەردى. بۇ ئۆيۈمنىڭ يېنىدىن تارىم دەرياسىنىڭ كىچىككىنە ئېقىنى ئېقىپ ئۆتەتتى.

بىز مۇشۇ ئېقىن بويىدا ئولتۇراقلىشىپ قالدۇق.

يىللار ئۆتتى، ئاشۇ كىچىك ئېقىن بويىدا بىر توپ بالىلار ئوينايدىغان بولدى. ئۇلار غەمسىز كۈلەتتى، قىيقاس - چۇقان سالاتتى. قۇملار، توغراقلار ھەم كىچىككىنە ئېقىن شاد - خوراملىققا چۆمەتتى.

بىز ئاشۇ ئېقىن بويىدا ئولتۇراقلىشىپ قالدۇق...

# ئاق كەپتەر

ئۇنى مەھەللىدىكىلەر «مەتنىياز كەپتەرۋاز» دېيىشەتتى. ئۇنىڭ ھەر كۈنى سەھەردە تۇنجى بولۇپ قىلىدىغان ئىشى كەپتەر ئۇچۇرۇش ئىدى. ئۇنىڭغا كەپتەرلەرنىڭ ئاسمانغا پۇرردە كۆتۈرۈلۈپ، تەرەپ-تەرەپكە چېچىلىشى، يەنە پۇرردە ئۆگزىگە قونۇپ، چېچىپ قويغان دانلارنى چوقۇلاپ يېيىشلىرى، چۆرىسىدە دىك - دىك سەكرەپ يۈرۈشلىرى بەكلا كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ بالىلىرىغا تاماق بېرىۋاتقان كۆيۈمچان، باغرى يۇمشاق ئاتىلارغا ئوخشاپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۆزىدىمۇ شۇنداق تۇيغۇ پەيدا بولۇپ، كەپتەرلىرىگە سۆيۈنۈش، ئامراقلىق بىلەن قاراپ كېتەتتى.

ئۇنىڭ كەپتەرلىرى ئارىسىدا ئۇنلەمچى دەمدەرلەرمۇ، موللاقچىلارمۇ، ئىشقىلىپ، كەپتەرنىڭ ھەرقانداق تۈرى تېپىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇنلەشلىرىمۇ، ئۇچۇشلىرىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ كەپتەرنىڭ ئۆزىنى كۆرمىسىمۇ، ئۇنلەشلىرىگە قاراپلا قايسى كەپتەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايتتى. ئۇ ئېسىگە كەلگەندىن بېرى ئۆزىنى كەپتەرلەر بىلەن تەڭ تۇغۇلۇپ، تەڭ چوڭ بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ بالىلىق، ياشلىق چاغلىرىمۇ كەپتەرلەر بىلەن باغلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ياز كۈنلىرى ئۆگزىدە يېتىشقا ئامراق ئىدى. 17 ياش چاغلىرى، بىر كۈنى ئۆگزىدە ئاسمانغا قارىغىنىچە ياتاتتى. ئاجايىپ چىرايلىق ئايدىڭ كېچە، ئاي يورۇقىدا ھەتتا يۇلتۇزلارمۇ خىرەلىشىپ كۆرۈنمەي قالغانىدى، ئۇنىڭ يۈرىكىدە نازۇك بىر تۇيغۇ ھېلىدىن - ھېلىغا يېنىپ - ئۇچۇپ، ياشلىق سەزگۈلىرى ئويغىنىشقا باشلىدى.

كەپتەرخانىدىن كەپتەرلەرنىڭ بۇقۇلداشلىرى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كۆزى سەلگىنە ئۇيقۇغا ئىلىنىشىغا، بىر ئاق كەپتەر پۇررىدە ئۇچۇپ كېلىپ تەكىيىگە قوندى. ئاي نۇرىدا بۇ كەپتەر سۈتتەك ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. كەپتەرلەر ئارىسىدا بىرنەچچىلا تۇم ئاق كەپتەر بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ ئەڭ ئامراق، ئەتىۋارلىق كەپتەرلىرى ئىدى.

— مېنى كۆرگىلى كەپسەندە تاتلىق كەپتىرىم، — ئۇ كەپتەرنى ئاۋايلاپ قولىغا ئېلىپ باش - كۆزىگە سۆيۈپ قويدى. كەپتەر ئۇنىڭغا رايىشلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. تۇرقى خۇددى مۇلايىم، ئوماق قىزغىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ كەپتەرگە بەكلا مەستلىكى كەلدى ۋە ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا كەپتەرگە قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى، — سەن بىر قىز بالا بولۇپ قالغان بولساڭ قانداق ياخشى بولاتتى - هە، ئۆزۈڭدەك ئاپئاق، لەۋەن، گۈزەل بىر قىز. شۇنداق بولغان بولساڭ مەن سېنى چىن قەلبىمدىن سۆيۈپ قالاتتىم...

كەپتەر تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قولىدىن پۇررىدە ئۇچۇپ كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، ئاندىن قاتتىق بىر سىلكىنىۋىدى، بىر تال پېيى ئاستا لەيلەپ ئۇنىڭ تەكىيىسى ئۈستىگە چۈشتى. ئۇ هەيرانۇهەس بولۇپ قاراپ قالدى. تەكىيىسى يېنىدا ئۇچىسىدا ئاپئاق كۆڭلەك بار، بەكلا چىرايلىق بىر قىز ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ قىزنىڭ گۈزەللىكىدىن مەست بولۇپ كەتتى. ئەتراپتىكى هەممە نەرسە سۈكۈت ئىچىدە قېتىپ قالغاندەك جىمجىت ئىدى. قىز ئۇنىڭغا قاراپ تاتلىق كۈلۈمسىرىدى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا قىزنىڭ قولىنى ئاستا تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى. قىز لىككىدە كۆتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ يوتقىنىغا كىردى. ئۇنىڭ بەدىنىنى يۇمشاق مامۇق پەيلەر غىدىقلىدى. كېچە ئاسمىنى شۇنچىلىك يورۇق ئىدى، ئۇ ئۆزىنى سۈزۈك بىر نۇر ئارىسىدا ئاستا ئۈزۈۋاتقاندەك بەكلا راهەت هېس قىلدى...

ئۇ كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ئاران ئويغاندى. كەپتەرلەر گۇگۇهلاپ ئۇنى سېغىنىپ چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردىيۇ، ياستۇقى يېنىدىكى بىر تال پەينى كۆرۈپ هاڭ-

تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. بۇ ئادەتتىكى كەپتەر پېيىگە ئوخشىمايتتى. سۇتتەك ئاق، سۇزۇك، پارقىراق ئىدى. پەيىنىڭ ھەربىر ئىنچىكە تالالىرىدىن نۇر تۆكۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ پەيىنى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى. كېچە كۆرگەن چۈشى ئېسىگە كەلدى. ئاق كەپتەرنىڭ قانات قاققان ھالىتى، قىزنىڭ تاتلىق كۈلۈمسىرىشى، ھەممىسى خۇددى راستتەكلا.

ئۇ ئالدىراپ ئۆگزىدىن چۈشتى. ئانىسىدىن پاكىز لاتا سوراپ، پەيىنى لاتىغا ئاۋايلاپ ئوراپ، كۆڭلىكىنىڭ مەيدە يانچۇقىغا سالدى، ئاندىن ئىتتىكلا كەپتەرخانىغا كىردى. كەپتەرخانا غۇۋا يورۇق ئىدى. كەپتەر پەيلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى. كەپتەرلەرنىڭ بەزىلىرى كوۋۇكىدا، بەزىلىرى قونداقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاۋۋال ئاق كەپتەرلەرگە چۈشتى. بىرقانچە ئاق كەپتەر ئۇنىڭغا رايىشلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇلار بىر - بىرىدىن ئوماق، چىرايلىق ئىدى. ئۇ كەپتەرلەرنى بىر - بىرلەپ قولىغا ئېلىپ، باش - كۆزلىرىگە سۆيۈپ ئەركىلىتىپ، ئاستا قويۇپ بەردى، ئاندىن كەپتەرلەرنى ئۇچۇرۇش ئۈچۈن يەنە ئۆگزىگە چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ھېلىقى بىر تال پەيىنى يېنىدىن پەقەت ئايرىمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى تەسۋىرلىگۈسىز بىر تەشنالىقتا يېنىشقا باشلىدى. ئۇ ھەر كۈنى بالدۇرلا ئۆگزىگە چىقىۋالاتتى، ئاي قاراڭغۇسىدىمۇ، ھاۋا تۇتۇلغان كۈنلەردىمۇ چىقاتتى. ئاشۇ چۈشىنى قايتا كۆرۈش ئۈمىدىدە بالدۇرلا كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى. ئەمما، قېرىشقاندەك كۆپىنچە تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالماي تولغىنىپ چىقاتتى. ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاشۇ چۈشىنى قايتا كۆرەلمىدى. ئەمما، ئۇ قىزنى خىيالىدا كۆرۈپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇ ھەر كۈنى ئاخشىمى ھېلىقى بىر تال پەيىنى قولىغا ئېلىپ ئاۋايلاپ سۆيگىنىدە ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىر توپ ئاق كەپتەر ئۇچۇپ كېلەتتى. قىز ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇنىڭغا تاتلىققىنە كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە تويماي قارىشاتتى. تۈن بويى مۇڭدىشىپ چىقاتتى. ئۇ قىزنى ئۆزىگە تارتىپ باغرىغا

باساتتى... ئۇنىڭ خىيالى شۇنچىلىك ئېنىق ئىدىكى، ئۇ بارا- بارا ئاشۇ قىزنى راستتىنلا رېئاللىقتا مەۋجۇتتەك ھېس قىلىپ، كەپتەر- لىرىگە تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇيغۇسىدا دائىم ئاشۇ بىر تال پەي، قىز ھەم ئۇنىڭ كەپتەرلىرى گىرەلىشىپ بىرلىشىپ كېتەتتى.

ئۇ كەپتەرلىرىگە سۇنىڭ سۈزۈكىنى، تېرىقنىڭ پاكىز تازىلانغى- نىنى بېرەتتى. كەپتەرلىرىنى ئەركىن قويۇۋېتىشكە ئامراق ئىدى. ئەزەلدىن كەپتەرخانىنىڭ تۈڭلۈكىنى تاقىمايتتى. كەپتەرلەرنىڭ قوز- داقلىرىنى تازا ئېگىز ياساپ بېرەتتى. كەپتەر ئۇچۇرغاندا كەپتەرلەر- نىڭ ئېگىز ئۇچۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

— ئۇچۇڭلار، بايقۇشلىرىم، تازا ئېگىز ئۇچۇڭلار! مۇشۇ ئۇچ- قانچە يىراق - يىراق جايلارغا بېرىپ، خۇشال ئويناپ، دانلاپ كېلىڭ- لار!

ئۇ ھەر قېتىم كەپتەر ئۇچۇرغاندا شۇنداق دەيتتى. گويا كەپتەر- لەر ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلەيدىغاندەك بۇ گەپنى قايتا - قايتا ئۇنلۇك تەكرارلايتتى.

ئۇنىڭ كەپتەرلىرى بىردىنلا شىددەت بىلەن كۆپىيىشكە باشلى- دى. ئاق كەپتەرلەرمۇ جىقلاپ كەتتى. كەپتەرلەر كەپتەرخانىغا پاتماي قېلىشتى. ئۇ دەسلەپ تۆت - بەش جۈپ كەپتەرنى ئۆزىنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرىگە بېقىشقا بەردى. كېيىن مەھەللىدىكى ھەممە ئۆيلەرگە ئىككى - ئۈچ جۈپتىن تارقىتىپ بېرىۋەتتى. ئەمدى ھەممە ئۆيلەردىن كەپتەرلەرنىڭ بۇقۇلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولدى. كەپتەرلەر تېخىمۇ ئەركىن بولۇپ كەتتى. ئۇلار خالىغان جايلاردا دانلىشىپ يۈرۈشەتتى. ئادەملەرنىڭ بېشىغا، مۈرىلىرىگە قونۇپ، قوللىرىدىكى نان ئۇۋاقلىرىنى بەخىرامان چوقۇلاپ يېيىشەتتى. مەھەللىدىكى ھېچ- كىم كەپتەرلەرگە چېقىلمايتتى، ھەتتا كىچىك بالىلارمۇ كەپتەرلەر بىلەن بىللە ئوينىشاتتى.

* * *

مەھەللىدە پاتىمخان ئىسىملىك بەكلا بەتبەشىرە سەت بىر قىز
بار ئىدى. ئۇ قۇنەك باخشىنىڭ يالغۇز قىزى بولۇپ، خەقلەر ئۇنى
«قۇنەك باخشىنىڭ ئالۋاستى خوتۇنىدىن تاپقان بالىسى» دېيىشەتتى.
پاتىمخان مەتنىيازغا كۆيۈپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چىرايىنىڭ سەت-
لىكىنى، مەتنىيازنىڭ ئۆزىنى ياراتمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما،
ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى كۆيۈك ئوتىنىڭ پەسىيىشى مۇمكىن ئەمەس ئى-
دى. ئۇ مەتنىيازغا ئىسسىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۆزىنى خېلى ياساپ-
تۈزەپ، چىرايلىق كىيىنىپ، مەتنىيازنىڭ ئۆيى، ئېتىزلىقى، خامى-
نى ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈردى. ئەمما، مەتنىياز ئۇنىڭغا سۆز تاشلاش
تۈگۈل، كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى.
ئۇ ئىسسىتقۇ - سوۋۇتقۇ قىلىشنى بىلەتتى. بۇنى باخشى دادىسى-
دىن ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇ مەتنىيازغا ئاتاپ ئىسسىتقۇ قىلىشقا باشلى-
دى. ئۇ ئاۋۋال بىر كاللەك ناۋاتقا ئىسسىتقۇ ئوقۇدى. بۇ ناۋاتنى
ھەرقانداق بىر ئەر كىشى يەپلا قالسا، گەپ يوق پاتىمخاننىڭ كەينى-
دىن يۈگۈرۈپ، ئايىغىغا باش قوياتتى. ئۇ مىڭبىر ئاماللارنى قىلىپ،
ھېلىقى ناۋاتنى مەتنىيازغا بەردى. ئىككى كۈن ئۆتۈپمۇ مەتنىياز ئۇنى
ئىزدەپ كەلمىدى. مەتنىيازنىڭ ناۋاتنى يېگەن - يېمىگەنلىكى ئېنىق
ئەمەس ئىدى. «ناۋاتنى يېمەي تاشلىۋېتىپتۇدە، ھۇ قاقۋاش» دەپ
ئويلىدى ئۇ.
ئىسسىتقۇ - سوۋۇتقۇنىڭ خىلمۇخىل ئۇسۇلى بار ئىدى. ئۇ
مەتنىيازغا ئوخشىتىپ بىر تۆمۈر قونچاق ياسىدى. ئاندىن ئوچاقنىڭ
ئاستىنى كولاپ ئۇنى كۆمدى. ئوچاققا ھەر قېتىم ئوت قالىغاندا
تۆمۈر قونچاق قىزىش بىلەن مەتنىيازنىڭ يۈرىكىمۇ قىزىپ، پىژىلداپ
كۆيۈپ چىدىيالماي مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئۇ
ئوچاققا ئۇدا ئىككى كۈن توختىماي ئوت قالىدى. ئەمما، مەتنىيازنىڭ
يۈرىكى قىزىش تۈگۈل، ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇ جىلە

بولدى. ئاچچىقلىنىپ ساراڭ بولايلا دەپ قالدى. نېمە ئىش بۇ؟ شۇنچە كارامەتلەر ئەجەب ئۇنىڭغا كار قىلمىدا؟ ئەجەبا، ئۇ ئالاھىدە ئادەممۇ؟

ئىش ئەپلەشمىگەنسېرى ئۇنىڭ مەتنىيازغا بولغان ئىشقى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئۇ ئاخىر دادىسىغا يالۋۇردى. قۇنەك باخشى چاپاق بېسىپ كەتكەن كۆزىنى يۇمغىنىچە قىزىنىڭ يالۋۇرۇشىغا جىممىدە قۇلاق سالدى، ئاندىن قاراڭغۇ قازناق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن قازناق ئۆيدىن چىپىلداپ تەرلىگەن، ھارغىن ھالدا چىقىپ قىزىغا دېدى:

— بولدى قىل قىزىم، مەتنىيازغا ھەرقانداق ئىسسىتقۇ - سوۋۇتقۇ ھەم قەست كار قىلمايدۇ، ئەمدى نىيىتىڭدىن يان!

— نېمىشقا، دادا؟ — ئۇ ئۆپكىدەك ئېسىلىپ يىغلايدىغاندەكلا تۇراتتى.

— نېمىشقا دەمسەن؟ مەتنىيازنىڭ مەشۇقى بار ئىكەن، گۈل يۈزلۈك پەرىزات مەشۇقى بار ئىكەن. قەلبىدە سۆيگۈ بار ئادەمگە ھەرقانداق قەست كار قىلمايدۇ، بىلەمسەن؟ ئەمدى ئاۋارە بولما!

قۇنەك باخشى پېشىنى قېقىپ يەنە قازناق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. پاتمىخان جايىدا ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىچى بىر نەرسە تاتىلاۋاتقاندەك، چېقىۋاتقاندەك ئېچىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ گېپى بەك قاتتىق تەگدى. ئۇ ئەمدى مەتنىيازنى ئۇنتۇپ كەتسۇنمۇ؟ مەتنىيازنىڭ قەلبىدە باشقا بىر قىزغا سۆيگۈ بولسا، ئۇنىڭ يۈرىكىدە مەتنىيازغا كۆيۈۋاتقان ئوت سۆيگۈ - مۇھەببەت ئەمەسمىكەن؟

پاتمىخان نەچچە كۈنگىچە گاراڭ ھالەتتە يۈردى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھېلىھەم پىژىلداپ ئېچىشىپ تۇراتتى. ئۇ ئەمدىلىكتە كۆڭلىدە ھەرخىل شۇم پىلانلارنى تۈزۈپ، شۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كويىغا كىردى. مەتنىيازنىڭ ياۋاش، مۆمىن بىر ئاكىسى بار ئىدى. پاتمىخان ئاۋۋال مەتنىيازنىڭ شۇ ئاكىسىنى قولغا چۈشۈرۈشنى كۆڭلىگە

پۈكتى.

پاتىمخان ئۇنى خامانلىقتا يالغۇز ئولتۇرغان يېرىدىن تاپتى.

— يالغۇز ئولتۇرۇپسەنغۇ؟ — پاتىمخان ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىپ سورىدى.

— ئۆيدىكىلەر تويغا كەتكەن. مەن خامانغا قاراۋاتىمەن، — مەتقاسىم جاۋاب بەرگەچ ئۇنىڭ بەتبەشىرە چىرايىدىن قورقۇپ سەلگەنە كەينىگە داجىدى.

— مەندىن قورقۇۋاتامسەن؟ قورقما! يالغۇز ئولتۇرۇپتىكەنسەن، سېنى يالغۇز زېرىكىپ قالدىمىكىن دەپ كەلدىم. مە، ئۈزۈم يېگەچ ئولتۇر.

پاتىمخان يانچۇقىدىن بىر ئوچۇم قۇرۇق ئۈزۈمنى ئېلىپ مەتقاسىمنىڭ ئالىقىنىغا قويۇپ بەردى، ئاندىن ئۇنىڭغا سىڭا كۆزىدە قارىغاچ نېرىراقتا ئولتۇردى. مەتقاسىم قولىدىكى ئۈزۈمگە قارىدى. ئۈزۈم بەكلا پاكىز قۇرۇتۇلغانىدى. ۋىلىلداپ پارقىراپ، ئېغىزغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەتقاسىمنىڭمۇ سەل قورسىقى ئېچىپ ھەم زېرىكىپ ئولتۇراتتى. شۇڭا، ئارتۇقچە ئويلانمايلا ئۈزۈمنى يېيىشكە باشلىدى. پاتىمخان مەتقاسىمنىڭ ئۈزۈمنى يېگىنىنى كۆرۈپ ئىچىدە كۈلۈپ قويدى ۋە كاسىسىنى تولغىغىنىچە مەتقاسىمنىڭ خامىنىدىن يىراقلاشتى. ئەتىسىلا پۈتۈن مەھەللىگە «مەتقاسىم پاتىمخان چاپاقنا كۆيۈپ قاپتۇ» دېگەن گەپ تارقىلىپ كەتتى. دېمىسىمۇ، مەتقاسىم پاتىمخاننىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى ئەگىپ، پاتىمخاننى بىردەم كۆرمىسە چىدىيالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— مېنى نىكاھ ئوقۇتۇپ ئەمرىڭگە ئال! — دېدى پاتىمخان.

— ماقۇل، — مەتقاسىم ئۇنىڭ ھەرقانداق شەرتىنى شەكسىز ئورۇندىغۇدەك ھالغا يەتكەنىدى.

ئۇ ئاتا - ئانىسىغا پاتىمخاننى نىكاھىغا ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتۇدى، ئۇلار پەقەتلا قوشۇلمىدى:

— جىن - ئالۋاستىلار بىلەن ئەسرالىشىدىغان ئۇ پاخمۇاش

چاپاققا بىزنىڭ ئۆيدىن ئورۇن يوق، — دەپ گەپنى كېسىۋەتتى ئۇلار.

ھەپتە ئىچىدىلا مەتقاسىم ئورۇقلاپ، چىرايى ساماندەك سارغىيىپ، قورايدەكلا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىسسىتقۇنى ياندۇرۇش ئۈچۈن قىلمىغان ئامالى قالمىدى. مەتقاسىم يەنىلا كۆيۈك ئوتىدا پۇچىلانماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆن بويى مەيدىسىنى نەم يەرگە يېقىپ، ئاھ ئۇرۇپ ياتقىنى ياتقاندى.

ئامال بولمىدى. ئاخىر پاتمىخاننى مەتقاسىمغا نىكاھلاپ ئۆيگە ئەكىرىشتى. پاتمىخاننىڭ كۆتكىنىمۇ شۇ ئىدى. ئۇ بۇ ئۆيدە ئۆزى كۆيۈپ يۈرگەن مەتنىيازنى كۈندە دېگۈدەك كۆرەلەيتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى، مەتنىيازنىڭ مەشۇقىنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئىدى. ئۇ ئۇزاققىچە تىمىسقىلاپ، مەتنىيازنى پايلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، ھېچ نەرسىنى بىلەلمىدى.

بىر كۈنى پاتمىخان مەتنىيازنىڭ بىر تال كەپتەر پېيىنى ئاۋايلاپ سىيلاپ، مېھرى بىلەن قاراپ ئولتۇرغىنىنى تاسادىپىي كۆرۈپ قالدى. كېيىنچە ئۇ بۇنداق ھالەتنى بىرقانچە قېتىم كۆرگەندىن باشقا، مەتنىيازنىڭ پەينى بەكلا ئەتىۋارلاپ يىپەك قولياغلىقىغا ئوراۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرۈپ، ئاشۇ كەپتەر پېيىنىڭ مەتنىياز ئۈچۈن بەكلا مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى ئاشۇ پەينى قولغا چۈشۈرۈشتىلا قالدى. پەينى قولغا چۈشۈرسىلا ئۇنىڭ ئىشلىرى ئوڭغا تارتىشى مۇمكىن ئىدى.

پاتمىخان سەۋرچانلىق بىلەن پەيت كۈتتى. بىر كۈنى مەتنىيازنىڭ خىيالىي تۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى:

— ئىنىم، كۆڭلىكىڭىزنى سېلىپ بېرىڭە، مەن يۇيۇۋېتەي، — دېدى ئۇ يۇمشاق ئاۋازدا.

مەتنىيازنىڭ كۆڭلىكى سەل كىرلىشىپ قالغاندى. شۇڭا، ئۇ كۆڭلەكنىڭ سول تەرەپ مەيدە يانچۇقىدىكى يىپەك ياغلىققا ئوراقلىق ھېلىقى پەينى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ، كۆڭلەكنى ئىتتىكلا سېلىپ

پاتمىخانغا بەردى. پاتمىخان پەينىڭ بۇنداق ئاسان قولغا چۈشىدىغانلىقىنى ئۇيلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ ھاپىلا - شاپىلا باغقا كىردى ۋە يانچۇقىدا ساقلاپ يۈرگەن سەرەڭگىنى ئېلىپ پەيگە ئوت ياقتى. شۇ دەقىقىدە مەتىنىيازنىڭ يۈرىكى چىمىمىدە قىلىپ ئاغرىپ كەتتى. كۆڭلىكىنىڭ مەيدە يانچۇقىدا ئۇنتۇلۇپ قالغان پەي دەرھال ئېسىگە كەلدى. ئەمما، ئۇ كېچىككەنىدى. پەي كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىۋاتاتتى.

تۇيۇقسىز كەپتەرخانىغا ئوت كەتتى. ئۇ كەپتەرخانىغا قاراپ يۈگۈردى. كەپتەرخانىنىڭ ئىشىكىنى زەرب بىلەن تېپىپ ئېچىۋەتتى. ئەمما، گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئارىسىدىن ئىچكىرىگە كىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كەپتەرلەر تۈگۈلۈكتىن پالاقلىغانچە قېچىپ چىقىۋاتاتتى. بەزىلىرى قاپقارا ئىسلاشقان، بەزىلىرىنىڭ پەيلىرى كۆيگەنىدى. ئۇلار جان - جەھلى بىلەن ئۇچۇپ، تەرەپ - تەرەپكە، يىراقلارغا كېتىشتى.

كەپتەرخانا كۆيۈپ كەتتى. قوشنا - قولۇملار ھە - ھۇ دېيىشىپ ئوتنى ئۆچۈرۈشمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۆيلىرىمۇ كۆيۈپ تۈگەيتتى. ئۇنىڭ ئامراق كەپتەرلىرى ئۇچۇپ كېتىشتى. كەپتەرخانا ئورنىدا پەقەت كۆيۈپ كەتكەن كەپتەر ئۆلۈكلىرى بىلەن كەپتەر پەيلىرى قالدى.

ئۇ ئەس - ھوشىدىن ئايرىلغاندەك جىملا قاراپ تۇراتتى. بۇ ئىشلار بىر دەھشەتلىك چۈشكە ئوخشايتتى. ئۇ بۇلارنىڭ راستتىنلا بىر چۈش بولۇپ قېلىشىنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ بىردىنلا ھۆڭگەرەك ئېتىپ يىغلاپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئەر بولۇپ يېتىلگەندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىم يىغلىشى ئىدى. ئۇ تا بۇ كەمگىچە بۇنچىلىك ئۇمىدسىزلىنىپ باقمىغانىدى.

— ئاھ، كەپتەرلىرىم، مېنى كەچۈرۈڭلار! سىلەردىن ياخشى خەۋەر ئالالمىدىم، كەپتەرخانىغا ئوت كەتتى. راستتىنلا تۇيۇقسىز بولدى. سەۋەبىنى مەنمۇ بىلەلمىدىم. گاڭگىراپ قالدىم. مېنى ئەپۇ قىلىڭلار! مېنى تاشلاپ كەتمەڭلار! مەن سىلەردىن ئايرىلالمايمەن…

گويا كەپتەرلەر ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدىغاندەك، چۈشىنەلەيدىغاندەك، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ تازا ۋارقىراپ، ئۇنلۇك سۆزلىدى. سۆزلەپ - سۆزلەپ پىغانى سەل بېسىققاندا، ئاندىن بېشىنى تىزىغا قويۇپ جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

تۇيۇقسىز كەپتەرنىڭ قانات قاققان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئېتتىكلا بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدىلا بىر كەپتەر — پەيلىرى ئىسلىشىپ قاردىيىپ كەتكەن بىر ئاق كەپتەر قانات قاققىنىچە تۇراتتى.



# چىغىر يول

قىز ھەر كۈنى مۇشۇ كىچىككىنە چىغىر يول بىلەن مەكتەپكە بېرىپ، يەنە شۇ چىغىر يولنى بويلاپ ئۆيىگە قايتىپ كېلەتتى. بۇ چىغىر يولنىڭ ئىككى قاسنىقىنى بۈككىدە دەرەخلەر ئوراپ تۇراتتى. ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرى دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن قىزنىڭ ئوماق چېھرىگە، كىچىككىنە سېكىلەكلىرىگە چۈشەتتى. قىزنىڭ ئا- يىغىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا ئاق ماناندەك بىر ھازاغىچە لەيلەپ، ئاندىن ئاستا - ئاستا غايىب بولاتتى.

مومىسى ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئىشىك ئالدىدا ئۇنى ئۇزاتقاندا ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈشنى ئۇنتۇمايتتى. مومايىنىڭ لېۋىنىڭ نەم- خۇش ھىدى ئۇنى راھەتلەندۈرەتتى. كەچ كىرىپ مەكتەپتىن يانغان چاغدا مومىسى يا كۆكتات ئاقلاۋاتقان، يا تەمەچ تېرىۋاتقان ھالەتتە ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى.

ئىشىك ئالدىدا بىر تۈپ ياڭاق دەرىخى بار ئىدى. ياز كۈنلىرى مومىسى ئۇنى ھەمىشە ئاشۇ ياڭاقنىڭ سايىسىدە ئۇخلىتىپ قوياتتى. ئۇمۇ كۆپىنچە شۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا ئويناشقا ئامراق ئىدى. مومىسى بەزىدە ئۇنىڭ خۇددى چوڭ ئادەملەردەك ئېڭىكىنى يۆلەپ، كىمنىدۇر كۈتكەندەك يولدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالات- تى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ شۇ ئولتۇرغانچە كەچ كىرگەنلىكىمۇ تۇيماي قالاتتى.

مومىسى ھەر پەيشەنبە كۈنى ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ قەبرە يوقلىغىلى باراتتى. قەبرىستانلىق مەھەللىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى دۆڭلۈكتە

بولۇپ، ئەتراپىنى غۇچچىدە توغراقلار ئوراپ تۇراتتى. مومىسى ئاۋۋال بوۋىسىنىڭ قەبرىسىگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق دۇئا قىلاتتى، ئاندىن نەۋرىسىنى باغرىغا بېسىپ بىر ھازاغىچە كۆز يېشى قىلاتتى. قىزنىڭ ئانىسىنىڭ قەبرىسى باشقا قەبرىلەرگە قارىغاندا پاكار ھەم ئاددىيلا ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم مومىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە قارىغىنىدا ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئانىسى قەبرىدە سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك يۈرىكىدە بىر خىل خاتىرجەملىك تۇيغۇسى پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا ئانىسى مومىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى، ئۇ ئەزەلدىن گويا ئانىسى ئۆزىنىڭ ئانىلىق مېھرىنى مومىسى ئارقىلىق يەتكۈزۈۋاتقاندەك يېتىملىكىنى ھېس قىلىپ باقمىغانىدى.

ئۇ دادىسىنىڭ كىملىكىنىمۇ، نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. بۇنى ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ ئېيتىپ بەرمەيتتى. ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرى، دوستلىرى دادىلىرىنى پەخىرلىنىپ تىلغا ئېلىشقاندا ئۇنىڭ يىغلىغۇسى كېلەتتى. ئۇ سەل ئەقلىگە توشقاندا دادىسىنىڭ ئۆزلىرىنى تاشلاپ يىراققا كېتىپ قالغانلىقىنى بىلىۋالدى. ئۇنىڭ مومىسى شەھەرلىكلەرگە ئۆچ ئىدى. «شەھەرلىكلەرنى ۋىجدانسىز، يۈزسىز خەق» دەپ تىللايتتى. ئۇ شۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى تاشلاپ كەتكەن دادىسىنىڭ شەھەردە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىۋالدى. بۇلارنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلى خېلى ئارام تېپىپ قالدى. ئۇ شەھەرلىكلەرنىڭ مومىسى ئېيتقاندەك ئۇنچىۋالا ئەسكى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى. دادىسىنىڭ ئۆزىنى كۆرگىلى كېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. دادام چوقۇم مېنى يوقلاپ كېلىدۇ، دەپ ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەيتتى.

كۈنلەر، ئايلار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى. قىزنىڭ دادىسى ئۇنى كۆرگىلى كەلمىدى. قىز يەنىلا ئۈمىدسىزلەنمەي، ھەركۈنى نەچچە ۋاخ يولغا قارايتتى. بۇ يولدىن كۆپىنچە مۇشۇ يەرلىك دېھقانلار ئۆتەتتى. بەزىدە تاسادىپىيلا يوچۇن ئادەملەرمۇ ئۆتۈپ قالاتتى. ئەمما، قىز ئۇلارنىڭ دادىسى ئەمەسلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالاتتى.

تى. ئۇ دادىسىنى ھېچكىمگە ئوخشاتمايتتى. دادىسىنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغىنىغا قارىماي، دادامنى كۆرۈپلا تونۇۋالالايمەن دەپ ئۆزىگە ئىشىنەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى، بىر قېتىم ئۇ موممىسىنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ «تۇۋا، بۇنىڭ ئاشۇ يۈزسىز دادىسىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشىغىنىنى قارا» دەپ پىچىرلىغىنىنى ئاڭلاپ قالغانىدى.

قىز تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن، بويلىرى ئۆسۈپ، رەسىدە بولۇشقا باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە موممىسى ئاغرىپ يېتىپ قالدى.

قىز موممىسىنى تېۋىپقا كۆرسەتتى. يېزىلىق دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالاتتى. موممىسىنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئۆيدە بار - يوق ئىككى ساغلىقى بىلەن بىر موزايلىق كالىسىنىمۇ سېتىۋەتتى. ئۆيدە توخۇ، تۈمان، كەپتەر چاغلىقمۇ نەرسە قالمىدى. رامىزان ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى تاڭ سەھەردە موماي كۆز يۇمدى. ئۇ ئۆزى يالغۇز ھازا ئېچىپ يىغلىدى. ئۇنىڭ دەردىگە ھەمدەم بولغۇدەك يېقىن ئۇرۇق - تۇغقىنىمۇ يوق ئىدى. قوشنا - قولۇملار ھە - ھۇ دېيىشىپ مومايىنى يەرلىكتە قويۇشتى. ئۇلار قىزغا ئاز - تولا تەسەللى بېرىشىپ، ئۆي - ئۆيلىرىگە تاراپ كېتىشتى.

قىز ھەر كۈنى قەبرىستانلىققا باراتتى. ئانىسى ۋە موممىسى بىلەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق مۇڭدىشاتتى. ئۇ بارا - بارا مەھەللىدىكى ھېچكىم بىلەن گەپلەشمەيدىغان، ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. مەھەللىدىكىلەر ئۇنى نېرۋىسىدىن ئازغانغا چىقىرىۋېتىپ، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. موممىسىنىڭ قىرىقى توشقان كۈنى ئۇ قەبرىستانلىققا بېرىپ ئانىسى ۋە موممىسى بىلەن خوشلىشىپ، لازىملىق نەرسىلەرنى بىر بوغچىغا چىگىپلا مەھەللىدىن ئۈنتىنسىز ئايرىلدى.

ئۇ چىغىر يولنى بويلاپ مېڭىپ، قەبرىستانلىق ھەم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن پاكار تاملىق ھويلىسىدىن ئاستا - ئاستا يىراقلاپ كەتتى.

ئۇ كەنتتىن چىقىپ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كەينىگە قايرىلغىنىدا ئىشىك ئالدىدىكى ياڭاق دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرىنى تەستە ئىلغا قىلالىدى. يوپۇرماقلار گويا ئۇنى ئۇزىتىۋاتقاندەك سوس تەۋرىنىپ تۇراتتى. چىغىر يول ئاخىر بېرىپ چوڭ ئاسفالت يولغا تۇتىشاتتى. يولنىڭ چېكى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ شۇ ماڭغانچە كەچ كىرگۈچە توختىماي ماڭدى. ئۇ مۇشۇنداق ماڭساملا شەھەرگە يېتىپ بېرىپ دادامنى تاپالايمەن دەپ ئويلايتتى. ئۇ ھارغىنىنى، ئاچقىنىنى، ئۇسسىغىنىنىمۇ سەزمىدى. يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنا ـ تراكتورلارغا، ھارۋىلارغا قاراپمۇ قويماي مېڭىۋەردى. ئۇ مېڭىۋېرىپ يەنە بىر چىغىر يولغا چىقىپ قالدى. كۈن ئولتۇرۇپ، گۈگۈم پەردىسى يېيىلىشقا باشلىغانىدى.

ئۇنىڭ كەينى تەرىپىدىن بىر ئېشەك ھارۋىسى يېتىپ كەلدى. ھارۋا ھەيدەپ كېلىۋاتقان يىگىت ئۇنى كۆرۈپلا ھارۋىسىدىن لىككىدە سەكرەپ چۈشۈپ ھارۋىسىنى توختاتتى.

— قىزچاق، نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى يىگىت ئۇنىڭدىن.

— شەھەرگە، — دەپ جاۋاب بەردى قىز.

— شەھەرگە ماڭسىڭىز يول كەينىڭىزدە قالدى. خاتا مېڭىپ قاپسىز، — دېدى يىگىت.

قىزنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزى بايا مېڭىپ كەلگەن شورتاڭ يول سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇ كەينىگە ياندى.

— توختاپ تۇرۇڭ، — يىگىت ئۇنى توۋلاپ توختاتتى، — كېچىچە يول ماڭاي دەمسىز؟ سىز قىز بالا تۇرسىڭىز...

ئۇ توختىماي مېڭىپ شەھەرگە تېزرەك يېتىپ بارماقچى ئىدى.

— مەيلى، مەن كېچىدىن قورقمايمەن، مېڭىۋېرىمەن.

— بۈگۈن كېچە ئاي چىقمايدۇ. قاراڭغۇدا بەربىر يولدىن ئېزىپ قالىسىز.

ئۇ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. دېمىسىمۇ، ئەتراپقا ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇلۇق يېيىلىشقا باشلىغانىدى.

— بولمىسا، مۇنداق قىلىڭ، بۈگۈن كېچە بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قېلىڭ، ئۆيدە ئانام بار. مەن ئەتە شەھەرگە ئوتۇن ساتقىلى كىرىمەن. شۇ چاغدا مەن بىللە ماڭسىڭىز ئېزىپ قالمايسىز. ئېشىكىم تازا تېز چاپىدۇ. شەھەرگە بىردەمدە كىرىپ بولىمىز.

ئۇ ئادەمزات يوق چۆلدە تۇيۇقسىزلا ئۇچرىشىپ قالغان ناتونۇش بۇ يىگىتكە ئىشىنىش ياكى ئىشەنمەسلىكنى بىلەلمىدى. ئەمما، ئىشەنمەي ئامال يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىگىتنىڭ سۆزلىرىدىن سەمىمىيلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ماقۇل بولۇپ يىگىتنىڭ ھارۋىسىغا چىقتى. ئۇلار ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا بىر مەھەللىگە يېتىپ كېلىشتى.

— ئانام چوقۇم مېنىڭ يولۇمغا قاراپ تۇرىدۇ، — دېدى يىگىت ئېشىكىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ. دېگەندەك، يىگىتنىڭ ئانىسى ئىشىك تۈۋىدە ئوغلىنىڭ يولىغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ «ھارماڭ بالام» دېگىنىچە ئوغلىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ، ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئالدى. قىزنىمۇ ئىللىق چىراي كۈتۈۋېلىپ ئۆيىگە باشلىدى.

كىرىسىن چىراغ ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئاشكۆكىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۆي ئىچىنى بىر ئالغانىدى. ئۇ شۇ چاغدىلا قورسىقىنىڭ ئېچىپ كوركىراپ كەتكىنىنى ھېس قىلدى. بىر چىنە سۇيۇقئاشنى ئىتتىك - ئىتتىك ئىچىشكە باشلىدى.

بۇ ئۆينىڭ ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن، مېھرى بەكلا ئىسسىق، ئۆيدىكى ھەممە نەرسە جاي - جايىغا شۇنچىلىك رەتلىك تىزىلغانىدى. ئۇ بۇ ئۆينى، بولۇپمۇ مېھماندوست ئانا - بالىنى تېزلا ياقتۇرۇپ قالدى. تاماقتىن كېيىن ئانا - بالا ئىككىسىگە بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى چالا قويماي ئېيتىپ بەردى.

— ئەتە ئوغلۇم سىزنى شەھەرگە ئاپىرىپ قويسۇن، — دېدى يىگىتنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا ئورۇن راسلاۋېتىپ.

ئۇ كېچىچە خاتىرجەم ئۇخلىدى. تاڭ ئېتىپ ئورنىدىن تۇرغاندا يىگىت ئاللىبۇرۇن ھارۋىنى قوشۇپ تەييار بولغانىدى. ئۇ يىگىتنىڭ ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ ھارۋىغا چىقتى.

— ئاۋۋال جىگدىلىككە بېرىپ ئوتۇن كەسىلىۋالاي، — ئاندىن شەھەرگە بىردەمدە كىرىپ بولىمىز، — دېدى يىگىت كېتىۋېتىپ، — ئوتۇننى سېتىپ ئۆيىنىڭ ھەپتىلىك چاي - تۇزىنى غەملەپ چىقمىسام بولمايدۇ.

بۇككىدە دەل - دەرەخلەرگە ئورالغان كىچىككىنە بۇ كۆجۈم مەھەللىدە يول بويىدىكى ئېرىقتا شىلدىرلاپ سۇ ئېقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېسىگە بىردىنلا ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرى كەلدى. ئۇ سۇغا چۆمۈلۈشكە بەك ئامراق ئىدى. پەيت تاپسىلا ئاداشلىرى بىلەن سۇغا چۆمۈلگىلى قېچىپ موماينى ئەنسىرىتەتتى. بىر قېتىم مەكتەپتىن قايتقاندا چوڭ ئۆستەڭگە سۇغا چۈشكىلى بېرىپ سۇ ئېقىتىپ كەتكىلى تاس - تاس قالغانىدى.

ئېشەك بىر خىلدا كېتىۋاتاتتى. ئۇلار مەھەللىدىن ئايرىلىپ ئېتىزلىقلار ئارىسىدىكى كاتاڭ يولدا خېلى ئۇزاق مېڭىشتى. ئالاھازەل ئىككى ئاش پىشىمدىن كېيىن ئۇلار يىگىت ئېيتقان جىگدىلىككە يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە جىگدە ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. بۇنچە كۆپ جىگدىلەر قاچانلاردا كىملەر تەرىپىدىن سېلىنغىنىنى يىگىتنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. سۇ يولىمىغاچقا، جىگدىلەر قۇرۇپ، قوۋزاقلىرى چاك- چاك يېرىلىپ كەتكەنىدى. يىگىت ھارۋىدىن چۈشۈپ پالتىسىنى قولىغا ئالدى - دە، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن يوغان بىر تۈپ جىگدىگە كۈچەپ پالتا ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ نېرىراقتا ھارۋىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ يىگىتنىڭ ھەرىكىتىگە سەپ سېلىپ تۇراتتى. يىگىت چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، ئاسما مايكا بىلەنلا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، پات-پات ئالىقىنىنى نەمدەپ جىگدىگە كۈچەپ پالتا ئۇراتتى. يىگىتنىڭ تولغان كۆكرەك، بىلەك مۇسكۇللىرى تەردىن ھۆل بولۇپ مىس رەڭدە پارقىراپ تۇراتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن بىر خىل كۈچتۈڭگۈرلۈك ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى بىردىنلا ئۇ ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغان بىر تۇيغۇ بىلەن دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ۋۇجۇدى لاپىدە ئوت ئالغاندەك بولدى. بۇ ئوت ئۇنىڭ يۈزىگە تېپىپ، بويۇنلى-

-رىغچە قىزىرىپ كەتتى.

ئۇ ئېسىنى يىغقاندا يىگىت جىگدىنى يىقىتىپ بولۇپ ئوتۇن قىلىپ كەسلەشكە باشلىغانىدى. ئۇ ئىتتىك بېرىپ يىگىت كەسلىگەن ئوتۇننى هارۋىغا رەتلىك قىلىپ تىزىشقا باشلىدى. يىگىت مىننەتدار-لىقنى بىلدۈرۈپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇ ئۆزىچىلا شۇنداق خۇش بولۇپ، قەدەملىرى تېخىمۇ ئىتتىكلەپ كەتتى. بىردەمدىلا بىر هارۋا ئوتۇن تەييار بولدى. يىگىت تەرلىرىنى يېڭى بىلەنلا سۈرتۈۋېتىپ، ئارغامچا بىلەن ئوتۇننى مەهكەم تاڭدى، ئاندىن ئىككىيلەن هارۋىنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ شەهەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار شەهەرگە يېتىپ كەلگەندە كۈن پېشىندىن سەل ئۆتكەنى-دى. يىگىتنىڭ شەهەر دېگىنى خېلى تەرەققىي قىلىپ، زامانىۋى بىنالار سېلىنغان ناهىيە بازىرى ئىدى. ئۇ بىر قاراپلا بۇ يەرنىڭ ئۆزى ئىزدىگەن شەهەر ئەمەسلىكىنى بىلدى. شۈبهىسىزكى، بۇ ناهىيە بازىرىدا ئۇنىڭ دادىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلىغۇسى كەلدى. ئەمما، يىگىتتىن خىجىل بولۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋال-دى.

يىگىت ئوتۇننى سېتىپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ مې-ڭىشقا تەمشەلگەندە، ئۇ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلىغان هالدا مەيۈس قاراپ تۇراتتى.

— نىمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى يىگىت.

— بۇ مەن ئىزدىگەن شەهەر ئەمەسكەن، داداممۇ بۇ يەردە يوق، — دېدى ئۇ مەيۈسلىنىپ.

— سىز قايسى شەهەرگە باراتتىڭىز؟ ئۈرۈمچىگىمۇ؟

— هەئە.

— ئۈرۈمچى دېگەن بەك يىراق، سىز بۇ مېڭىشىڭىزدا هەرگىز بارالمايسىز، ماشىنا بىلەن 3 — 4 كۈندە ئاران يېتىپ بارغىلى بولىدىغان جاي ئۇ، — دېدى يىگىت قىزغا چۈشەندۈرۈپ، — بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە قايتىپ كېتەيلى. بىر مەزگىلدىن كېيىن سىزنى بىر

ئامال قىلىپ يولغا سېلىپ قويايلى، بولامدۇ؟

قىز بىر ھازا ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ گاڭگىراپلا قالغاندى. ئۆزى بارماقچى بولغان شەھەرنىڭ ئۇنچىلىك يىراقلىقىنى ھەقىقەتەن ئويلىمىغانىدى. ئۇ پەقەت توختىماي مېڭىۋەرسەملا چوقۇم بارالايمەن دېگەن ئوي بىلەن يولغا چىققانىدى.

يىگىت ھارۋىسىنى ئۆي تەرەپكە چۆرىدى. قىز ھارۋىدا ئۈن - تىنسىز ئولتۇراتتى. گويا تەگسىز خىياللارغا چۆمگەندەك، خىيال قايىنىمىدىن چىقىشنى خالىمىغاندەك يول بويى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. يىگىتنىڭ سورىغان سوئاللىرىنىمۇ جاۋابسىز قالدۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم ئىدى. ئۇنىڭغا ئەزەلدىن يېقىنلا جايدا باردەك تۇيۇلىدىغان دادىسىنىڭ شۇنچە يىراق جايدا بولۇشى ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەگدى. يىگىتتىن خىجىل بولمىغىنىدا ئىدى ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ تازا ھۆركىرەپ يىغلىغان بولاتتى.

قىز يىگىتنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى. يىگىتنىڭ ئانىسى كۆڭلى يۇمشاق، يېقىشلىق، مىسكىن چىراي ئايال ئىدى. ئۇلار تېزلا چىقىشىپ قالدى. نەچچە كۈن ئۆتۈپلا قىز بۇ ئۆينىڭ ئۆز ئادىمىدەكلا ئۆزلىشىپ كەتتى. ئۇ ھەركۈنى ئەتىگەندە يىگىتنىڭ ئانىسى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلا - ئاراملارنى سىپىرىپ - سۈپۈرۈپ بولۇپ بىللە ئېتىزلىققا باراتتى. ئۇلارنىڭ ئون نەچچە مو يېرى بار ئىدى. يەرنىڭ كۆپىنچىسىگە كېۋەز تېرىلاتتى. يەرلەر شورلۇق بولۇپ، كېۋەزلەرنىڭ ئارىسىغا قومۇش ئۆسۈۋالاتتى. ئۇ شۇ قومۇشلارنى يىلتىزىدىن يۇلۇپ ئالاتتى. قومۇشنىڭ ئىنچىكە يوپۇرماقلىرى قولغا سانجىلىپ ئارام بەرمەيتتى. ئەمما، ئۇ ئۇنچىلىك ئاغرىققا پەرۋا قىلمايتتى. يىگىتنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ چاققانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كۈلۈپ قوياتتى. كېۋەزلەرنى ئوتاپ بولغۇچە ئۇلارنىڭ دېيىشمىگەن ھېچ گېپى قالمايتتى. قىز يىگىتنىڭ ئانىسىغا ئۆزىنىڭ مەھەللىسىنى، مومىسى بىلەن ئۆتكۈزگەن باللىق دەۋرىنى، ئۆزىنىڭ دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغانلىقىنى، ئىشىك ئالدىدىكى ياڭاقلارنىڭ

مۇشتۇمدەك يوغان بولىدىغانلىقىنى، قوشنىسىنىڭ خورىزىنىڭ دائىم ئۆزىگە ئېتىلىپ قورقۇتىدىغانلىقىنى، ئېشقىلىپ ھەممىنى قويماي يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى.

يىگىت ھەركۈنى نامازشامغا يېقىن ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئۇلارنى ئېلىپ كەتكىلى كېلەتتى. قىز خالتىلارغا ئوت - چۆپلەرنى قاچىلاپ يىگىت بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ ھارۋىغا باساتتى، ئاندىن ئۇچەيلەن تاغارنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ كۈلكە - پاراڭلار بىلەن ئۆيىگە قايتىشاتتى.

— خويمۇ ئوڭلۇق قىز ئىكەنسىز، — دېدى بىر كۈنى يىگىتنىڭ ئانىسى كېۋەز ئوتاۋېتىپ، — ماقۇل دېسىڭىز سىزنى ئوغلۇمغا ئېلىپ بېرىپ بالا قىلىۋالاتتىم، ئوغلۇممۇ كۆيۈمچان، بەلەن بالا بولدى.

ئۇ ۋىلىلدە قىزىرىپ، تۇرۇپلا قالدى، ئا!!، گېپىنى داۋام قىلدى:

— ئوغلۇمغا قارىسام سىزگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغاندەك قىلىدۇ. بىچارە بالامنىڭ ئاتىسى تۈگەپ كېتىپ دىلى سۇنۇق ئىدى. خۇدا سىزنى پەرىشتىدەكلا بىزنىڭ ئۆيگە ئەۋەتتىمىكىن دەپ قالىمەن. ئوغلۇمنىڭ تويىنى كۆرۈپ كۆزۈم يۇمۇلسا ئارمىنىم يوق ئېدى.

ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ئىككى تامچە ياش لەۋلىرىدە توختاپ قالدى. قىز ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭ يېشىنى سۈرتۈپ، مەڭزىگە مەڭزى-نى يېقىپ پىسىڭىدە كۈلدى، چۈنكى ئۇمۇ ئاللىبۇرۇن يىگىتنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ بۇ ھويلىدا ئاددىيلا توي ئۆتكۈزۈلۈپ، يىگىت - قىزنى نىكاھ ئوقۇپ چېتىپ قويۇشتى.

ئۇ ئەمدى يار - يۆلەكسىز يېتىم قىز ئەمەس ئىدى. ئادەمزاتسىز چۆلدە تاسادىپىيلا ئۇچرىشىپ قالغان بىر ئوتتۇنچى يىگىتنىڭ ئۆزىگە يار - يۆلەك بولۇپ بۇنچىلىك بەخت ئاتا قىلىشىنى ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغان، ئۇ ھەقىقەتەن بەختلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ يوتقان - كۆرپە-دىن بۆلەك تۇزۇك بىساتى بولمىسىمۇ، كىچىككىنە ھۇجرىسىدا،

پاكار تاملىق ھويلىسىدا، باغدا، ئېتىزلىقلاردا كۈن بويى ئۇلارنىڭ خۇشال كۈلكە - چاقچاقلىرى، ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئانا بۇلار بىلەن تەڭ كۈلەتتى. ئۇ بالىلىرىنىڭ بەختىدىن خۇشال ھەم رازى ئىدى.

بەش يىلدىن كېيىن ئۇلار بىر ئوغۇل، بىر قىزغا ئاتا - ئانا بولدى. ئۇلارنىڭ ھويلىسىدىن ئەمدى بالىلىرىنىڭ چۇرقىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولدى. بالىلار دادىسىغا قەۋەتلا ئامراق ئىدى. بولۇپمۇ قىزى دادىسىنىڭ ئېتىزدىن ھېرىپ - چارچاپ كەلگىنىگە قارىماي قۇچىقىغا چىقىۋالاتتى. توپا - چاڭ باسقان يۈزلىرىگە سۆيۈپ ئەركىلەيتتى. ئۇ ھەرقېتىم قىزىنىڭ دادىسىغا شۇ قەدەر ئامراقلىقىنى كۆرگىنىدە ئىختىيارسىز دادىسى ئېسىگە كېلىپ، ئۆزىچىلا مۆڭلە-نىپ قالاتتى. بارا - بارا ئۇنىڭ دادىسىغا بولغان سېغىنىشى قايتىدىن ئۇلغىيىشقا باشلىدى. ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يىراق - يىراقلارغا قارايتتى. ئۇنىڭغا خۇددى دادىسى مۇشۇ يولدىن كېلىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بىر كۈنى ئۇ چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇ قىزىدىن سەللا چوڭ بىر قىزچاق ئىمىش. دادىسىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ ئويناقشىغان ھالدا مەھەللىسىدىكى ھېلىقى چىغىر يولدا كېتىۋاتقانمىش. ماڭسا-ماڭسا چىغىر يولنىڭ ئاخىرى چىقماسمىش...

ئۇ سەھەردە ئويغىنىپلا قېينانىسىغا تۆكۈلۈپ يىغلاپ تۇرۇپ چۈشىنى ئېيتىپ بەردى. ئېرى يىراق يەرگە ھاشارغا كەتكەنىدى. باغرى يۇمشاق قېينانىسى بالىلارغا ئۆزى قارايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى شەھەرگە يولغا سېلىپ قويدى.

ئۈچ كۈنلۈك مۇساپە ئۇنىڭغا ئۈچ يىلدىنمۇ ئۇزاق تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ شەھەرگە تېزرەك يېتىپ بېرىشقا تەقەززا بولغانسېرى يول تېخىمۇ يىراقلارغا سوزۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ھېرىپ-چارچاپ، ئۇسساپ ھالى قالمىغاندا تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان بىر چوڭ شەھەرگە يېتىپ كەلدى.

بۇ شەھەردىكى ھەممە نەرسە ھەم ئادەملەر ئۇنىڭ ئۈچۈن يات

ھەم ناتونۇش ئىدى. ئۇنىڭ ئەس - يادى بۇ يات ئادەملەر تۇپىدىن
دادىسىنى تېزرەك تېپىۋېلىشتىلا ئىدى. ئۇ شەھەرگە قەدەم بېسىپلا
تۇنجى ئۇچراتقان كىشىدىن دادىسىنى سوراشنى كۆڭلىگە پۈك-
تى... نۇيۇقسىز نەدىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن بىر قۇرۇق ئىچىملىك
قۇتىسى ئۇنىڭ بېشىغا تەگدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقناپ، ئاغرىق
مېڭىسىگە چىقتى. ئۇ كونسېرۋا قۇتىسىنى كىمنىڭ ئاتقىنىنى بىلەل-
مىدى. ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ دەسلەپ راست-
تىنلا ئاغرىققا چىدىماي يىغلىدى. ئاغرىق توختىغاندىن كېيىنمۇ يىغ-
لاۋەردى. كۆز يېشى مارجاندەك تۆكۈلەتتى. ئۇ يىغلىغىنىچە مېڭىپ-
مېڭىپ بىر چىغىر يولغا چىقىپ قالدى. بۇ يول ئىككى قاسىنىقى
بۈككىدە سۇۋادان تېرەكلەر بىلەن ئورالغان سەھرا يولى ئىدى. ئۇ
يىراق - يىراقلارغا تىكىلگىنىچە كېتىۋاتاتتى. ئۇ بۇ يوللارنىڭ تولىمۇ
يىراققا سوزۇلغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ چىغىر يول ئۇنىڭغا شۇ قەدەر
تونۇش ئىدى. بۇ يوللار ئۇنى ئۆزىنىڭ قەدىرلىك كىشىلىرىگە باغلاپ
تۇراتتى. ئۇ توختىماي مېڭىپ، ئاخىر ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەل-
دى. قېينانىسى ئىشىك تۈۋىدە ئۇنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇراتتى.
ئېرى تېخى ھاشاردىن قايتمىغان، باللار ئەتىگەنلىك شېرىن ئۇيقۇ-
سىدىن تېخى ئويغانمىغانىدى.

# تەكلىماكاندىكى موماي

## 1

ھارۋىغا قوشۇلغان ئات مېڭىشقا ئالدىراپ ھەدەپ چاپچىيتتى. ھەربىر چاپچىغىنىدا ئېغىزىدىكى يۈگەن تارتىلىپ، ئات ئىختىيارسىز بوشاپ كەينىگە ياناتتى، يەنە چاپچىيتتى.

ھارۋا ئۈستىگە كىگىز سېلىنىپ تاۋار كۆرپە تاشلانغانىدى. ھارۋىغا ئاۋۋال شەرىخان مومايىنى كىچىك كېلىنى يۆلەپ چىقىرىپ قويدى. ئات يەنە بىر قېتىم پۇشقۇرتۇپ چاپچىپ قويدى.

— ئايچىمەن، بول قىزىم، چاقىقان بول، ئات ئالدىراپ كېتىۋاتىدۇ، — موماي نەۋرە قىزىنى چاقىردى. قىز تېخىچە ئانىسىنىڭ باغرىدا ئىدى. ئانىسى ئۇنى قويۇپ بەرمەي يېنىشلاپ يۈزلىرىگە، پېشانىسىگە سۆيەتتى. قىزنىڭ ئانىسى — تېخى قىرىققىمۇ بارمىغان ياش چوكانىنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ شەرىخان مومايىنىڭ جاڭگالسايغا ياتلىق قىلىنىپ شۇ يەردە ئۆيلۈك بولۇپ قالغان كەنجى قىزى بەختىخان ئىدى. جاڭگالساي بۇ يەردىن ئىككى ئاش پىشىم يىراقتىكى قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە كەنت بولۇپ، شەرىخان موماي قىزىنىڭ ئاشۇ جاڭگاللىقتا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغىنىغا نېمىشقىدۇر نارازى ئىدى. قىزىنى جاڭگالسايلىق ئېرىدىن ئاجرىشىپ، مۇشۇ كەنتتىن بىرەرسىنىڭ پېشىنى تۇتسىكەن دەپ ئارزۇ قىلاتتى. كۆڭلىدىكىنى ئېيتقاندا ئۇ قىزىغا چىدىمايتتى. قىزى بىرەر قېتىم ئازنىلاپ كېلەلمەي قالسا ئىچى تىتىلداپ، جاڭگالسايلىق كۈيئوغلىنى بولۇشىغا قارغايتتى. ئايچىمەن بەختىخاننىڭ تۇنجى پەرزەنتى ئىدى. بۇ قىز جاڭگالسايدا تۇغۇلغىنى بىلەن، چىمبۇلاقتا —

شەرىخان مومايىنىڭ يېنىدا چوڭ بولدى. بەختىخان ئىككىنچى بالىسىغا قورساق كۆتۈرگەندىلا شەرىخان موماي بۇ قىز نەۋرىسىنى يېنىغا ئېلىۋالغانىدى. بەختىخان ئارقا - ئارقىدىن بەش قىز تۇغدى. ئۇنىڭغا ئايچىمەننىڭ يوقلۇقى بىلىنمەيلا شۇنچە يىل ئۆتۈپ كەتتى.

بەختىخان تېخىچە قىزدىنى قويۇپ بەرمەي يىغلاۋاتاتتى. بۇ ئانىلارنىڭ قىزنى ياتلىق قىلىپ ئۇزاتقاندا يىغلايدىغان يىغىسىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئايچىمەن ئانىسىنىڭ باغرىدىن ئاجراپ، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن خوشلاشتى، ئاندىن قۇشتەك يەڭگىل ھەرىكەت بىلەن ھارۋىغا چىقىپ مومىسىنىڭ يېنىغا جايلاشتى.

ھارۋا قوزغالدى. ئۇزاتقىلى چىققانلار قىزغا قايتا - قايتا ئامانلىق تىلەپ دۇئا قىلىشتى.

— خۇداغا ئامانەت، خۇداغا تاپشۇردۇم قىزىم!

— خۇداغا ئامانەت ئانا، خۇداغا ئامانەت تۇغقانلار!

ئات چېپىپ مېڭىپ كەتتى. قىز كىنولاردىن ئۆگىنىۋالغىنى بويىچە ئۇزاتقىلى چىققانلارغا خېلى يەرگە بارغۇچە قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇردى.

شەرىخان موماي شۇنچە ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي تېتىك ئىدى. ھارۋا ئۈستىدە پۇتلىرىنى سۇنۇپ تىككىدە ئولتۇراتتى. ئاپئاق رومىلى شامالدا بوش يەلپۈنەتتى. رومال ئۈستىگە قوندۇرۇۋالغان كىچىككىنە قارا دوپپىسى بىر يانغا سەلگىنە قىيسىيىپ تۇراتتى. موماي يېنىدا ئولتۇرغان نەۋرىسىگە تويماي قارايتتى. بۇ سۆيۈنۈش قايسىبىر خىياللارغا باغلىنىپ كېتەتتى. خىياللارغا يەنە غۇۋا ئەسلىمىلەرمۇ ئارىلىشىپ قالاتتى.

ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن كۈننىڭ قىزغۇچ نۇرى يول بويىدىكى بۈككىدە دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن قىيپاش تۆكۈلەتتى. ئات بىر خىلدا يورغىلاپ كېتىۋاتاتتى. ھارۋىكەش يىگىت قامچىسىنى ھەربىر سىلكىگىنىدە چاقماق چاققاندەك قاراسسىدە ئاۋاز چىقىپ، ئاۋاز ھارۋىكەش يىگىتنى قانائەتلەندۈرەتتى. قامچىنىڭ دەستىسى چىنار ياغى-

چىدىن ياسالغان بولۇپ، پارقىراق ھەم مەزمۇت ئىدى. ھەرقانچە سىلكىسىمۇ، ئەگىسىمۇ سۇنۇپ كەتمەيتتى، قامچىنىڭ دەستىسى بىلەن سىپى ئارىسىغا بىر تال قىزىل پۆپۈك قىستۇرۇقلۇق بولۇپ، قىزىل پۆپۈك قامچا بىلەن تەڭ سىلكىنەتتى.

كەنت يولى قۇمساڭغۇ توپىلىق، ئاتنىڭ تۇيىقىدىن توزۇغان توپىلار ئاپئاق مانانلاردەك ھاۋادا لەيلەپ تۇراتتى. جىلغىلىرىنى ئېسىشىپ مەكتەپكە مېڭىشقان بىر توپ باللار توپا - چاڭ ئارىسىدا بەخىرامان كۈلۈپ ئويناقشىپ كېلەتتى. ئۇلار توپىدىن قاچمايتتى. قۇمساڭغۇ توپا ئۇلارنىڭ ئۇستۇۋاشلىرىدىن سىيرىلغىنىچە يەنە ئاستا-ئاستا يەرگە چۈشەتتى. ئايچىمەن باللارغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. ھارۋا باللاردىن تېزلا يىراقلىشىپ كەتتى.

ئايچىمەننىڭ ئۇستىدىكى ئەتىگەن موماسى كىيدۈرۈپ قويغان قىزىل ئەتلەس كۆڭلەك كۆن نۇرىدا ھەسەن - ھۈسەندەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. شامال كۆڭلەكنى سۈس يەلپۈتەتتى. كۆڭلەك ئۇنىڭغا ھەم ئۇزۇن ھەم كەڭ كېلىپ قالغان بولسىمۇ، قىز مومىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئۇنى كىيىۋالدى. موماي ئۇزاق يىل ساندۇقىدا ساقلىغان بۇ ئەتلەستە كۆڭلەك تىكتۈرۈپ، يوللۇق سوپىتىدە ئۆزىنىڭ بۇ ئامراق نەۋرىسىگە كىيدۈرۈپ قويغانىدى. قىزنىڭ كۆڭلەكنى كىيگەندىن كېيىنكى چىرايلىق تۇرقىغا مەستلىكى كېلىپ ئۇنى باغرىغا بېسىپ، يېنىش - يېنىشلاپ سۆيۈپ كەتتى.

— يىراقلارغا كېتىۋاتىسەن قىزىم، چىرايلىق ياسىنىۋال!

موماي قىزنىڭ چېچىنى يېلىم چېچىپ تاراپ قويدى. ئۇ بەختىخاننى ياتلىق قىلىپ ئۇزاتقاندىمۇ شۇنداق قىلغانىدى. ئۇ چاغدا بەختىخاننىڭ چېچىنى قۇلىقى تۈۋىدىن ئىككىلا ئۆرۈپ قويغانىدى. بۇ قىزلارنىڭ قىزلىق ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۈرەتتى. بۇ يەرنىڭ ئادىتىدە تويى بولىدىغان ھەرقانداق قىز تويى بولغان كۈنى ئەتىگەندە ئانىسىنىڭ ئالدىدا ياۋاشلىق بىلەن ئولتۇرۇپ ئانىنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قىزلارنىڭ مۇرىسىدە

ئويناپ تۇرىدىغان 40 تال ئۆرۈكلۈك چاچلىرى قۇلاق تۈۋىدە ئىككى تاللا قىلىپ ئۆرۈلۈپ رومال ئىچىگە يوشۇرۇلىدۇ.

موماي ئايچىمەننىڭ چېچىنى ساناپ تۇرۇپ 40 تال قىلىپ ئۆرۈپ قويدى. «خۇدا بۇيرۇسا چوقۇم بىر كۈنى بۇ چاچنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ قويىمەن». ئۇ ئايچىمەننىڭ چېچىنى تاراپ بولۇپ، ئۆزى يېنىدىن ئايرىمايدىغان يۇمىلاق ئەينىكىنى، چىلان ياغىدىن ياسالغان تارغاق، سۈزگۈچىنى، تېخى يېقىندىلا كولاپ يىغىپ قويغان بىر كاللەك يېلىمىنىمۇ قوشۇپ قىزىغا تۇتقۇزدى.

ئايچىمەن ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا كېتىۋاتاتتى. ئۇ مۇشۇ كەنت تارىخىدىكى ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئالىي مەكتەپكە ماڭغان بىردىنبىر قىز ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا بارىدىغانلىقى بىر دەمدە مەھەللىگە پۇر كەتتى. ھەپتىگىچە ئۆيدە مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. شەرىخان مومايمۇ تېپىرلاپ بىر ئىزىدا تۇرالماي قالدى. موماي ئالىي مەكتەپ دېگەنلەرنى چۈشەنمەيتتى. لېكىن، ئامراق نەۋرىسىنىڭ ئۇچۇرما بولغان قۇش بالىسىدەك يىراقلارغا بارالايدىغانلىقىنى ئويلاپ ھەم خۇشال بولدى، ھەم ئۆزىنىڭ قىيالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ كۆڭلى يېرىم بولدى. كېيىن بىردىنلا ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرۇپ، قىزنى يولغا سېلىشقا ئالدىراپ شەھەرگە ئۆزۈم ئاپىرىپ ئۇزىتىپ قويىمەن، دەپ تۇرۇۋالدى. ھەممەيلەن مومايىنىڭ بۇ نەۋرىسىگە ئامراقلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرماي ئات ھارۋىسىنى جابدۇپ ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويدى.

موماي بەكلا خۇشال ئىدى. ئۇ نەۋرىسىنى خەيرلىك ئىشقا يولغا سېلىۋاتىمەن دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا قىز بارغان يېرىدە چوقۇم بەختكە ئېرىشەتتى. قىزنى دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل، سۆيۈملۈك نەرسىلەر كۈتۈپ تۇراتتى.

ئات تېخىچە كەنت يولىدا توپا توزۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. ئاتنىڭ قاشقىنسىدىكى، تولىغان ساغىرىسىدىكى قوڭغۇراقلار بىر خىلدا جاراڭلاپ تۇراتتى. بۇ قوڭغۇراق ئاۋازىغا شەرىخان موماي نېمىشقىدۇر

بەك ئامراق ئىدى. شەرىخان موماي تۇرۇپلا نەۋرە قىزى ئەمەس، ئۆزى يىراقلارغا كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى...

ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ئەتىگەن نەۋرە قىزىغا بەرگەن ھېلىقى ئەتلەس كۆڭلىكى، بېشىدا چوغدەك قىزىل گۈللۈك گىلەم دوپپىسى، ئاپئاق يىپەك رومىلى بار ئىدى. چىلان تورۇق ئات جىرىڭلاۋاتقان قوڭغۇراق ئاۋازىغا تەڭكەش قىلغاندەك بىر خىل رىتىمدا چېپىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىدىكى قانلار كۆۋەجەپ، ئۆزىنى ھاۋادا لەر-زان ئۇچۇۋاتقاندەك سېزەتتى... ئۇ شۇنداق تۇيغۇلارغا ئامراق ئىدى. خىيال بىلەن چۈش ئارىلىقىدىكى بۇ تۇيغۇلار ئۇنى ھاياجانغا سالاتتى. كۆز چاناقلىرىدا ياشلار لىغىرلاپ قالاتتى.

بۇ شەرىخان مومايىنىڭ ياشلىق چاغلىرىدىكى ئىشلار ئىدى. ئۇنى قىز چاغلىرىدا شەرۋانەم دەپ چاقىرىشاتتى. ئۇ دادىسىنىڭ كۆتمەك بۇرۇتى بىلەن ئۇزۇن تاۋار كەمزۇلىنى غۇۋا ئەسلىيەلەيتتى. دادىسى يۈز بېشى ئىدى. ئۇ تاۋار كەمزۇل ئىچىگە پوتا باغلاپ، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ماڭاتتى. ئۇلارنىڭ قورۇ - جايى كەڭرى بولۇپ، دادىسى يوغان دەرۋازىدىن ئاتتىن چۈشمەيلا كىرىپ كېلەتتى، قورۇ-نىڭ كەينى تەرىپىدە كەڭرى باغ بار ئىدى.

شەرۋانەمنىڭ چوڭ دادىسى، چوڭ ئانىسى ھايات چاغلاردا شەرۋا-نەمنىڭ نەۋرە ئاكا - ئاچىلىرى، ئىنىلىرى — ھەممىسى مۇشۇ بىر قورۇدا تۇراتتى. شەرۋانەم ھەممىدىن بەك نەۋرە ئاكىسى خېلىلغا ئامراق ئىدى. ئۇلار ھەمىشە بىللە ئوينايتتى. بىر مۇدەررىستىن ساۋاق ئالاتتى. ئۇلار بارغانسېرى بىر - بىرىگە تېخىمۇ ئىجىل - ئامراق بولۇپ كەتتى. ئۇلارغا چوڭلارنىڭمۇ مەستلىكى كېلەتتى. كېيىن شەرۋانەمنىڭ چوڭ ئانا، چوڭ دادىسى ئارقا - ئارقىدىن قازا قىلىپ كېتىپ، ھەممە نەرسە ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. شەرۋانەمنىڭ دادىسى بىلەن خېلىلنىڭ دادىسى ئىككىيلەن نىمىنىدۇر تالىشىپ قاتتىق سوقۇشۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ مىراس تالىشىۋاتقانلى-قىنى بالىلار چۈشەنمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن قورۇ ئوتتۇرىدىن ئايرىلىپ

توسۇۋېتىلدى. خېلىلىنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئەمدى باشقا دەرۋازىدىن كى-رىپ چىقىدىغان بولدى. شەرۋانەمنىڭ خېلىل بىلەن ئويىنىشىمۇ چەكلەندى. خېلىل ساۋاق ئالغىلىمۇ بارماس بولدى. كېيىن ئۆيدىكىلەر شەرۋانەمنى شەھەردىكى بىر بەگكە كىچىك خوتۇنلۇققا بېرىۋەتتى.

## 2

شەرىخان مومايىنىڭ كۆزلىرى چىمىلداپ كەتتى. ئۇ كۈن نۇر-دىن كۆزىنى قاچۇرۇپ يانغا قارىۋىدى، يېنىدا بىر خىلدا ئولتۇرغان نەۋرە قىزىنى كۆردى. ئەمدى ئۇ نەۋرە قىزىمنى ياتلىق قىلغىلى ئىلىپ كېتىۋاتىمەن، دەپ ئويلاپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ بولغۇسى كۈيئوغ-لىنىڭ زادى قانداقراق ئادەم ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالمايتتى. پەقەت بىر كۆزى ئەلەس، ساقاللىق بولۇپ قالماسلىقىنىلا ئۈمىد قىلاتتى.

ئۇنىڭ غۇۋالاشقان ئەسلىمىلىرى ئارىسىدا ئەلەس كۆز، بومبا ساقال بىر چىراي خېلىلا ئېنىق ساقلىنىپ قالغانىدى.

شەرۋانەمنىڭ كىچىك چاغلىرى ئىدى. ئۇ بىر كۈنى باغدا ئوينا-ۋاتاتتى. ئانىسى ئۇنى قولىدىن كاپپىدە تۇتۇپ ئۆيگە ئەكىردى.

— ئەتە سېنىڭ تويۇڭ بولىدۇ، — دېدى ئانىسى، — ئەتە جىق مېھمانلار كېلىپ سېنى مەپىگە چىقىرىپ شەھەرگە ئېلىپ كېتىدۇ. ئەمدى چوڭ بولدۇڭ. بالىلىق قىلما، گەپ ئاڭلا.

ئەتىسى ئۆيگە راستتىنلا شەرۋانەم كۆرۈپمۇ باقمىغان جىقلا مېھ-مانلار كەلدى. ئانىسى ئۇنىڭ ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى چۇ-ۋۇپ، قۇلىقى تۈۋىدىن ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ قويدى. بېشىدىكى گۈللۈك بادام دوپپىسىنى ئېلىۋېتىپ، ياقۇت باسقان دۇخاۋا بۆك كىيدۈرۈپ قويدى. بىر توپ ئاياللار ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشتى.

شەرۋانەم گاڭگىرىغىنىچە ئولتۇراتتى. ئۇ ھارۋىغا چىقىپ بىر يەرلەرگە بېرىشقا ئامراق ئىدى. شۇڭا، دائىملا ئانىسىغا ئەگىشىۋالات-

تى. ئەمما، بۇ قېتىم بۇرۇنقىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ ئەتراپىدىكى ئاياللارنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن ئۆزىنىڭ بىر بەگكە كىچىك خوتۇنلۇققا بېرىلگەنلىكىنى بىلىپ قالغانىدى. ئۇ تۇزغا چىلانغان ناننى ئىللا - بىللا يېگىلى ئۇنىمىدى. ئەمما، توي كۆچۈرگۈچىلەر ئۇنى گىلەم ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ياسىداق هارۋىغا سالغىنىدا ئۇنىڭغا هەممە ئىش كۈلكىلىك، قىزىق تۇيۇلۇپ كەتتى. مەپە قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلاتقىنىچە مېڭىپ كەتتى. ئۇ مەپە ئىچىدە تەۋرىنىپ ئولتۇرۇۋېتىپ سىرتقا قارىغۇسى كېلىپ كەتتى. ئەمما، مەپىگە گۈللۈك دۇخاۋا پەردە تارتىلغان بولغاچقا، سىرتنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى يەڭگە ئايال ئولتۇراتتى.

شەرۋانەم بەگنى بىر كۆرۈپلا ئۆچ بولۇپ قالدى. ئۇ سامان تىققان تاغاردەكلا سېمىز، بومبا ساقال ئادەم ئىدى. هەممىدىن يامىنى، بىر كۆزى ئەلەس ئىدى.

شەهەردىكى بۇ بەگنىڭ قورۇسى شەرۋانەمنىڭ يېزىدىكى هويلىسىدىن نەچچە هەسسە هەشەمەتلىك ئىدى. دەرۋازىدىن كىرىشكە ئۇدۇل تەرەپتە نەقىشلىك ئايۋان كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئايۋاننىڭ نەقىشلىرى كۈن نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى. تۈۋرۈكلىرىگە ئالتۇن رەڭ هەل بېرىلگەن، ئۆيلەر ئالاهىدە كاتتا جابدۇلغانىدى.

بەگنىڭ شەرۋانەمدىن باشقا تۆت خوتۇنى بار ئىدى. بۇ خوتۇنلارنىڭ بىرى كۈنچىقىش، بىرى كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. يەنە ئىككى خوتۇنى بەگنىڭ باشقا جايدىكى قورۇ - جايىدا ئولتۇراتتى.

شەرۋانەم بۇ قورۇدا بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ قالدى. بەگنىڭ چوڭ خوتۇنى خانئايىم كۈلگىنىنى كۆرگىلى بولمايدىغان سۈرلۈك، ئەمما كۆڭلى ياخشى ئايال ئىدى. ئۇ شەرۋانەمنى بۇ قوروغا، ئېرىگە ئاستا - ئاستا كۆندۈرۈش ئۈچۈن خېلى تىرىشتى… بۇ ئايال مېهماندارچىلىقلارغا كۆپ باراتتى. مېهماندارچىلىققا بارغانلىرىدا شەرۋانەمنى بىللە ئېلىپ باراتتى. يېنىدا بىللە ئولتۇرغۇزاتتى. ئۇ ئايال ياسىنىش-

قا قەۋەتلا ئۇستا ئىدى. كۆزىگە قېنىق سۇرمە تارتىپ، مەڭزىگە،
لەۋلىرىگە ئەڭلىك سۇرۇۋالاتتى. قۇلىقىدىكى بەش مىسقالچە كېلىدى-
غان ئالتۇن زىرىسى ۋال - ۋال قىلىپ تۇراتتى. بوينىدىكى قاتار-
قاتار مەرۋايىتلار ئۇنىڭ تەبىئىي ھۆسنىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشاتتى.
خانئايىم تۇغماس ئىدى. شۇڭا، ئۆز رازىلىقى بىلەن ئېرىگە كىچىك
خوتۇن ئېلىپ بەردى. ئېرى ئۇنىڭغا بىر بالىلىق بولسىلا باشقا
خوتۇن ئالمايمەن دەپ ۋەدە بەرگەنىدى.

شەرۋانەمنىڭ چىرايىدىن، قىلىقىدىن بالىلىق چىقىپ تۇراتتى.

خانئايىمنىڭ ئۇنى ئەيۋەشكە كەلتۈرمىكى بەكلا تەسكە توختاۋاتات-
تى. شەرۋانەم تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۆيگە كېتىمەن دەپ جېدەل قىلاتتى.
تاماق يېگىلى ئۇنىماي باتناپ تۇرۇۋالاتتى. بەگنى كۆرسە بۇزىگە
قارىغىلىمۇ ئۇنىمايتتى.

خانئايىم بەكلا سەۋرچان ئىدى. ئۇ شەرۋانەمنىڭ گەپ - سۆزلى-
رىگە گەپ - سۆزسىز سۇكۇت قىلاتتى. بەگدىن ئالدىراپ كەتمەسلى-
كىنى ئۆتۈنەتتى. بەگمۇ خوتۇنىنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى. سىزغان
سىزىقىدىن چىقمايتتى. خانئايىممۇ بۇنىڭغا خۇش ئىدى.

خانئايىم شەرۋانەمگە ئاۋۋال مېھماندارچىلىقتىكى قائىدە - يو-
سۇنلارنى ئۆگەتتى، ئاندىن ئاستا - ئاستا يىڭنە ئىشلىرىغا كۆندۈردى.
شەرۋانەم ئەقىللىق ئىدى. ئۇ كەشتە تىكىش، دوپپا تىكىش ئىشلىرى-
نى تېز لا ئۆگىنىۋالدى. ئۇ ئەمدى ئەتىگەندىن - كەچكىچە باش كۆتۈر-
مەي كەشتە تىكىدىغان، ئۆيگە كېتىمەن دەپ جېدەلمۇ قىلمايدىغان
بولدى. بارا - بارا بالىلىق قىلىقلىرىدىنمۇ قالدى. خانئايىم شەرۋا-
نەمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا پاراڭ قىلىپ بېرەتتى. ئۇ ئاۋۋال
گەپنى قىز - يىگىتلەرنىڭ ئىشق - مۇھەببەت پاراڭلىرىدىن باشلاپ،
ئاستا - ئاستا پاراڭنىڭ تېمىسىنى ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشىغا يۆتكەپ
ئۇنى قىزىقتۇرماقچى بولاتتى. ئەمما، شەرۋانەم تېخى ئەر - خوتۇنلۇق
تۇرمۇشىنى چۈشەنمەيتتى. بىر كۈنى خانئايىم توي كېچىسىدىكى
ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلىۋىدى، شەرۋانەم تامدەك تاتىرىپ كەتتى.

قولىدىكى كەشتە ئېتىكىگە چۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەرۋانەم بەكلا جىمىپ كەتتى. ئۇ ئەتىگەندىن - كەچكىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ باش كۆتۈرمەي يىڭنە ئىشىنى قىلاتتى.

خانئايىم شەرۋانەمنى نۇرغۇن ئىشلارغا ئاستا- ئاستا كۆندۈردى. شەرۋانەم بارا - بارا ئېغىر - بېسىق، رايىش بولۇپ كەتتى. ئەمما، خانئايىم بەگنىڭ گېپىنى چىقارسىلا يۈزىنى دەرھال يانغا بۇرىۋالاتتى.

بىر كۈنى خانئايىم شەرۋانەمنى قېتىق ئىچۈرۈپ بالدۇرلا ياتقۇزۇپ قويدى. شەرۋانەم خانئايىمنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ يېتىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.

بۇ كېچە ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. قورۇ ئىچى قاراڭغۇ ھەم سۈرلۈك ئىدى. بەگ شامداننى كۆتۈرۈپ شەرۋانەم ياتقان ئۆيگە كىردى.

شام يورۇقىدا شەرۋانەمنىڭ يۈزى سۈتتە يۇغۇرغاندەك ئاپئاق، سۈزۈك كۆرۈنەتتى. قوشۇما قاشلىرى چېكىلىرىگىچە سوزۇلغانىدى. ئۇ قوللىرىنى ئىككى يانغا تاشلاپ شۇنچىلىك خاتىرجەم، بەخىرامان ئۇخلاۋاتاتتى.

بەگنىڭ قىيسىق كۆزلىرى تېخىمۇ يۇمۇلۇپ كەتتى. ئۇ پۇشۇلدىغىنىچە شەرۋانەمگە قول ئۇزاتتى. شەرۋانەم چۈش كۆرۈۋاتاتتى. چۈشىدە قاپقارا بىر ئىت چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ئۇنى قوغلايتتى. ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي ھاسىرىغىنىچە قاچاتتى. ئىت ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ ئۇنى چىشلىۋالدى... شەرۋانەم چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ بەگنىڭ قىيسىق كۆزلىرىنى كۆرۈپلا ۋارقىراپ تاشلىدى. بەگ ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىنى قاماللاپ تۇتۇۋالغانىدى. شەرۋانەم قوللىرىنى ئاجرىتىش ئۈچۈن تېپىرلاپ يۇلقۇناتتى. بىردىنلا بەگنىڭ نەپسى ئىتتىكلەپ كەتتى. ئۇ شەرۋانەمنىڭ تاۋار ئىچ كۆڭلىكىنى جارتتىدە يىرتىۋەتتى[1]، ئاندىن قىزىل تاۋار تامبىلىغا قول ئۇزاتتى. شەرۋانەمنىڭ قورقۇنچلىرى بىردىنلا كۈچكە ئايلاندى. ئۇ تېپىچەكلىگىنىچە بەگنىڭ بۇرنىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى تېپىۋەتتى. شەرۋانەم قانداقلا بولمىسۇن سەھرادا يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈپ چوڭ بولغان سەھرا قىزى ئىدى. ئۇنىڭ

ئاشۇ تېپىكى بىلەن بەگنىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. قان شەرۋانەمنىڭ ئىچ كۆڭلىكىنى، يوتقان - كۆرپىلەرنى بۇلغىۋەتتى. بەگ بۇرنىدىكى قاننى توختىتالماي، ئىشىكنى جالاقشىتىپ ياپقىنىچە چىقىپ كەتتى.

بەگ شەرۋانەمنى ئەتىسىلا تالاق قىلىۋەتتى. شەرۋانەم شۇ كۈنىلا كىچىككىنە بوغچىسىنى ئېلىپ سەھرادىكى ئۆيىگە يېنىپ كەلدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەرۋانەمنىڭ سىرتلارغا چىقىشى قاتتىق چەكلەندى. بۇ، ئەردىن چىققان چوكانلار ئۇچرايدىغان ئورتاق قىسمەت ئىدى. ھەممەيلەننىڭ نەزىرىدە ئۇ بىر ئەردىن چىققان چوكان ئىدى. ئۇنى ئەمدى ھېچكىم ئەركىلەتمەيتتى. ئۇمۇ بۇرۇنقىدەك ئەركىلىك، شوخلۇق قىلالمايتتى. ئۇ بەكلا كەم سۆز بولۇپ كەتتى. كۈن بويى ھېچكىمگە بىرەر ئېغىز ئارتۇق گەپ قىلمايتتى. بەزىدە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ مۆللىنىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

شەرۋانەمنىڭ ئانىسى تازا شەرەنداز خوتۇن ئىدى. ئەمما، قىزىنى ئازراقمۇ چۈشەنمەيتتى. ئۇ قىزىنى شەھەردىكى ياخشى تۇرمۇشنىڭ قەدرىگە يەتمىدى، دەپ ئويلاپ ئاچچىقلىناتتى.

شەرۋانەملەرنىڭ ھويلىسىدا يوغان بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى بار ئىدى. بىر كۈنى شەرۋانەم ھويلىدا يالغۇز مۆللىنىپ ئولتۇراتتى. بۇ ئۈجمە پىششىقى مەزگىلى ئىدى. ئۈجمىنىڭ شاخلىرى خېلىللارنىڭ ئۆگزىسىگىچە يېيىلغانىدى. شەرۋانەم تۇيۇقسىزلا بېشىنى كۆتۈرۈپ نېرىقى، ئۆگزىدىكى خېلىلنى كۆرۈپ قالدى. خېلىل ئۆگزىگە ئۈجمە يېگىلى چىققانىدى. ھەر ئىككىيلەن بىر - بىرىگە جىممىدە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى.

— ئۈجمە قېقىپ بېرەيمۇ؟ — دېدى خېلىل.

— ماقۇل، — دېدى شەرۋانەم.

خېلىل شەرۋانەمنىڭ ھويلىسى تەرەپتىكى بىر تال شاخنى كۈچەپ ئىرغىتتى. ئۈجمە تورۇلداپ تۆكۈلدى. شەرۋانەم ئۈجمىنى قاچىغا ئاۋايلاپ تەردى.

— چۇشۇق، بىللە يەيلى، — دېدى شەرۋانەم.
خېلىل شەرۋانەمنىڭ ئۆيىگە ئېسەنگىرەپ قاراپ قويدى.
— ئۆيدىكىلەر مېھماندارچىلىققا كەتكەن، — شەرۋانەم ئۇنى خاتىرجەم قىلدى.
خېلىل دىككىدە سەكرەپ ھويلىغا چۈشتى. ئىككىيلەن ئولتۇرۇپ ئۈجمە يېيىشتى، ئاندىن باغقا كىرىشتى. ئۇلار باغدا يانمۇيان ئولتۇرۇشتى. شەرۋانەم يانغا قارىغىنىچە ئولتۇراتتى. خېلىلمۇ ئۇنىڭغا قاراپ - قاراپ قويۇپ، نېمە دېيىشنى بىلمەي جىمجىت ئولتۇراتتى.
— مەن شەھەردىكى بەگنىڭ ئۆيىدىن يېنىپ چىقتىم، — دېدى شەرۋانەم.
خېلىل ئۈنچىقمىدى.
— مەن بەگكە قولۇمنىڭ ئۈچىنىمۇ تۇتقۇزمىدىم، — شەرۋانەم بۇلارنى دەۋېتىپ ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى.
خېلىل ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەندەك يالتىيىپ قارىدى، ئاندىن:
— ئۆيدىكىلەر مېنى ئۆيلەيمىز دەۋاتىدۇ، — دېدى پەس ئاۋازدا.
— كىمنى ئېلىپ بېرىدىكەن؟
— نېرىقى مەھەللىدىكى ياسىن باپكارنىڭ قىزىنى.
شەرۋانەمنىڭ كۆز ئالدىغا قارىمۇتۇق، ئاۋاققىنە بىر قىز كەلدى. ئارىنى يەنە جىمجىتلىق باستى. باغ ئىچى سۈكۈتكە چۆمگەندەك جىمجىت بولۇپ كەتتى. شەرۋانەمنىڭ پۇتىنىڭ يېنىغا بىر تال كىچىككىنە قۇرت ئۆمىلەپ كەلدى. قۇرت يېشىل ئىدى. ئۇ بېشىنى سەلگىنە كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. شەرۋانەم بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ قۇرتنىڭ ئۈستىگە ئاستا - ئاستا چاچتى. قۇرت توقىچاق بولۇپ تۈگۈلۈپ تۇرۇۋالدى. ئاخىر قۇرت كۆمۈلۈپ قالدى. شەرۋانەمنىڭ تۇرۇپلا قۇرتقا ئىچى ئاغرىپ، ھاپىلا - شاپىلا توپىنى كولاپ قۇرتنى توپا سىرتىغا چىقىرىپ قويدى. قۇرت تېخىچە توقىچاق ھالەتتە تۈگۈلۈپ تۇراتتى.

خېلىل شەرۋانەمنىڭ ھەرىكىتىگە قارىغىنىچە جىمجىت ئولتۇراتـ
تى. بىر چاغدا ئۇ:
— مېنىڭ ئاينىسانى ئالغۇم يوق، — دېدى قەتئىي ئاۋازدا.
شەرۋانەم ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.
شۇ كېچە ھەر ئىككىلەن ئۇچۇن ئۇيقۇسىز كېچە بولدى. ئۇلار
ئەتىسى كەچتە يەنە باغدا ئۇچراشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ پۇرسەت
تاپسىلا ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولدى.
— مەن سىزنى يىراق جايغا ئېلىپ قاچاي دەيمەن، — دېدى
خېلىل بىر كۈنى. ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا چوڭلارنىڭ قوشۇلمايدىـ
غانلىقى ھەر ئىككىلىسىگە ئايان ئىدى. شۇڭا، خېلىل بۇ چارىنى
ئويلاپ تاپقانىدى. شەرۋانەم دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمىدى.
— بىر - ئىككى يىلنى ئۆتكۈزۈپ قايتىپ كېلەرمىز. ئاڭغىچە
چوڭلارمۇ يارىشىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى خېلىلمۇ يەنە.
شەرۋانەمنىڭ بىردىنلا يىراق جايلارغا بېرىپ كۆرۈپ باققۇسى
كەلدى. شۇڭا، ئارتۇقچە ئويلىنىپ تۇرمايلا ماقۇل بولدى.
— ئەمىسە مەن ئاتىنىڭ ئامالىنى قىلاي، — دېدى خېلىل خۇش
بولۇپ.
— قانداق ئامال قىلىسىز؟
— بۇلتۇر بەيگىدە ئۇتۇپ چىققان چىلان تورۇق ئېتىمنى ئونبېـ
گى يوقىلاڭلا قەرزگە ھېسابلاپ ئېلىۋالدى. شۇ ئېتىمنى ئوغرىلاپ
چىقىمەن، ئاندىن سىزنى شۇ ئاتقا مىندۇرۇپلا ئېلىپ قاچىمەن.
ئۇلار شۇنداق پۈتۈشتى. ئازنا كۈنى كېچىدە يولغا چىقىشقا
مەسلىھەتلەشتى. شەرۋانەم كىيىم - كېچەكلىرىنى بىر بوغچا قىلىپ
تەييار بولدى. قېرىشقاندەك، ئازنا كۈنى كەچكە يېقىن سىمىلداپ
يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. شەرۋانەم ئانىسىنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتۈپ
كۆزى تۆت بولدى. ئانىسىنىڭ ئازراق شەپە بولسىلا ئۇخلىيالمايدىـ
غانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. يامغۇر بارغانسېرى شارقىراپ يېغىشقا باشلىـ
دى. شەرۋانەم جىلە بولغىنىدىن يىغلاپ تاشلىغىلى تاس قالدى.

ئانىسى تاڭ ئاتارغا يېقىن ئاران ئۇخلىدى. شەرۋانەم بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ ئاستاغىنە ئۆيدىن چىقتى. ئەتراپ قاراڭغۇ، يول پاتقاق، تېيىلغاق ئىدى. قېرىشقاندەك، يامغۇر تېخىمۇ ئەدەپ، چېلەكلەپ قۇيغاندەك يېغىۋاتاتتى. شەرۋانەمنىڭ كىيىملىرى بىردەمدە چۆپ - چۆپ ھۆل بولۇپ كەتتى. يامغۇر ئۇنىڭ چاچلىرىدىن، پېشانىسىدىن ساقىپ كۆزلىرىگە قۇيۇلاتتى.

ئۇلار مەھەللىنىڭ چىقىش ئېغىزىدىكى دوقمۇشتا ئۇچراشماقچى بولۇشقانىدى. شەرۋانەم ئۇچرىشىدىغان جايغا يېتىپ كېلىپ تۆت ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قاراپ كەتتى. ئەتراپتا ئىنس - جىن كۆرۈنمەيتتى. يامغۇر ئۇنىڭ بەدىنىگە، يۈزلىرىگە تاراسلاپ چۈشەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ توڭلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ چىشلىرى كاسىلداشقا باشلىدى. ئۇ شۇ ھالەتتە خېلى ئۇزاق تۇردى. تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغاندىلا يامغۇر توختىدى. شەرۋانەم تاقەتسىزلىك بىلەن ئەتراپقا قارىدى. غۇۋا يورۇغان يەر يۈزىدە خېلىلنىڭ ئاياغ ئىزلىرىنى كۆردى. ئاياغ ئىزىنىڭ يېنىدا ئاتنىڭ ئۇششاق ئىزلىرىمۇ بار ئىدى.

شۇ كۈندىن بۇيان خېلىل مەھەللىدىن غايىب بولدى. ئۇنىڭ ئونبېشىنىڭ ئېغىلىدىن ئاتنى ئوغرىلاپ ئېلىپ قاچقانلىقىنى مەھەللىدىكى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتتى. ئونبېشى نە - نەلەرگىچە ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدەپمۇ ئۇنى تاپالمىدى.

بۇ كۈنلەردە شەرۋانەم ئۆيدە ئاغرىپ ياتاتتى. ئۇ يامغۇردا قاتتىق تۇمۇداپ قالغانىدى. ئۇ ئۆيدە يېتىپ ھەممە ئىشلارنى ئاڭلاپ تۇردى. خېلىل توغرىسىدىكى سۆز - چۆچەكلەرنى ئانىسى ئۇنىڭغا ئۇجۇر - بۇجۇرغىچە يەتكۈزۈپ تۇراتتى. شەرۋانەم توپتوغرا بىر ئايدا ئەسلىگە كەلدى. ئەمما، چىرايى زەپىراندەك سېرىق ئىدى. ئۇ ھويلىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ ئاشۇ ئۇجمىدىن كۆز ئۈزمەيتتى. خېلىل ئاكىسى پاللىدە پەيدا بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇجمىنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. خېلىلنىڭ بىر - ئىككى قېتىم يېرىم كېچىدە مەھەللىگە ئاتلىق كىرىپ ئۆيى ئەتراپىنى چۆرگىلەپ يۈرگەن-

لىكنى ئاڭلىغاندىن بېرى شەرۋانەم كېچىسىمۇ تۈزۈك ئۇخلىماي، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ياتىدىغان بولدى.
ئۇجمە يوپۇرمىقى پۇتۇنلەي تۆكۈلۈپ تۈگىدى. قىش ئۆتۈپ، يەنە ياز كەلدى. ئۇجمە پىشتى. شەرۋانەم كۈن بويى ئاشۇ ئۇجمىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى. خىيالىدا خېلىل ئاكىسى چىلان تورۇق ئېتىغا مىنىپ كېلىپ، «سىزنى يىراقلارغا ئېلىپ كېتىمەن» دەيتتى... ئۇ بەكلا قامەتلىك ئىدى.

3

ئات يورغىلىغىنىچە كېتىۋاتاتتى. ئاتنىڭ تولغان ساغرىسى كۈن نۇرىدا ۋاللىداپ پارقىراپ تۇراتتى. ئاتنىڭ ساغرا قىسمىغىمۇ قوڭغۇراق ۋە قىزىل پۆپۈكلەر قاتار تىزىلغانىدى. قوڭغۇراق ئاتنىڭ قەدىمى بىلەن تەڭ سىلكىنىپ جىرىڭلايتتى.
مومايىنىڭ نەۋرىسى بىلەن مۇڭداشقۇسى كەلدى.
— قىزىم، بارىدىغان يېرىڭ بەك يىراقمۇ؟ — موماي بۇ سوئالنى نەچچە قېتىملاپ سورىغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.
— ھەئە، بەك يىراق. مۇشۇ يەردىن تۆت كۈندە ئاران بېرىپ بولغىلى بولىدۇ.
— راست بەك يىراقكەن، ياخشى، ئېسىل ئات بولغان بولسا، — موماي ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك پىچىرلاپ قويدى.
— موما، ھازىر يولنى ئات بىلەن ئەمەس، ماشىنا، پويىز، ئايروپىلان بىلەن ماڭىدىغان گەپ. ئەنە ئاۋۇ ماشىنىغا ئوخشاش، — قىز مومىسىغا يېنىدىلا غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتكەن ماشىنىنى كۆرسىتىپ قويدى.
ئات ماشىنىدىن چۆچۈپ ھارۋىنى يولنىڭ چېتىگە سۆرىدى. ھارۋىنىڭ قاتتىق سىلكىنىشى بىلەن ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىمۇ، مومايىنىڭ خىياللىرىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى.

موماي كۆزىنى چىمچىقلاتقىنىچە يىراقلارغا قارىدى. ئۇلار ئەمدى كەنت تەۋەسىدىن چىقىپ، قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتىدىغان يولدا كېتىۋاتاتتى. موماينىڭ نەۋرە قىزىغا نېمىنىدۇر دېگۈسى، يەنە نېمىلەرنىدۇر ئەسلىگۈسى بار ئىدى.

— موما! قاراڭ، ئاۋۇ قۇش ياۋا توشقاننى تۇتۇۋالدى.

قىز مومايغا يىراقنى كۆرسەتتى. موماي ئاقۇچ بوشلۇقتىن ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئەمما، ياۋا توشقاننى قاماللاپ تۇتۇۋالغان قۇشنى دەرھاللا كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق مەنزىرىنى تالاي قېتىملاپ كۆرگەنىدى.

— بىچارە توشقان، — دېدى قىز.

— توشقان ئاجىز، پەمسىز بولغاچقا ئاسان تۇتۇلۇپ قالىدۇ، — دېدى موماي، — رەھمەتلىك بوۋاڭمۇ توشقان ئوۋلاشقا ئۇستا ئىدى.

— بوۋاممۇ ئوۋ ئوۋلاشقا ئۇستىمىدى؟

— ھەئە، بوۋاڭ ھەر قېتىمدا ئوۋغا بارغىنىدا جىق نەرسىلەرنى ئوۋلاپ كېلەتتى. ياۋا توشقان، كېيىك، قىرغاۋۇل…

موماينىڭ كۆز ئالدىغا بىردىنلا قەدىناس ئېرىنىڭ ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان تۇرقى كەلدى.

توختاخۇن شەرۋانەمنىڭ ئۆيىدە مال باقاتتى. كۆپىنچە سىرتلاردا يۈرگەچكىمىكىن، شەرۋانەم ئۇنى ئاندا - ساندا كۆرۈپ قالاتتى. توختاخۇن بەكلا كەم سۆز، تارتىنچاق يىگىت ئىدى. شەرۋانەمگە باش كۆتۈرۈپمۇ قارىمايتتى. ئۇنىڭغا ئاشپەز ئايالنىڭ سىڭلىسىنى دېيىشىپ قويغىنىنى شەرۋانەم ئاز - تولا بىلەتتى. ئۇلارنىڭ بېشىنى كۈزدە چېتىپ قويماقچى بولۇشقانىدى. ئويلىمىغان يەردىن كۈز كەلگۈچە ھېلىقى قىزغا چېچەك چىقىپ تۈگەپ كەتتى. توختاخۇن تېخىمۇ جىمغۇر، كەم سۆز بولۇپ كەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە توختاخۇن شەرۋانەمنىڭ بىردىنبىر يۆلەنچۈكى بولۇپ قالدى.

يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ھەممە جايىنى يەر ئىسلاھاتى دولقۇنى

قاپلاپ كەتتى. شەرۋانەملەرنىڭ كەڭرى قورۇسى، دادىسىنىڭ خىللان-
غان نەسىللىك ئات، قوي - كالىلىرىغىچە كوللېكتىپنىڭ ئىلكىگە
ئۆتۈپ كەتتى. شەرۋانەم گاڭگىراپمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. شەرۋانەمنىڭ
دادىسىنى ئادەملەر باغلاپ، سۆرەشتۈرۈپ، ئۇرۇپ دېگەندەك ئۇ دۇن-
ياغا ئۇزىتىپ قويۇشتى. شەرۋانەمنىڭ ئانىسىمۇ خورلۇق، تىل -
ھاقارەتكە چىدىماي بىر كۈنى كېچىدىلا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى.

شەرۋانەمگە پەقەت كالا قوتىنىنىڭ يېنىدىكى بىر ئېغىز ئۆيلا
بېرىلدى. ئۇ ئۆيدە ئىلگىرى توختاخۇن يېپىنىپ ياتقان يوتقان -
كۆرپىلەر بار ئىدى. شەرۋانەم بۇلاردىن خورلۇق ھېس قىلىپ ئىچ-
ئىچىدىن يىغلاپ كەتتى. خەقلەر شەرۋانەمنى «بىزنى ئەزگەن پومېش-
چىكلارنىڭ پۇشتى» دەپ دۆشكەلەپ، پات - پات ئوتتۇرىغا تارتىپ
چىقىرىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى ئۇنىڭ يۈزىگە
سېلىپ ئارام بەرمەيتتى.

شەرۋانەم تۈگىشىپلا كەتتى. ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن پايپېتەك
بولۇپ يۈرگەنلەر ئەمدى ئۇنىڭغا قارىماس بولغانىدى. خېلىل ئاكىسى-
مۇ شۇ كەتكەنچە يېزىغا ئاياغ باسمىدى. پۈتۈن مەھەللە ئىچىدە پەقەت
توختاخۇنلا ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنى پەس ئاۋازدا «خې-
نىم» دەپ چاقىراتتى. ئۆي - ماكانسىز بۇ يىگىتكە شەرۋانەمنىڭ
قورۇسىدىن ئىككى ئېغىز ئۆي تەقسىملەپ بېرىلگەنىدى. تەقدىر
ئۇلارنى ئەنە شۇنداق قوشۇپ قويدى. بىر ئاخشىمى ئاددىيلا نىكاھ
ئوقۇتۇپ ئۇلار ئەر - خوتۇن بولدى. شەرۋانەم ئېغىلنىڭ يېنىدىكى
ئۆيدىنمۇ قۇتۇلدى. خەقلەرمۇ ئۇنى «پومېشچىكنىڭ قىزى» دەپ
تىللىمايدىغان بولدى.

ئۇلار تولىمۇ جاپالىق كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشتى. شەرۋا-
نەم بالىلىق بولۇپ، تىنىمسىز، ئىشچان چوكان بولۇپ كەتتى.
توختاخۇن ئۇنى يەنىلا خېنىم دەپ چاقىراتتى. كۆڭلىگە ئازار بەرمەيت-
تى. ھەرقاچان ئەتىۋارىنى قىلاتتى. توختاخۇن كەنتنىڭ قوي -
كالىلىرىنى باقاتتى. ھەر كۈنى تاڭ يورۇماستا ئېتىغا مىنىپ بىر

چىقىپ كەتسە كەچتە ئاران قايتىپ كېلەتتى. ئات ئىشىك ئالدىغا كېلە - كەلمەي كىشنەپ ئۆزلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلاتتى. شەرۋانەم ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئېرىنى كۈتۈۋالاتتى. ئۇ ئېرىنىڭ ئات ئۈستىدىكى تۇرقىغا ئامراق ئىدى. ئېرى ھەرقاچان ئات ئۈستىدە تىك، مەزمۇت ئولتۇراتتى...

ئات بىر خىلدا يورغىلاپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار ئەمدى بۈك - باراقسان دەل - دەرەخلەر بىلەن ئورالغان كۆجۈم مەھەللىنى كېسىپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ شەھەرگە يېتىپ كىردىشگە يەنە ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت بار ئىدى.

موماي ئايچېمەننىڭ قولىنى چىڭگىدە تۇتۇپ، قىزىغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئايچېمەن مومىسىنىڭ سىيرىلىپ چۈشكەن رومىلىنى تۈزەپ قويدى. يىراقتىكى گۈزەل بىر شەھەرگە كېتىۋاتقانلىقىدىن خۇش بولسىمۇ، يەنە ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن زېمىندىن، مېھرىبان مومىسىدىن ئايرىلىشقا قىيمايتتى. ئۇ شۇ چاغقىچە يۇرتتىن، مېھرىبان مومىسىنىڭ باغرىدىن ئايرىلىپ باقمىغانىدى. قىزغا مومىسىنىڭ ئاۋازى، تىنىقى ھەم مومىسىنىڭ ھاياتىدىكى غۇۋا ئەسلىمىلىرى شۇ قەدەر تونۇش ھەم يېقىن ئىدى. ئۇ مومىسىنىڭ خېلىل ئاكىسىنى قىينالمايلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيتتى. مومىسىنىڭ مۇھەببەتلىك يۈرىكى ئۇنى ھاياجانغا سالاتتى. توختى بوۋىسىنىڭ ئات ئۈستىدە تىك ئولتۇرغان ھالىتىنى سۆيۈنۈش ئىچىدە سېغىناتتى.

كۈن ئاللىبۇرۇن غەربكە قىيسىيىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ھارارىتى يەنىلا خېلى كۈچلۈك ئىدى. ئات بىر خىلدا يورغىلاپ كېتىۋاتاتتى. شەرىخان موماي نەۋرە قىزىنىڭ قولىنى چىڭگىدە تۇتۇپ قىزغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى.

## پەرىشتە

ھېزىم بوۋاينىڭ ئۆيىگە گويا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا، پەرىشتىدەك ئاجايىپ گۈزەل بىر قىز پەيدا بولۇپ قالدى. سۈبھى مەزگىلى ئىدى. ھېزىم بوۋاي تەرەت ئېلىش ئۈچۈن ئىشۇرنى كۆتۈرۈپ ئەمدىلا ھويلىغا چىققانىدى، ئىشىك تىرىقلاپ، ئۈچ قېتىم چېكىلدى. بوۋاي خاتا ئاڭلاپ قالغان بولماي يەنە دەپ ئويلاپ، ئىشىككە قادىلىپ جىممىدە تۇردى. ئىشىك يەنە ئۈچ قېتىم چېكىلدى. بۇ ئاۋاز شۇنچىلىك رىتىملىق ھەم بوش ئىدى. بوۋاي ئىشۇرنى قويۇپ، بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ دەرۋازا تۈۋىگە كەلدىيۇ، يەنە توختاپ قالدى. بۇ دەرۋازا جىگدە ياغىچىدىن ياسالغان، بەكلا كېلەڭسىز ھەم قوپال دەرۋازا ئىدى. بۇ دەرۋازىنى بۇ چاغقىچە ھېچكىم بۇ قەدەر يېقىملىق ھەم يەڭگىل چېكىپ باقمىغانىدى. ئىشىك يەنە ئۈچ قېتىم چېكىلدى. بوۋاي بۇ قېتىم ئىلغۇچنى ئىتتىكلا كۆتۈرۈپ، دەرۋازىنى ئاچتىيۇ، ھاڭۋاققىنىچە تۇرۇپلا قالدى. دەرۋازا ئالدىدا ئاپئاق يىپەك ياغلىقنى چۆكۈرۈپ چىگىۋالغان ئاجايىپ چىرايلىق بىر قىز تۇراتتى.

پەرىشتە! بوۋاينىڭ كاللىسىغا ئىتتىكلا شۇ خىيال كەلدى. يۈرىكى ھاياجاندىن دۇپۇلدەپ سوقۇپ كەتتى.

— بوۋا، ئۆيلىرىڭگە كىرىپ بىردەم ئارام ئېلىۋالسام بولامدۇ؟

قىز ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋاتاتتى. ئاۋازى بۇلاق سۈيىنىڭ شىرىلدىشىغا ئوخشايتتى.

— ماقۇل قىزىم، قېنى كىرىڭ، ئۆيگە كىرىڭ! — دېدى بوۋاي ئىتتىكلا.

قىز ھويلىغا كىردى. سەل توختاپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى.

ئۈپۈق سىزىقى ئاقىرىپ ھويلا خېلىلا يورۇغانىدى. ھويلىدىكى ئىككى تۈپ ئۆرۈك دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى قىزىرىپ جۇلالىنىپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ پاكار تېمىدا يوغان بىر چارخوراز پادىشاھتەك گىدىيىپ مېڭىپ يۈرەتتى.

بوۋاي قىزنى مېھمانخانىسىغا باشلىدى. بۇ ئۆي رەھمەتلىك موسىيى بار چاغدىكىدەكلا پاكىز ئىدى. بوۋاينىڭ چوڭ قىزى بۇ ئۆينى پات - پات تازىلاپ، ئويۇققا تىزىقلىق يوتقان - كۆرپىلەرنى ئاپتاپقا سېلىپ يەنە رەتلەپ قوياتتى. بوۋاي ئويۇقتىن كۆرپە ئېلىپ سۇپىغا سالدى، ئاندىن قىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. قىز بەكلا ھېرىپ كەتكەنىدەك قىلاتتى. بوۋاي ھولىغا چىقىپ چۆگۈنگە سۇ ئېلىپ، ئوچاققا قويۇپ ئوت ياقتى. بوۋاينىڭ يۈرىكى ھېلىھەم ھاياجاندىن سوقۇپ تۇراتتى. ئۇ بۇ پەرىشتىنى قانداق كۈتۈۋالسام بولار دېگەننى ئويلاپ، تۇرغان ئورنىدا نەچچىنى چۆرگىلەپ توختىدى. ئېسىگە داستىخانغا يۆگەكلىك قاتلىما نان كەلدى. چوڭ قىزى ئۇنىڭ پېتىر ناندا ئامراقلىقىنى بىلىپ، پات - پات پېتىر قاتلىما يېقىپ بېرەتتى. قېرىشقاندەك چاي قاينىمايۋاتاتتى. بوۋاي قۇرۇق قوناق شېخىنى ئۇشتۇپ، ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. چۆگۈندىن پۇررىدە ھور كۆتۈرۈلۈپ، بۇژۇلداپ تېشىپ چىقتى. بوۋاي بىر قولىدا داستىخانغا يۆگەكلىك ناننى، بىر قولىدا چۆگۈننى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردىيۇ، يەنە دەرھال قايتىپ چىقتى. قىز كۆرپە ئۈستىدە تۇگۇلۇپلا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

بوۋاي بامدات نامىزىنى ھويلىدىكى سۇپىدىلا ئوقۇدى. تەرەتتىن ئاشقان سۇدا بايا قىز ئاتلىغان بوسۇغىنى يۇدى، ئاندىن توخۇلىرىغا تېخى دان بەرمىگىنى ئېسىگە كېلىپ، ئامبار ئۆيدىن تېرىق، قوناق ئېلىپ چىقىپ ھويلىدىكى سۇپىغىلا چېچىپ بەردى. توخۇ، كەپتەرلەر دانغا گۇررىدە ئولاشتى. چار خوراز قورسىقىنى ئىتتىك توقلىۋېلىپ، مېكيانلارنى ئەگىپ قاقىلداشقا باشلىدى. بوۋاي بۇ كۆرەڭ خورازنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازىنىڭ قىزنى ئويغىتىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى.

قولىغا تاياق ئېلىپ سىرتقا ھەيدىۋەتمەكچى بولۇپ تاياقنى شىلتىدى، خوراز ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇدىغاندەك ئەمەس ئىدى. دىككىدە سەكرەپ نېرىراق بېرىپ، بوۋايغا تازا بىر قارىۋېتىپ، يەنە مېكىيان-لارنى چۆرگىلەپ قاقىلداشقا باشلىدى. بوۋاي مېكىيانلارنىمۇ قوشۇپ تالاغا ھەيدىدى. خوراز بىر توپ مېكىيانلار ئارىسىدا ئۆز سالاپىتىنى بۇزماي، گىدەيگىنىچە بوسۇغىدىن دىككىدە ئاتلاپ تالاغا چىقىپ، مېكىيانلارنى ئەگەشتۈرۈپ نەگىدۇر غايىب بولدى.

بوۋاينىڭ قولى ئىشقا بارمىدى. ئۇ دەرۋازا ئالدىغا نەچچە چىد-قىپ، نەچچە قايتىپ كىردى. قىز ئۇخلاۋاتقان ئۆيگە پات - پات قاراپ قويىۋاتتى. ئېغىل تەرەپتىن تاراقلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئېغىلدا بوۋاي-نىڭ بەش - ئالتە قويى بار ئىدى. قويلارنىڭ سىرتقا چىقىپ ئوتلايدى-غان ۋاقتى بولغانىدى. كونىدە سىرتقا چىقىپ كەڭرى يايلاپ كۆنۈپ قالغان بۇ كەپسىزلەر ھېچ تىنچلىنماي دېمەيتتى. بوۋاي سەل ئارسال-دى بولۇپ تۇرۇپ قالدىيۇ، قىز ئويغانغۇچە بۇ جانىۋارلارنى ئاز - تولا شامالدىتاي دېگەننى ئويلاپ، قويلىرىنى ئاستا سىرتقا ئېلىپ چىقتى. بوۋاي يىراققا كەتمەي، قويلارنى ئىشىك تۈۋىدىكى ئېرىق بويىغىلا ئوتلاشقا قويۇپ بەردى. قويلار ئېرىق بويىدىكى قۇرۇشقا باشلىغان ئوت - چۆپلەرنى، تۆكۈلگەن غازاڭلارنى يېيىشكە باشلىدى.

بوۋاينىڭ ئىچ - ئىچىدىن بىر خىل خۇشاللىق چىقىپ تۇراتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ كۈلۈپ قوياتتى. قوشنا ئايال بىر چېلەك سۇنى كۆتۈرگىنىچە بوۋايغا سالام قىلىپ، نېمىشقىدۇر كەينىگە قاراپ - قاراپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مۇبادا ئۇ ئايال توختاپ: «بوۋاي نېمىگە بۇنچىۋالا خۇش بولۇپ كەتتىلە؟» دەپ سورىغان بولسىدى، بوۋاي ئۇنىڭغا تاڭ سەھەردە ئۆيىگە بىر پەرىشتە كىرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھازىر ئۆيدە ئۇخلاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن بولاتتى. قويلار بەخى-رامان ئوتلاۋاتاتتى.

— ھېزىمكا، ياخشى تۇرۇلىمۇ؟

بىر ئايال يەڭگىل مېڭىپ كەلگىنىچە بوۋايغا سالام قىلدى. ئۇ

مۇشۇ مەھەللىلىك بىر تۇل ئايال ئىدى. بويىغا يەتكەن قىزى بىلەن مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئاددىيلا بىر ئۆيدە ئولتۇراتتى.

— ئەتىگەندىلا سۇيۇقئاش ئەتكەنىدىم، سىلىنى ئېغىز تېگىپ باقامدىكىن دەپ...

بوۋاي نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ بۇ ئايالنىڭ ئەتىگەندىلا تاماقتا چاقىرىشىنى ئويلىمىغانىدى. بوۋاي ئۆيى تەرەپكە ئىتتىك قاراپ قويۇپ باھانە ئىزدىدى.

— قويلارنى ئوتلىتاي دەپ ئاچىقىپتىمەن، بۇ قويلار...

— بۇ قويلىرى نەگە قېچىپ كېتەتتى؟ تاماق تەييار بولغان، ئۇزاق ھايال قىلمايمەن، يۈرسىلە.

بوۋاي رەت قىلالمىدى. بۇ ئايالنىڭ ئورنىدا باشقا بىرى، ھەتتا بالىلىرى بولغان تەقدىردىمۇ بوۋاي زىنھار ماڭمىغان بولاتتى. ئەمما...

— تاڭ سەھەردىلا ئۆيۈمگە پەرىشتە كەلگەنىدى، — دېدى بوۋاي ئايال بىلەن ياندىشىپ كېتىۋېتىپ.

ئايال مېنى دەۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ، ئۈنچىقمىدى. ئۇلار ئۆيگە يېتىپ كېلىشتى. بوۋاي بۇ ئۆيگە ھېيت - ئايەمدىن باشقا ۋاقىتلاردا كىرىپ باقمىغانىدى. ئەمما، بۇ ھويلىنىڭ ھەرۋاقىت چىنىدەك پاكىز تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بوۋاي ھويلىدىكى سۇپىغىلا ئولتۇردى. ئايالنىڭ قىزى داستىخان سېلىپ، گۇپۇلدەپ ئاشكۆكى پۇراپ تۇرغان سۇيۇقئاشنى بوۋاينىڭ ئالدىغا قويدى. بوۋاي ھېچنېمىگە قارىمايلا قاچىنى قولىغا ئالدى. بوۋاينىڭ پىكىر - خىيالى تاماقنى تېزرەك يەپ ئۆيىگە قايتىش ئىدى. ئۇ پەرىشتە قىزنىڭ ئويغىنىپ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بوۋاي ئۆز خىيالى بىلەن بولۇپ، ئايالنىڭ ئۆزىگە قاراپ - قاراپ قويۇۋاتقانلىقىنى سەزمىدى.

— دەسلەپتە قىزىمنى ياتلىق قىلىۋالاي دەپتىكەنمەن، — دېدى

ئايال ئۆزىچىلا ئېغىز ئېچىپ، — ئەمدى ئويلىسام قىزىمنى ياتلىق قىلغاندا ئۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان ئاتا بولمىسا بولمايدىكەن.

بوۋاي ئايالنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى. قوشنا ئاياللار-نىڭ ھەم بالىلىرىنىڭ بۇ ئايالنى ئۆزىگە سايە قىلىپ، ئايالغا سۆز تاشلاشقىنى ئېسىگە كەلدىيۇ، لام - جىم دېمىدى.

ئارىنى سۈكۈت قاپلىدى. بوۋاي بىر قاچا ئاشنى تۈگىتىپ ئىچ-مەي تۇرۇپلا دۇئاغا قول كۆتۈردى.

— ئۆيدە پەرىشتە ئۇخلاپ قالغان، — دېدى بوۋاي ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — مەن ئۆيگە قايتاي.

ئايال ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى. كۆزلىرىدىن رەن-جىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. بوۋاينى ئۇزاتقىلى ئايالنىڭ ئۆزى ئە-مەس، قىزى چىقتى.

بوۋاي ئىتتىك ئۆيگە قاراپ ماڭدى. دەرۋازا ئالدىغا كېلىپلا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. دەرۋازا ئالدى پاك - پاكىز سۈپۈرۈلۈپ، سۇ چېچىلغانىدى. قويلار كۆرۈنمەيتتى. بوۋاي ھويلىغا كىردى. قويلار قوتاندا تۇراتتى. ئوقۇرغا تۆكۈلگەن غازاڭنى شاپىلدىتىپ يەۋا-تاتتى. ھويلا ئىچىمۇ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە پاك - پاكىز تازىلانغانى-دى. قىز ئوچاق بېشىدا ئىدى. قىز بوۋاينىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— سىلى كىرگۈچە چاي قايناتتىپ قويىاي دېگەنىدىم، — دېدى قىز.

بوۋاي قىزغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، بايا تەييارلاپ قويغان داستىخاننى ھويلىدىكى سۇپىغىلا سالدى. قىز ئىككى پىيالىنى چايقاپ، بىرىدە بوۋايغا، بىرىدە ئۆزىگە چاي قۇيدى. ئۇلار ئۈن - تىنسىز چاي ئىچىشكە باشلىدى. قىزنىڭ قورسىقى بەكلا ئېچىپ كەتكەنىدەك قىلات-تى. بوۋايغا تارتىنىش بىلەن قاراپ - قاراپ قويۇپ، بىر قاتلىمىنى تۈگىتىپ يېۋەتتى.

— بوۋا، بۇ ئۆيدە يالغۇز تۇرىدىكەنلا - ھە؟ — دەپ سورىدى

قىز.

— ھە، يالغۇز قالدىم،— دېدى بوۋاي،— مومىيىم ئۆتكەن يىلى تۈگەپ كەتتى. بالىلىرىم ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ ئۆز ئۆيلىرىنىڭ مورىلىرىدىن تۈتۈن چىقىرىش بىلەن ئاۋارە. نېمە ئامال، ئادەم بۇ دۇنياغا يالغۇز تۆرەلگەندىكىن، ھامان يالغۇز قالىدىغان گەپكەن،— بوۋاي بىر ھازا تۇرۇۋېلىپ قىزدىن سورىدى.

— سىز ئۆزىڭىزچۇ قىزىم، قەيەردىن كېلىۋاتىسىز؟ قەيەرگە بارىسىز؟

قىز بىر ھازاغىچە ئۈنچىقمىدى.

— مېنىڭ بارىدىغان ھېچقانداق يېرىم يوق،— دېدى قىز مەيۈسلا بىر ھالەتتە.

بوۋاي قىزنىڭ تۇرقىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. قىزنىڭ ئۇچىسىدا ئۇزۇن قارا ئەتلەس كۆڭلەك، كەچ كۈز بولغىنىغا قارىماي كۆڭلەك ئۈستىگە بىرلا چاپان كىيىۋالغانىدى. ئايغىنىنىڭ ئۆكچىسى بىر يانغا سەلگىنە ماكچىيىپ قالغانىدى.

—ئۆگەي تۇغقانلىرىم ئۆيگە پاتۇرمىغاچ، ئۆينى تاشلاپ يېنىپ چىققانىدىم. بارىدىغان ھېچقانداق يېرىم يوق،— دېدى قىز يەنە سەل قورۇنۇپ.

بوۋاي ئالدىراپلا ئىشىك ئاچتى.

— ئەمىسە مۇشۇ ئۆيدىلا تۇرۇپ قېلىڭ، راست دەۋاتىمەن، ئۆيلىرىم كەڭرى، قىشلىق ئوزۇقۇمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، سىزنى قىزىم ئورنىدا كۆرىمەن.

قىزنىڭ چىرايىغا ھەم ھەيرانلىق، ھەم خۇشاللىق تەڭلا تېپىپ چىقتى. ئۇ سەل ئارىسالدى بولغانىدەك، لېۋىنى چىشلەپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ماقۇل دېگەندەك ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى.

قىز راستتىنلا ھېزىم بوۋاينىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى. بوۋاينىڭ خۇشلۇقتىن بېشى كۆككە يەتكەندەك، ئۆزىنى ياشىرىپ، روھلىنىپ قالغاندەك سەزدى.

كەچ كۈز مەھەللىنىڭ دەرەخلىرىنى يالىڭاچلاپ قويدى. بوۋاينىڭ ھويلىسىدىكى ئۆرۈكنىڭ قىزغۇچ يوپۇرماقلىرىمۇ چۈشۈپ تۈگىدى. ئەمما، بوۋايغا ئۆينىڭ، ھويلىسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ھۆپپىدە گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغاندەك، مەھەللىدىكى دەل - دەرەخ، ئېتىز-ئېرىق — ھەممە يەر ياپيېشىل ياشىرىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

بوۋاي ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۇنىڭ تەرەت ئالىدىغان سۈيى ئاللىبۇرۇن تەييارلىنىپ بولاتتى. بوۋاي نامىزىنى ئوقۇپ، مەسچىتتىن يانغاندا ئىشىك ئالدى، ھويلا ئىچى پاك - پاكىز سۈپۈرۈلۈپ، قىز گۈلدەك ئېچىلغىنىچە بوۋاينى كۈتۈپ تۇرغان بولاتتى، قىزنىڭ سەدەپتەك ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرەپ «بوۋا» دەپ يېقىملىق چاقىرىشلىرى...

بوۋاي قويلىرىنى ئوتلاتقىلى ھەيدەپ مېڭىۋېتىپ، خۇشلۇقىنى ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ھەممە ئادەمگە دەپ ماڭاتتى. بارا - بارا مەھەللىدىكىلەر بوۋاينىڭ پەرىشتە قىز ھەققىدىكى ھېكايىسىگە كۆنۈپ كەتتى. ھەممەيلەننىڭ بوۋايغا مەستلىكى كېلىپ كېتەتتى. «بوۋاي ئاق كۆڭۈل بولغاچقا، ئۆيىگە راستتىنلا پەرىشتە چۈشۈپتۇ» دېيىشەتتى.

بىر كۈنى تاسادىپىي ھالەتتە بوۋاي قىزنىڭ ئىككى قات ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدى. بۇ قىزنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقىنىغا بىر ئايچە بولغان چاغ ئىدى. قىز شۇ چاغدا غازاڭ سۈپۈرۈۋاتاتتى. كىيىۋالغان پوپايكىسى بەدىنىگە چىپپىدە كېلىپ، قورسىقىنى سەلگىنە تومپايتىپ چىقىرىپ قويغانىدى. قىز بوۋاينىڭ ئۆزىگە تەئەججۇپ بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى تېزلا سېزىپ قالدى. ئاۋۋال ھۆپپىدە قىزىرىپ، ئاندىن بىردىنلا تۆكۈلۈپ يىغلاپ تاشلىدى. بوۋاي گەپ - سۆزسىز كەينىگە ياندى. بوۋاينىڭ كۆڭلىدە بىر غەشلىك پەيدا بولدى. بوۋاي بۇ قىزنى باشتىن - ئاخىر پەرىشتە، دەپ ئويلاپ يۈرگەنىدى. ئەمدىلىكتە... بوۋاينىڭ كۆز ئالدىغا قىزنىڭ تاراملاپ تۆكۈلگەن ياشلىرى كەلدى. يۈرىكى پىژژىدە ئېچىشتىيۇ، كۆڭلىدە يەنە شۇ غەشلىك بار ئىدى.

ئۇ قىزنىڭ راستىنلا ئۆزى ئويلىغاندەك پەرىشتە بولۇپ قېلىشىنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتى.

بوۋاي مەقسەتسىزلا مەھەللە ئىچىنى، ئېتىزلىقلارنى ئايلىنىپ چىقتى. كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى بوۋاينىڭ يۈزىگە ئاچچىق سانجىلاتتى. ئەتراپتا يېشىللىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغان، بۇ زېمىن گويا مۈگدەك باسقان بوۋايدەك خاراموش ھالەتتە سوزۇلۇپ ياتاتتى. بوۋاي ئىختىيارسىزلا بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ھېلىقى تۇل ئايالنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. ئىشىك ئالدى يەنىلا چىنىدەك پاكىز ئىدى. ئەمما، دەرۋازىدا يوغان قۇلۇپ ساڭگىلاپ تۇراتتى. بوۋاي چۈشىنىك-سىزلا بىر ھالەتتە كەينىگە ياندى. ئاستا قەدەم بىلەن ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۆيگە يېقىنلاپ كېلىپ، جايىدا تۇرۇپلا قالدى. شۇ ئەسنادا قىز كىچىك بىر بوغچىسىنى كۆتۈرگىنىچە ھويلىدىن چىقتى، ئاندىن قىيمىغاندەك ھويلا ئىچىگە بىر ھازا قاراپ تۇرۇۋېتىپ، دەرۋازىنى ئاستالا ھىملاپ ياپتى، ئاندىن بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە مەھەللە يولىنى بويلاپ ئاستا مېڭىپ كەتتى. بوۋاي تا قىزنىڭ قارىسى يىتكۈچە جايىدا قىمىرلىماي قاراپ تۇردى، ئاندىن ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. دەرۋازىنى ئىتتىرىپ ئاچتى. ھەممە نەرسە ئۆز جايىدا، كۈندىكىدەك شۇنچىلىك رەتلىك، پاكىز ئىدى. قويلار قوتاندا باش كۆتۈرمەي مەلەپ يەۋاتاتتى. بوۋاي ھويلىسىدىكى سۇپىدا خېلى ئۇزاققىچە جىم-جىت ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاندىن توساتتىنلا نېمىدۇر ئېسىگە كەلگەن-دەك، ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇرۇپ، قوشنىسىنىڭ ھارۋىسىنى قېتىپ، قىز بايا كەتكەن تەرەپكە قاراپ ھەيدىدى. كۈن ئاللىبۇرۇن ئۇپۇق سىزىقىغا پېتىپ، ئەتراپقا گۇگۇم يېيىلىشقا باشلىغان بولۇپ، قىز خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىدى. بوۋاي خېلى بىر ھازادىن كېيىن ئاندىن قىزنىڭ كەينىدىن يېتىشتى. يىراقتىن ئاۋۋال قىزنىڭ ئاق رومىلى كۆزگە چېلىقتى. بۇ ئادەمزاتسىز سەھرا يولىدا قىز قۇملۇقتا ئۈنگەن بىر تال گۈلدەك شۇ قەدەر ئۆز ھەم يېگانە كۆرۈنەتتى.

بوۋاي ھارۋىنى قىزنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ توختاتتى.

— نەگە بارماقچىدىڭىز قىزىم؟ — بوۋاي ھارۋىدىن چۈشۈپ قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى.

قىز دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئاستا جاۋاب بەردى:

— ئەسلىدە سىلى بىلەن خوشلىشىپ ماڭماقچى ئىدىم، ئەمما قاراڭغۇ چۈشكىچە بىرەر مەھەللىگە بېرىۋالاي دەپ…

— بەرىبىر قاراڭغۇ چۈشكىچە بىرەر مەھەللىگە يېتىپ بارالمايسىز. ھارۋىغا چىقىڭ، ئاۋۋال ئۆيگە قايتايلى، ئەتىگىچە بىر گەپ بولسۇن، — دېدى بوۋاي.

قىز بىر نەرسە دېگۈچە بوۋاي ئېشەكنىڭ بېشىنى مەھەللە تەرەپكە بۇردى. قىزنىڭ تارتىنىپ تۇرۇشىنىڭ ئورنى قالمىغانىدى. قىز رازىلىق بىلەن ھارۋىغا چىقتى. بوز ئېشەك مەھەللە تەرەپكە قاراپ ئىتتىك يورغىلاپ مېڭىپ كەتتى.

قىز كەچۈرمىشىنى ئېيتىپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— ئېرىم ئىككى ئاي بۇرۇن تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتتى. بىز قېچىپ كېتىپ توي قىلغانىدۇق. قېيناتا - قېينانام ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىنى مەندىن كۆرۈپ، مېنى بوسۇغىسىغىمۇ يولاتمىدى. بويۇمدا بارلىقىنى ئېيتساممۇ ئۇلارنىڭ دىلى پەقەت ئېرىمدى. ئۆگەي تۇغقانلىرىممۇ مېنى بۇزۇق دەپ تىللاپ، ئۆيگە پاتۇرۇشمىدى. نائىلاج ئۆيدىن يېنىپ چىقتىم. بالامدا نېمە گۇناھ؟ بىر ئامال قىلىپ بالامنى ساق - سالامەت تۇغىۋالسام، ئىنساپلىق بىرەرسىگە بالا قىلىپ بېرىۋەتسەممۇ مەيلى. خۇدا بۇيرىسا مەنمۇ يامان كۈنلەرگە قالماسمەن…

بوۋاي ئۈن چىقمىدىيۇ، كۆز چاناقلىرىنىڭ ئېچىشىۋاتقانلىقىنى سەزدى. بوۋاينىڭ قىزغا چىن يۈرىكىدىن ئىچى ئاغرىپ، كۆڭلىدىكى غەشلىك، تۇمان، ھەممىسى غايىب بولغانىدى.

قارا قىش بىلىنمەيلا ئۆتۈپ كەتتى. دەل - دەرەخلەر ئەمدىلا بىخ چىقىرىشقا باشلىغان باش باھار ئايلىرىنىڭ بىرىدە قىز تۇپتوغرا بىر

كېچە تولغاق ئازابى تارتىپ سەھەرگە يېقىن بوشاندى. بالا ئوغۇل ئىدى. بوۋاي تۇغۇت ئانىسىنىڭ قولىدىن بالىنى ئېلىپ، پېشانىسى-دىن سۆيۈپ، ئۇزاقتىچە بالىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن بالىغا ئات قويۇلدى.

— بۇ بالىنىڭ ئىسمى رۇستەم بولسۇن، — دېدى بو-ۋاي، — ھەزرىتى رۇستەمدەك قورقماس، يۈرەكلىك، پالۋان ئادەم بولغاي، ئامىن!

ئۆيدىكى ھەممەيلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

رۇستەمنىڭ كۆزى قارىقاتتەك قاپقارا ئىدى. ئۇ ھەدېسىلا كۆز-لىرىنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا ئالاڭلاپ قارايتتى. كىچىككىنە پۇتلىرى پىلتىڭلاپ، بىردەممۇ جىم تۇرمايتتى. ئانىسىنىڭ كۆكسىنى تازا كۈچەپ شوراپ ئېمەتتى. 40 كۈن ئۆتكەندە رۇستەمنىڭ ئانىسى ئوبدانلا ئەسلىگە كەلدى. بالىنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا، ئىشىك ئالدىغا چىقالايدىغان بولدى. ئەمما، نېمىشقىدۇر بارغانسېرى كەم سۆز بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بەزىدە بالىسىغا قاراپ سائەت - سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. گويا ئوغلىغا ئېيتىدىغان تالاي - تالاي سۆزلىرى باردەك قىلاتتى.

رۇستەمنىڭ گۇ - گۇلاپ تىلى چىقتى. ئاستا - ئاستا تە - تەلەپ ماڭدى. بىر كۈنى تاڭ تېخى تولۇق يورۇمىغان سۈبھى مەزگىلى ئىدى، بوۋاي مەسچىتتىن يېنىپ ئۆيگە كىرىپ، سۇپىدا رۇستەمنىڭ يالغۇز ئۇخلاپ ياتقىنىنى كۆردى. رۇستەمنىڭ ئانىسى ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. بوۋاي ئۇنى كۈتۈپ، بالىنىڭ يېنىدا بىر ھازا ئولتۇر-دى. بىردەمدىن كېيىن رۇستەم تازا ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. ئانىسى يەنىلا ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى. بوۋاي ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى روھىي ھالىتىنى ئەسلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە چوقۇم بىر ئىش بار ئىدى. ئەمما، ئېيتىشنى بىئەپ كۆرگەن بولسا كېرەك، نامازدى-گەرگە يېقىن بوۋاينىڭ چوڭ قىزى كەلدى. بالىنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇپ، ئۇخلاتتى. رۇستەمنىڭ ئانىسى يەنىلا قايتىپ كەلمىدى.

ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ... ئۇ سۇبھى مەزگىلىدە قانداق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بولسا، يەنە شۇ سۇبھى مەزگىلىدە ئۇن - تىنسىز غايىب بولغاندەك قىلاتتى. بوۋايغا ھەممە نەرسە گويا چۈشتەكلا تۇيۇلاتتى. ئەمما، رۇستەم ھەممە ئىشلارنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ تۇراتتى. رۇستەمنى بىر مەزگىل چوڭ قىزى ئۆيىگە ئەكىتىپ قارىدى. كېيىنچە بوۋاي مەھەللىدىكى ھىلىقى تۇل ئايالغا ئۆيلەندى. رۇستەم ئۇلارنىڭ نەۋرىسىدەكلا چوڭ بولۇشقا باشلىدى.

رۇستەم ئانىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىن زېرەكلىك چىقىپ تۇراتتى. بوۋاي ئۇنىڭغا بەكلا ئامراق ئىدى. يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىمايتتى. بوۋاينىڭ ئوۋ خۇمارى تۇتقانلىرىدا رۇستەمنى ئەگەشتۇرۇپ ئوۋغا چىقاتتى.

غازاڭلار تۆكۈلۈپ، قۇياشنىڭ ھارارىتى سەل پەسەيگەن كۈز مەزگىلى ئىدى. بوۋاينىڭ نەزىرىدە بۇ پەسىل ئوۋ قىلىدىغان ئەڭ ياخشى پەسىل ئىدى. بۇنداق چاغلاردا بوۋاي ئوۋغا چىقسىلا قۇرۇق قول يانمايتتى. بىرەر كېيىك، ھېچبولمىسا بىرەر ياۋا توشقانمۇ بولسا ئوۋلاپ ئۆيگە قايتاتتى. ئوۋغا چىققانلاردا رۇستەم بوۋاينىڭ قۇيرۇقىدىلا يۈرەتتى. بوۋايغا ھەمدەم بولۇپ ھە - ھۇ دېيىشەتتى. قىلىقى بوۋاينىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. ئالا بويناق ئىتى بىلەن بەسلىشىپ يۈگۈرۈپ نە - نەلەرگە كېتىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى توغراق غازاڭلىرى شارىلداپ ئاۋاز چىقىراتتى. قاغىلار قاقىلداپ ئۇچۇپ كېتىشەتتى. رۇستەم قاغىلارغا كامالەك ئېتىپ ئۈركۈتۈپ ئويناشقا ئامراق ئىدى. ئۇن ياشلارغا كىرىپ قالغان رۇستەم كامالەك بىلەن ھەرقانداق نەرسىنى قارىغا ئالالايتتى.

بوۋاي بىلەن رۇستەم ھە - ھۇ دېيىشىپ ئورمانلىقنىڭ قۇملۇققا تۇتىشىدىغان يېرىگە بىر قاپقان قۇردى. بۇ بەك ئەپچىل جاي ئىدى. قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ھايۋانلار ئوزۇق ئىزدەپ بۇ يەرلەرگە كېلىشى ھەم قاپقانغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. بوۋاي بىلەن رۇستەم يوغان قېرى توغراقنىڭ دالدىسىغا ئۆتتى. بوۋايغا سەل ھار-

دۇق يەتكەندەك بولدى. ئۇلار ئەتىگەندىن چۈشكىچە ئاران ئىككى ياۋا
توشقان ئوۋلىغانىدى. ۋاقىت خېلى بالدۇر ئىدى. بوۋاي «ئەمدى بۇ
قاپقانغا بىرەر ياۋا كەكلىك چۈشۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلايت-
تى. كەكلىك كاۋىپىغا رۇستەمنىڭ بەكلا ئامراق ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا
ئايان ئىدى.

بوۋاي توغراققا يۆلىنىپ كۆزى سەل ئۇيقۇغا ئىلىنغانىدى، قات-
تىق چىرقىرىغان ئاۋازدىن بوۋاي چۆچۈپ كەتتى. ئىتتىك ئورنىدىن
تۇرۇپ، قاپقاندا تىپىرلاپ چىرقىراۋاتقان بىر ياۋا توڭگۇزنى كۆردى.
ياۋا توڭگۇز بۇ ئەتراپتا كەمدىن - كەم ئۇچرايتتى. ئەمما، كونىلاردا
ياۋا توڭگۇزغا ئۇچراپ قالغان ئوۋچىنى نەس باسىدۇ، دېگەن گەپ
بار ئىدى. ئوۋچى يا قاپقاندىن ئايرىلاتتى ياكى ئوۋچىنى راستىنلا
پالاكەت باساتتى. بوۋاينىڭ ساقاللىرى ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى.
بوۋاي قاپقاندىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەمەس، ياۋا توڭگۇزنىڭ بوشى-
نىپ، ئۆزلىرىگە ئېتىلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. بۇ بەكلا چوڭ ھەم
بەتبەشىرە توڭگۇز ئىدى. قاپقانغا بىرلا پۇتى چۈشۈپ قالغان بولۇپ،
جېنىنىڭ بارىچە چىرقىراپ، تىپىرلاپ قاپقاندىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىۋا-
تاتتى. ئەھۋال خەتەرلىك ئىدى. بوۋاي ئوۋ مىلتىقىنى ياۋا توڭگۇزغا
توغرىلىدى. بوۋاينىڭ قوللىرى بىردىنلا تىترەشكە باشلىدى. بوۋاي
قولىنىڭ قاچاندىن بېرى تۇرۇپ - تۇرۇپلا تىترەيدىغان بوپقالغىنىنى
ئەسلىيەلمەيتتى. ئەمما، بۇ قوللار تىترىسىلا ئۇنىڭغا بويسۇنمايتتى.
بۇنداق چاغلاردا بوۋاي بۇ قوللارنىڭ ئۆزىنىڭ قولى ئىكەنلىكىگە
ئىشىنەلمەي قالاتتى. بوۋاي جىددىيلەشكىنىدىن چىلىق- چىلىق تەرگە
چۆمۈلۈپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا بوۋاي رۇستەمنىڭ قولىدىكى كاما-
لەك بىلەن ياۋا توڭگۇزنى قارىغا ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بالا شۇنچى-
لىك سالماق ئىدى. ئۇ قورقماستىنلا ياۋا توڭگۇزغا يېقىنلاشتى،
ئاندىن ھايۋاننىڭ كۆزىنى نىشانلاپ تۇگمىدەك چوڭلۇقتىكى تاشنى
قارىتىپ ئاتتى. دەل شۇ چاغدا بوۋايمۇ شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك
تەپكىنى بېسىۋەتتى. ياۋا توڭگۇز خارقىراپ يىقىلدى. بىر ھازا تې-

پىرلاپ جان بەردى. بۇ ئىشلار كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك دەمدە تۈگىدى. رۇستەم ياۋا توڭگۇزنىڭ ئۆلۈكىنى بىرنى تېپىپ قويۇپ، بوۋىسىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. بوۋاي ئۇنى قۇچاقلاپ، پېشانىسىدىن سۆيدى.

— خۇدايىم ئەزىز بېشىڭنى ئامان قىلسۇن، جېنىم بالام، باتۇر بالام، قورقماس بالام، ئەزىمەت بالام...

بوۋاي يول بويى شۇنداق دەپ ماڭدى. يولدا ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە ئۇنىڭ قورقماسلىقى، باتۇرلۇقىنى سۆزلەپ هارمىدى. ئۆيگە بېرىپلا بالىغا ئىسرىق سېلىپ، نامىزىدا ئۇزاقتىن - ئۇزاق دۇئا قىلدى.

* * *

يەنە بىر سۈبھى مەزگىلى ئىدى. بوۋاي ئەمدىلا مەسچىتتىن يېنىپ، قويلىرىغا چۆپ تاشلاۋاتاتتى. رۇستەم تېخى ئۇيقۇدا ئىدى. دەرۋازا ئالدىدا قىپقىزىل بىر ماشىنا توختىدى. ماشىنىدىن تولىمۇ چىرايلىق كىيىنگەن بىر ئايال چۈشتى. ئايال دەرۋازا تۈۋىدە سەل تۇرۇۋېلىپ، ئىلغۇچىنى تىرىقلاتتى. تىرىقلىغان ئاۋاز بوش بولسىمۇ، بوۋاينىڭ قولى ئىشتىن توختىدى. ئىشىكنىڭ قېقىلىشىغا قۇلاق سالدى. ئىشىك يەنە ئۈچ قېتىم چېكىلدى. بۇ ئاۋاز شۇنچىلىك رىتىملىق هەم بوش ئىدى. بوۋاي قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ، دەرۋازىنى ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا پۈزۈر كىيىنگەن، ئاجايىپ چىرايلىق بىر ئايال تۇراتتى.

— بوۋا، ئۆيلىرىگە كىرسەم بولامدۇ؟

بوۋاي مەڭدەپ قالدى. هودۇققىنىدىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي، تۇرۇپلا قالدى.

— كىرىڭ، قېنى كىرىڭ! — دېدى بوۋاي.

ئايال هويلىغا كىردى.

— بوۋا! — دېدى ئايال، — مېنى تونۇدىڭمۇ؟ مەن بەختىخان، رۇستەمنىڭ ئانىسى.

بوۋاي تېخىچە مەڭدىگەندەك، ئايالغا جىممىدە قاراپ تۇراتتى. ئاڭغۇچە بوۋاينىڭ ئايالى پايپاسلىغىنىچە ئۆيدىن چىقتى. تال باراڭ ئاستىدىكى سۇپىغىلا كۆرپە سالدى.

— مەن رۇستەمنى كۆرگەچ، سىلەرنى يوقلاپ كېلەي دەپ كەلدىم، — دېدى ئايال.

بوۋاي بەختىخاننىڭ ئاۋازىدىن تونۇدى. بەختىخاننىڭ ئاۋازى بۇرۇنقىدەكلا يېقىملىق ئىدى. ئۇنىڭ قارىقاتتەك قاپقارا كۆزلىرىمۇ ئۆزگەرمىگەندەك قىلاتتى.

بوۋاي بىر نېمە دەي دېگۈچە رۇستەم ئۆينىڭ ئىشىكىدە كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە پەيدا بولدى.

— بالام، جېنىم بالام! — ئايال ئىختىيارسىز توۋلاپ تاشلىدى.

رۇستەم بوسۇغىدا ئايالدىن كۆز ئۈزمەي جىملا قاراپ تۇردى.

— بالام، مەن سېنىڭ ئاناڭ، سېنى تۇغقان ئۆز ئاناڭ بولىمەن، — دېدى ئايال يەنە، — يېنىمغا كېلە بالام، كەلگىنە!

رۇستەم بوۋىسىغا قاراپ قويۇپ، ئايالنىڭ يېنىغا كەلدى. گويا ئۇنىڭ راست ئانىسى ياكى ئەمەسلىكىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئايالدىن كۆز ئۈزمەيتتى. ھېزىم بوۋىسى ئۇنىڭغا ئانىسى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنىدى، — سېنىڭ ئاناڭ بەكلا چىرايلىق، ئىشچان ئايال ئىدى، — دېگەنىدى بوۋىسى ئۇنىڭغا، — ئاناڭ خۇددى پەرىشتىگىلا ئوخشايدۇ.

— جېنىم بالام، كېلە، مېنى سۆيۈپ قويغىنا! — ئايال شۇنداق دەۋېتىپ بىردىنلا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. رۇستەمنى چىڭگىدە قۇچاقلاپ، مەڭزىگە، پېشانىسىگە، چاچلىرىغا سۆيدى، سۆيۈۋېتىپ توختىماي سۆزلەشكە باشلىدى.

— جېنىم بالام، سېنى بەكلا سېغىندىم. سېنى ئويلىمىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق. مەن ئەينى چاغدا ئامالسىزلىقتىن سېنى قويۇپ

كەتكەنىدىم. ساڭا چىدىمىساممۇ ئامالسىز كەتتىم. ھېزىم بوۋاڭغا ئېغىرچىلىق سېلىۋېرىشتىن خىجىل بولدۇم. سېنى ئۆزى باقالمىسا مەسچىتكە ئاپىرىپ قويار ياكى بىرەرسىگە بالا قىلىپ بېرىۋېتەر دەپ ئويلىغانىدىم. توپتوغرا 11 يىل بولدى. جېنىم قوزام، سېنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇمىدىم. سېنى بەك سېغىندىم، جېنىم بالام.

ئايال يىغىدىن پەسىيىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ھېزىم بوۋاي تېخىچە گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك جايىدا ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالغانىدى. بوۋاينىڭ ئايالىمۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمەي، جىمغىنا قاراپ تۇراتتى.

بىر ھازادىن كېيىن ئايال يىغىدىن توختىدى، ئاندىن ئىتتىكلا چىقىپ ماشىنىدىن يوغان بىر سومكىنى كۆتۈرۈپ كىردى. رۇستەمنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، سومكىدىن كىيىم - كېچەك، ئويۇنچۇق، كەمپۈت، پېچىنە - پىرەنىكلەرنى ئېلىپ رۇستەمنىڭ ئالدىغا دۆۋىلەۋەتتى. بوۋايغا ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى ئۇنىمىسا ئۇنىماي قولىغا تۇتقۇزدى. رۇستەمنىڭ كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى، بولۇپمۇ ئويۇنچۇقلار ئۇنى بەكلا خۇش قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ بۇنداق كۆپ ئويۇنچۇقلارنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى. بوۋاينىڭ كۆڭلىدە چۈشىنىكسىز لا تۈيغۇلار بار ئىدى. ئۇ بۇ ھالەتلەردىن خۇشال بولۇشنى ياكى خاپا بولۇشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. بوۋاينىڭ ئايالى تاماقنا ئۇتۇش قىلدى. رۇستەم ئويۇنچۇقلارنى ئويناشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى.

— بوۋا، ھەرقانچە قىلساممۇ سىلىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرۇپ بولالمايمەن، — بەختىخاننىڭ كۆزلىرىدە يەنە سىماپتەك ياشلار يالتىرىدى، — ئوغلۇمنى ئون نەچچە يىل ئۆزلىرى بېقىپلا، ئۆز دادىسى ھايات بولسىمۇ شۇنچىلىك قىلار ئىدى. شۇ چاغدا خىزىرغا يولۇققاندەكلا سىلىگە يولۇقۇپتىمەن. شۇنىڭدىن بېرى ئىشلىرىم ئوڭغا تارتتى. خۇدايىم بىر ئوغۇل ئاتا قىلدى. سىلىنىڭ ئۆيلىرىدىن چىقىپ كەتكەنچە ئۇدۇل ئۈرۈمچى تەرەپكە باردىم. سودا - سېتىق

قىلدىم. ئىشلىرىم يۈرۈشۈپ، ھازىر ئۆز ئالدىمغا شىركىتىم بار. ئوغلۇمنى ھەم سىلىنى بېقىپ كېتەلەيمەن. ماقۇل دېسىلە، سىلىنىمۇ، ئاچىمىزنىمۇ ئېلىپ كېتەي. شەھەر ئەتراپىدىن كەڭرى قورۇجاي سېتىۋالدىم. ئۆز ئۆيلىرىدە تۇرغاندەك ئازادە تۇرالايلا.

بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىمۇ ياشلار يالتىرىدى. ئاشۇ چاغدا قىز تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كەتكەندە ئۇنىڭدىن بەكلا ئەنسىرىگەنىدى. بىچارە قىز نېمىشقىمۇ ئەخمەق بولۇپ كېتىپ قالغاندۇ؟ سىرتتا نەلەردە، كىملەرنىڭ ئىشىكىدە تەمتىرەپ يۈرگەندۇ؟ دەپ ئويلاپ قالاتتى بوۋاي بەزىدە. توپتوغرا 11 يىل ئۆتۈپتۇ. ئەينى چاغدا پەرىشتىدەكلا تاڭ سەھەردە بوۋاينىڭ ئىشىكىنى قاققان قىز مانا ئەمدىلىكتە يەنە بوۋاينىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

بوۋاي ھېچنېمە دېمىدى. نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى. بەخىرامان ئويناۋاتقان رۇستەمگە قاراپ، بالىغا قانچىلىك چوڭقۇر مېھرىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى. بەختىخاننىڭ گېپىدىن بوۋاي ھەممىنى چۈشەنگەنىدى. ئۇ رۇستەمنى ئېلىپ كەتمەكچى. بالىنى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى باقماقچى. لېكىن، رۇستەمچۇ؟ رۇستەم نېمە دەيدىكىن؟ بوۋىسىغا، سىرىق كۈچۈككە، سوقۇشقاق خورىزىغا قىيامدىكىن؟

بالا بەخىرامان ئويناۋاتاتتى. ئويناۋېتىپ ئانىسىغا قاراپ كۈلۈپ قوياتتى. گويا ئۇزاق يىل بىللە ياشىغاندەك ئۇ ئانىسىغا بىردەمدە ئىچىكىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. بالا دېگەن بەرىبىر بالىدە، دەپ ئويلىدى بوۋاي كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئانىسىنى كۆرۈپلا ھېچقايسىمىز كۆزىگە كۆرۈنمەيۋاتىدۇ. ئۇمۇ ئانىسى بىلەن بىللە ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلغان بولغىيتتى، ئېھتىمالىم.

بەختىخان چامغۇر سېلىپ ئەتكەن لەڭمەننى ماختاپ ئولتۇرۇپ يېدى. تاماقتىن كېيىن نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ توختاپ قالدى. ئارىنى سۈكۈت قاپلىدى. پەقەت رۇستەملا خۇشال ئىدى. ئۇ توختىماي قىيغىتىپ، ھېلى كۈچۈكى، ھېلى خورىزى بىلەن ئوينىشاتتى. ھېلى ئۇ ئويۇنچۇقنى، ھېلى بۇ ئويۇنچۇقنى

ئويناپ هارمايتتى. هېلى بوۋىسىنىڭ يېنىغا كېلەتتى، هېلى ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى.

— سىلى ماقۇل كۆرسىلە، رۇستەمنى ئەكېتەي دېۋىدىم، — دېدى بەختىخان ئاخىر گېپىنى ئوچۇقلا ئېيتىپ، — رۇستەم مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپتۇ. خۇدا بۇيرۇسا ئۇنى تېخىمۇ ياخشى مەكتەپتە ئوقۇتىمەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى شارائىتلارنى هازىرلاپ بېرىمەن. بوۋا، ماقۇل دېسىلە، سىلىمۇ كەتسىلە، سىلىدىنمۇ ياخشى خەۋەر ئالىمەن. رۇستەمنىڭمۇ سىلىدىن ئايرىلغۇسى يوق.

بوۋاي تەڭقىسلىقتا قالدى. ئۇنىڭچە بولغاندا رۇستەمدىن پەقەت ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. ئەمما، ئانا - بالىلىق مېهرىنى نېمە دېگۈلۈك؟ بۇ خىل مېهرىنى هەرقانداق كۈچ توسۇۋالالمايدۇ. ئۇ ئارىغا قىل سىغمايدىغان، هېچنېمە توسۇپ قالالمايدىغان ئۈزۈلمەس، مەڭگۈلۈك مۇهەببەت.

— رۇستەمنى ئېپكەتكىلى كەلگەن بولسىڭىز مەيلى، ئېپكېتىڭ قىزىم، — دېدى بوۋاي پەس ئاۋازدا، — ئەمما مەن هېچيەرگە كېتەلمەيمەن. سىزگە رەهمەت. مەن باشقا يەرگە كۆنەلمەيمەن. رۇستەم كېتىمەن دېسە مەيلى، مېنى سېغىنسا ئەكېلىپ قويارسىز...

هەممە ئىشلار چۈشتەك ئاياغلاشتى. بەختىخان رۇستەمنى قىزىل پىكاپقا سېلىپ ئېلىپ كەتتى. گويا ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتمىگەندەك هەم هېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك هېزىم بوۋاي بىلەن مومىيى كەڭرى قورۇسىدا يەنە يالغۇز قالدى.

# شىۋىقەدىر كېچىسى

تۈن قاراڭغۇسى زېمىننى يۇتۇۋالغاچقا، ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە، ھەتتا ئۇ مىنىۋالغان ئېشەكمۇ قارا كۆرۈنەتتى. ئۇ كېچىنىڭ ئاجايىپ جىمجىتلىقى تەننى شۈركۈندۈرەتتى. ئەتىياز پەسلى بولغىنىغا قارىماي ئۇمۇ، ئېشەكمۇ چىپىلداپ تەرلەپ كەتكەنىدى. ئېشەك ھېلىدىن - ھېلىغا يول بويىغا دۆۋىلەكلىك قىغقا پۈتلىشىپ مۈدۈرەتتى. ئۇ ناخشا توۋلاپ كۆڭلىدىكى قورقۇنچىسىنى باسماق بولۇپ ئاغزىنى ئاچتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئېيتقىنى ناخشىغا ئوخشىماي قالدى. رىتىمسىز، يېقىمسىز بىر ئاۋاز بىر ھازا غۇڭۇلداپ غايىب بولدى. ئۇ ناخشا ئېيتىمىغىلى ئۇزاق يىللار بولغىنىنى ئېسىگە ئالدى. ئەجەب چاغلار ئىدى. توي - تۆكۈن، مەشرەپلەر ئۇنىڭسىز قىزىمايتتى. ساز بولمىغان ئەھر'' ردىمۇ ئۇ قولىغا لېگەن ياكى داس ئالسىلا مەشرەپ باشلىناتتى. ئۇ ناخشا ئېيتسا قانلىرى قىزىپ، تېنى ئىچىگە پاتماي قالاتتى. ئېيتقانچە قىزىپ كېتەتتى··· كېيىن ئۇ ئۆيلەندى. خوتۇنى تۇغۇمچان چىقىپ قالدى. تۇرمۇش، ئائىلە غېمى ئۇنىڭ شاشلىقىنى خېلى بېسىقتۇردى. ئەمدى ئۇنىڭ قانلىرى ئىلگىرىكىدەك پورۇقلاپ قاينىماس بولدى. مۇشۇ بوز ئېشەكتەك ئىشتىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان ھارغىن، ئېغىر، قاشاڭ بولۇپ كەتتى.

ئۇ بۈگۈن قېيناتا - قېينانىسىنىڭكىگە خوتۇنىنى يوقلاپ بارغان ىدى. خوتۇنىنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلاپ قالغاچقا، شۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقىنىغا بىر ھەپتە بولۇپ قالغانىدى. بايا بىر چوكان ئۇنىڭغا سالام قىلىپلا ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتكىنىچە قايتا چىقمىدى. چوكاننىڭ بىلەكتەك ئىككى ئۆرۈم چېچى يىلاندەك بىرلا تولغىنىپ ئۆزىنى

دالدىغا ئالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا جىغغىدە قىلىپ كەتتى. سېھىرلەنگەندەك ئۇزاققىچە قېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى. خوتۇنى ئۇنىڭ قولىقىغا ئاستاغىنا پىچىرلاپ ئۆيىنى ئېسىگە سېلىپ قويدى.

— بەك كەچ بولۇپ كەتتى. بالىلار يولىڭىزغا قاراپ كەتكەندۇ.

ئۇ بۇ ئۆيدىن بويىنىدىن بىرسى سۆرىگەندەك چىقتى. بوز ئېشەكنى مىنىپ يولغا چىققىنىدا بۇ كېچىنىڭ سىياھتەك قاپقاراڭغۇ بىر كېچە بولغانلىقىنى سەزدى. بۇنداق قاراڭغۇ كېچىدە يالغۇز يول مېڭىش ھەقىقەتەن تەس ئىدى.

ئۇنىڭ قەلبىدە قورقۇنچ ئارىلاش چۈشىنىكسىز بىر تۇيغۇ ئەگىپ يۈرەتتى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا باياتىنقى چوكاننى ئويلاپ كېتىۋاتاتتى. چىرايلىق چوكان ئۇنىڭ قېيىنسىڭلىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئەينى يىللاردا توي قىلىشقا كۆزلىگىنى ئەسلى ئاشۇ خۇمارگۇل ئىدى. ئۇلارنى ئاۋۋال خۇمارگۇلنىڭ ھاممىسى تېپىشتۇردى. ئۇنىڭ خۇمارگۇلنى بىر كۆرۈپلا كۆڭلى چۈشۈپ قالدى. چوڭلار تويغا تۇتۇش قىلىشتى. ئارىلىقتا ئۇمۇ خۇمارگۇلنى ئىككى - ئۈچ نۆۋەت ئىزدەپ بېرىپ سۆز تاشلاپ ئۈلگۈردى.

توي كۈنى كەچتە ئۇ ھۇجرىغا كىرگەندە، سۇپا ئۈستىگە سېلىنغان ئورۇن ئۈستىدە گىجىم رومالغا پۈركەنگەن قىز بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى. 25 ۋاتلىق لامپا ئۆيىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ ئاۋۋال دېرىزىنىڭ پەردىسىنى چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇ مەھەللىلىك كەپسىز ياشلارنىڭ دېرىزىدىن ماراپ تاماشا كۆرۈشىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئايىغىنى سېلىۋېتىپ سۇپا ئۈستىگە چىقىپ، قىزنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇراتتى. ئۇ قىزنىڭ قولىنى ئاستاغىنا تۇتتى. قىزنىڭ قولى مۇزدەك سوغۇق ئىدى. بوش تىترەۋاتاتتى. ئۇ قىزنىڭ يۈزىدىكى گىجىم رومالنى ئېلىۋەتتى، قىز ئۇنىڭغا لاپپىدە بىر قارىۋېتىپ يەنە يەرگە قارىۋالدى. قىزنىڭ يۈزى چىراغ يورۇقىدا قىزغۇچ كۆرۈنەتتى. يۈزلىرى تولغان، بۇرۇنقىدىن

سەل سەمرىپ قالغاندەك قىلاتتى.

— خۇمارگۇل، جېنىم خوتۇن! — ئۇ قىزنى ئاۋايلاپ ئۆزىگە تارتتى. قىزنىڭ بەدىنى لاغىلداپ تىترەۋاتاتتى. قوللىرى ئۇنىڭ مەيدىسىدىن بوشقىنا ئىتتىرىپ تۇراتتى.

— مەن... مەن خۇمارگۇل ئەمەس، — قىز بىردىنلا ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى، — مەن ئۇنىڭ ئاچىسى.

ئۇ چۆچۈپ قىزنى قويۇۋەتتى. چەكچەيگىنىچە قىزغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. بۇ قىز راستتىنلا خۇمارگۇل ئەمەس ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئاچچىقىنى مۇشۇ قىزدىن ئالماقچى بولغاندەك ۋارقىراپ تاشلىدى.

— بۇ نېمە ئىش؟ بۇ يەردە سىز نېمە ئىش قىلىسىز؟

— مەن... مەنمۇ ئۇقمايمەن. ئانام تويلۇق كىيىمنى ماڭا كىيدۈردى. سىڭلىڭ تېخى كىچىك، ئۇنىڭغا يەنە ئەر چىقىدۇ. ئاۋۋال سېنىڭ بەختىڭ ئېچىلسۇن دەپ مېنى... — قىزنىڭ كۆز يېشى مەڭزىنى بويلاپ تۆكۈلدى، — مېنى ئەر چىقماي ئولتۇرۇپ قالدى دەپ، نەچچە قېتىم دۇئا ئوقۇتتى.

— سىزگە نېمىشقا ئەر چىقمىدى؟

— شەھەردە نەچچە يىل خەقنىڭ بالىسىنى بېقىپ يۈرگەندىكىن، خەق شەھەردە يۈرۈپ بۇزۇلۇپ كەتكەن دەپ...

ئارىنى خېلى ئۇزاق سۈكۈت قاپلىدى. قىز تېخىچە ئېسەدەۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىردىنلا قىزغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. يېشىنى سۈرتۈپ قويغۇسى كەلدى. ئەمما، خۇمارگۇل ئېسىگە كېلىشى بىلەنلا يەنە جەھلى قاتتى. خۇمارگۇلنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشىنى تىلىدى.

— خۇمارگۇلنى باشقا ناھىيىدىكى بىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئوغلىغا چاي ئىچۈرۈپ قويدى، ئۇلار بەك باي. خۇمارگۇلمۇ ماقۇل دېدى، — دېدى قىز ئاستاغىنا.

ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاچچىق بىر تۇيغۇ چىممىدە چىمدىپ ئۆتتى.

شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ بىردىنلا خۇمارگۇلدىن رايى يېنىپ كەتكەندەك بولدى. قىزنىڭ قىزىل شىپىڭ دۇخاۋا كۆڭلىكى يېشىل تاۋار يوتقان ئۈستىگە يېيىلىپ تۇراتتى. قىزنىڭ چاچلىرى پارقىراق ئىدى. جىگدە يېلىمىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. قىز ئېڭىكىنى تىزىغا تىرەپ تۈگۈلگىنىچە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ مەڭزىدە ياش تامچىلىرى قېتىپ قالغانىدى.

لامپىنىڭ يورۇقى بارا - بارا كۈچىيىۋاتاتتى. قىزغۇچ يورۇقلۇق ئۆي ئىچىدە ئاجايىپ يېقىملىق ئوتتەك قىزىق بىر ھارارەت ھاسىل قىلغانىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە بىر پارچە ئوت ئاستا- ئاستا لاۋۇلداشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى قانچە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشقانسېرى ئوت كۈچىيىپ باراتتى. كۆزلىرىمۇ باشقۇرۇشقا بويسۇنماي قىز تەرەپكە ئاغاتتى. قىز خۇمارگۇلدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە چىرايلىق ئىدى. بەدىنى تولۇق، يۈزلىرى ئايدەك يۇمىلاق ئىدى، كۆزلىرىدە سىرلىق، ئۇياتچان بىر ئۇچقۇن بار ئىدى.

ئۇ ئاستاغىنا قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى. قىز قارشىلىق قىلمىدى. قىزنىڭ بەدىنى مۇزلاپ كەتكەنىدى. تېخىچە تىترەۋاتاتتى. ئۇ يوتقاننى تارتىپ قىزنىڭ ئۈستىگە ئاۋايلاپ ياپتى. چىراغ ئۆچۈرۈلۈپ، ئۆي قاراڭغۇلۇققا چۆمدى. قىز قاراڭغۇلۇقتىن قورققاندەك يۈزىنى ئاستا ئۇنىڭ باغرىغا يوشۇردى...

ئۇ قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە خېلى ئۇزاققىچە ئاياغ باسمىدى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ خۇمارگۇلنىڭ تويى بولغاندىمۇ بارمىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ ئىشلارمۇ ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى. ئەمما، توي كۈنىدىكى شۇ ئىشلار ئېسىگە كېلىپ قالسىلا ئۇنىڭ خۇيى تۇتۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ خوتۇنىنى ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئۇرۇپ، ئاچچىقىنى چىقىراتتى، شۇ ئىشلارنى قېيناتا - قېيناتىسىنىڭ يۈزىگە سېلىپ، شۇ قىلغانلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى رەسۋا قىلغۇسى كېلەتتى. ئەمما، ھەممە ئىش ئۆتكەنىدى. بالىلار ئۇنى بۇ خوتۇنغا مەھكەم باغلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇنى ياۋاش، ئىشچان ئىدى.

ئارتۇق گەپمۇ قىلمايتتى. ئېتىزدىن چىقماي ئىشلەيتتى، جاپا تارتىش-مۇ ۋايسىمايتتى.

خۇمارگۇلنىڭمۇ تۇرمۇشتىن تەلىيى كەلمىدى. ئىككىنچى ئېرى-دىن ئاجرىشىپ تۇل ئولتۇرغىنىغىمۇ يېرىم يىلچە بولۇپ قالدى. ئۇ بۇلارنى ئەلۋەتتە خوتۇنى ئارقىلىق بىلىپ تۇراتتى. ئۇ بەزىدە خۇمار-گۇلنىڭ ئەينى چاغدا ئۆزىگە قىلغانلىرىنى ئويلىسا يۈرىكىدىن چىققاندەك بولۇپ قالاتتى. يەنە بەزىدە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا خۇمارگۇل توغرى-سىدا تاتلىق خىياللارنى سۈرۈپ كېتەتتى، بولۇپمۇ چوڭ ئۆيگە قېينا-تا- قېينانىسىنى يوقلاپ بارغانلىرىدا خۇمارگۇلنى تاسادىپىي ئۇچرى-تىپ قالسا، خۇدىنى يوقىتىپ قويۇشقا تاسلا قالاتتى.

بۇ كېچە ئۇنىمۇ، ئېشەكنىمۇ يۇتۇۋېتىدىغاندەك سۈرلۈك ئىدى. يول خۇددى تۈگىمەس ناخشىدەك بارغانسېرى ئۇزىرىپ باراتتى. بارا-بارا ئۇ ئۆزىنىڭ قايسى يولدا قايسى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئىلغا قىلالمىدى. پەقەت ئىختىيارىنى ئېشەككە تاپشۇرۇپ، چۇلۋۇر-نى قويۇۋېتىپ، ئەتراپقا ئالاڭلاپ قاراپ قوياتتى.

ئېشەك بىر خىل رىتىمدا كېتىۋاتاتتى، ئۇنى سەل مۈگدەك باسقاندەك بولدى. ھارغىن بەدىنى ئېشەكنىڭ ئورۇق تېنىگە چاپلى-شىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تۇيۇقسىز سىلكىنىشتىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئېشەك نېمىدىندۇر ئۈركۈپ كەتكەنىدى. ئۇ بېشى ئۈستى-دىلا ئېقىپ مېڭىۋاتقان غەلىتە يورۇقلۇققا ھاڭۋاققىنىچە قاراپ قال-دى. بۇ نۇر سۈتتەك ئاق، شېشىدەك سۈزۈك ئىدى. نۇر ئۇنىڭ تېنىنى سىلىققىنا سىيپاپ ئۆتتى. دەقىقە ئىچىدە ئەتراپ سۈتتەك يورۇپ كەتتى. بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم! ئۇ ئىچىدە پىچىرلاپ دۇرۇت ئوقۇدى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېسىگە دەماللىققا ھېچ نەرسە كەلمىدى. ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى تېخىچە خۇمارگۇلدە ئىدى. بىردىنلا ئاشۇ نۇر ئىچىدە خۇمارگۇلنىڭ كۈلۈم-سىرەپ تۇرغان ھالىتى كۆرۈندى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى يورۇق نۇرغا تەلپۈندى. ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇدى. سىرلىق نۇرنىڭ سوزۇلۇپ ئۇزاپ

كېتىۋاتقانلىقىغا جىمغىنا قاراپ قويدى.

ئېشەك تۇيۇقسىزلا چىچاڭشىپ ئۇنى يەرگە تاشلىۋەتتى. ئۇ ياۋاش، مىس - مىس ئېشەكنىڭ بۇنداق چىچاڭشىغىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ توپىغا مىلىنىپ ئوڭدىسىغا ياتقىنىچە ئېشەكنىڭ ھېلىقى نۇرنى قوغلاپ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. نۇرمۇ، ئېشەكمۇ ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى. ئۆزىنىڭ زادى قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى پەقەت ئىلغا قىلالمىدى. ئەتراپ چەكسىز كەتكەن بوشلۇق ئىدى. ئەتراپتا نە ئىنس- جىن، نە دەل - دەرەخ، ئاسماندا نە ئاي، نە يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. پەقەت جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇ تۆت ئەتراپقا يۈگۈرۈپ باقتى. بۇ بوشلۇقنىڭ چېكى يوق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ بوشلۇقتىن چىقىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى.

ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ تۇيغۇسى ئۇنى پەپىلىدى. چۈش كۆرۈۋاتىمەن، بۇلار مېنىڭ چۈشۈم، چۈشۈمدىن ئويغانساملا ... بۇ خىيالدىن ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى قورقۇنچ، ۋەھىمە سەل بېسىقتى. ئۇ باياتىندىن بېرى تۆت ئەتراپقا تولا يۈگۈرۈپ، پۇتلىرى تېلىپ ھېرىپ كەتكەنىدى. ئۇ تۇرغان جايىدىلا ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنى مۈگدەك باستى. ئۇ جايىغا قىيسىيىپلا ئۇيقۇغا كەتتى.

* * *

ئۇ بامداتقا ئەزان توۋلىغاندا ئويغاندى. ئۆزىنىڭ داق يەردىلا تۈگۈلۈپ ياتقىنىنى كۆردى. چۈشەكىگەندەك ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. ئەتراپتىكى ھەممىلا نەرسە ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى. بۇ يەر ئۇنىڭ ئۆز مەھەللىسى ئىدى. ئۇ ئۆز ئۆيىنىڭ بوسۇغىسى تۈۋىدىلا ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيگە كىرمەي قانداقلارچە بوسۇغا تۈۋىدىلا ئۇخلاپ قالغانلىقىغا ھەيران ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىمىنى قېقىشتۇ-

رۇۋېتىپ، بىردىنلا سەل نېرىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان بوز ئېشەككە كۆزى چۈشتى. ئېشەك ئۇنىڭغا قارىغىنىچە پۇشقۇرتۇپ يەرنى چاپچىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېشىكىنى تونۇمىغىلى تاسلا قالدى. ئېشەكنىڭ پېشانىسىدىكى قارا قاشقىسىدىن باشقا ھەممە يېرى ئۇنىڭ بۇرۇنقى ياۋاش، ئەبگار، ئاۋاق ئېشىكىگە پەقەت ئوخشىمايتتى. تېپىرلاپ يەرنى تىلغاپ جىم تۇرمايتتى. پەقەت ئېگىسىگە بولغان سادىقلىق ئۇنى بۇ يەرگە باغلاپ تۇرۇۋاتقاندەك، بولمىسا ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە كېتىدىغاندەك تۇراتتى.

ئۇنىڭ ئېسىگە بىردىنلا كېچىدىكى ئىشلار كەلدى. ئۇنىڭ تېنىنى سىيپاپ ئۆتكەن سۇزۇك نۇر، ھېچقانداق نەرسە بولمىغان چەكسىز كەتكەن بوشلۇق... بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشتەكلا غۇۋا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ راستتىنلا چۈش كۆرگەنلىكىگە ئىشىنىپ قالدى. ئېشەكنىڭ بۇرۇنقى ئەبگار تۇرقىمۇ ئۇنىڭغا چۈشتەكلا بولۇپ قالدى. ئۇ ئېشەكنىڭ ئارغامچىسىنى تۇتتى، ئارغامچا ئۇ بۇرۇن ئىشلەتكەن كونا ئارغامچا ئىدى. ئۇ دەرۋازىنى قاقتى. يەڭگىل ئاياغ تىۋىشى دەرۋازىغا يېقىنلاپ كەلدى. دەرۋازا ئېچىلدى. ئۇ ھەيرانلىقتىن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا خۇمارگۇل تۇراتتى.

— بۇ ئۆي ئەسلىرىدە باركەن - ھە؟ كېچە نەگە باردىلا؟ چوڭ ئۆيگە بارىمەن، دەپ كېتىپ بىر كېچە يوقاپ كەتكەن بارمۇ، ئادەمنى ئەنسىرىتىپ...

خۇمارگۇل ئۇنىڭغا دومسىيىپ قويۇپ، قېيىدىغاندەك ئىتتىك ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇ تېخىچە جايىدىن مىدىرلىماي ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى. خۇمارگۇلنىڭ ئىككى تال ئۆرۈم چېچى كاسىسى ئۈستىدە تولغىنىپ تۇراتتى. خۇمارگۇل ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئېشەك ئۇنى ھويلىغا سۆرىدى. ئۇ ئېشەككە ئەگىشىپ ھويلىغا، ئاندىن بىر بېسىپ ئىككى بېسىپ ئۆيگە كىردى.

خۇمارگۇل سۇپا ئۈستىدىكى ئورۇن - كۆرپىنى تامدىكى ئويۇقتا يىغىۋاتاتتى. ئۇ ئىچ كۆڭلەك بىلەنلا تۇراتتى. ئۇنىڭ بىلەكلىرى،

پاچاقلىرى ئوچۇق ئىدى. بۇ بىلەكلەر، پاچاقلار تولغان، بۇدرۇق ئىدى. تولغان كۆكسى لىغىلداپ تۇراتتى.

— بىر كىچە ئۆيگە كەلمەي، يەنە ئادەمگە يېۋەتكۇدەك قاراپ كەتكىنىنى، قىلىن! — خۇمارگۈل ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سۇركەلدى. باياتىنقى دومسىيىشلىرىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ بىردىنلا خۇمارگۈلنى كاپپىدە قۇچاقلاپ ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى. ئۇ ئېيتقۇسىز لەززەتتىن مەست بولۇپ كەتتى، خۇمارگۈل ئۇنىڭ قوينىدا ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، بىلىقتەك سوزۇلۇپ، بوينىغا چىڭ گىرە سېلىپ ياتاتتى.

ئۇ بەكلا ئۇزاقتا ئېسىگە كەلدى. خۇمارگۈل ئۇنىڭ قوينىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ هويلىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى. ئۆيدىكى هەممىلا نەرسە ئۆز پېتىچە ئىدى. هېچ نەرسە ئۆزگەرمىگەن، پەقەت بىرلا نەرسە — بالىلىرىنىڭ ۋارقىراشقان، جېدەللەشكەن، يىغلىغان ئاۋازى يوق ئىدى.

ئۇ چۈشتىن ئەمدىلا ئويغانغاندەك، بىردىنلا ئېسىگە بالىلىرى كەلدى. ئۇنىڭ بەش بالىسى بار ئىدى. تۈنۈگۈن ئاخشام شۇ بالىلىرىدىن ئەنسىرەپ، كەچ قالغان بولسىمۇ يولغا چىققانىدى.

ئۇ ئىتتىكلا هويلىغا چىقتى. هويلىدا خۇمارگۈل چاچلىرىنى هۆللەپ تاراۋاتاتتى. بالىلار كۆرۈنمەيتتى.

— بالىلار قېنى؟ — ئۇ ئىتتىكلا سورىدى.

خۇمارگۈل ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەندەك ئۇنىڭغا بىر هازا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— قايسى بالىلارنى دەيدىلا؟ — ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەجەبلىنىش چىقىپ تۇراتتى.

— مېنىڭ بالىلىرىمچۇ؟

— سىلىنىڭ قايسى بالىلىرى؟ قىزىق، بىز تېخى بالىلىق بولمىغان تۇرساق، — خۇمارگۈل ئۇنى زاڭلىق قىلغاندەك كۈلۈپ

قويدى.

ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپلا قالدى. ئەتىگەن ئويغانغاندىن بۇيان ھەمـ-
مىلا ئىش غەلىتە، چۈشىنىكسىز ئىدى. ئۇ يەنىلا ئۆزىنى چۈشەكەۋاتـ-
قاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئېسى جايىدا ئىدى.
ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم بولغىنى بالىلىرىنى
ئىزدەپ تېپىش ئىدى.

ئۇ ھويلىنىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپ چىقتى، ئاندىن دەرۋازا
ئالدىغا چىقىپ، بالىلىرىنىڭ ئىسمىنى بىر - بىرلەپ توۋلاپ چاقىـ-
رىشقا باشلىدى.

— ھۆرنىسا! ھۆرلىقا... ! ھېمىت! بالىلىرىم، سىلەر نەگە
كەتتىڭلار؟

— توۋا، ساراڭ بولدىمۇ نېمە بۇ ئادەم؟— خۇمارگۈل يوگۈرۈپ
چىقىپ ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتقۇشلاپ ھويلىغا ئەكىردى.

— نېمە بولدى سىلىگە؟ بىر كېچە يوقاپ كېتىپ غەلىتە بولۇپ
قاپىلىغۇ، خۇددى جىن چاپلاشقاندەك. ھۆرنىسا، ھۆرلىقالار ئاچامنىڭ
بالىلىرى تۇرسا، ئۇلار ھازىر چوڭ ئۆيدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ ئۆيگە
كەلمىگىلى نەۋاخ. بىچارە ئاچامنىڭ ئەردىن، بالىلىرىنىڭ دادىسىدىن
تەلىيى چىقمىدى. ئاچامنىڭ ئىككىنچى ئېرىمۇ ئوسال چىقىپ قالدى.
قورساقتىكى بالا بىلەن ئۇ ئېرىدىنمۇ ئاجرىشىپ كەتتى. خۇدايىم
تىلىكىمىزگە يەتكۈزۈپ بىزگىمۇ بالا بېرەر. بولمىسا ئاچامنىڭ بالىـ-
لىرىدىن بىرەرسىنى بېقىۋالارمىز.

ئۇ ئەمدى رەسمىي گاڭگىراشقا باشلىدى. ئۆزىنىڭ چۈش كۆرـ-
مەيۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئەتراپ يوپيورۇق ئىدى. ھويلىدا قارا مېكىـ-
يان چۈجىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ دانلاپ يۈرەتتى. مەھەللە ئىچى جىمـ-
جىت ئىدى. ئۇنىڭغا بۇ جىمجىتلىقمۇ غەلىتە تۇيۇلدى. ئۇ مەھەللىنى
باشتىن - ئاياغ ئايلىنىپ چىقتى. ئۇچرىغانلارغا سالام قىلغان -
قىلمىغانلىقىمۇ ئېسىدە يوق ئىدى. ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە، ھەممە
ئادەم چۈشىنىكسىز، غەلىتە كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى، كۆن نەيزە بويى

ئۆرلىگەن چاغ. كۈن نۇرى دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېسىگە يەنە كېچىدىكى ھېلىقى سىرلىق نۇر كەلدى. بۇ نۇر ئۇنىڭ ئېسىدە بەك ئېنىق ئىدى، ئۇ كۈن نۇرىدىنمۇ نۇرلۇق، سۈزۈك نۇر ئىدى. ئۇ ئۆزىنى يەنە شۇ نۇرنىڭ ئارىسىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىكى گاڭگىراشلار ۋۇجۇدىدا يۈز بېرىۋاتقان سىرلىق تۇيغۇلار بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. بىردىنلا ئەتراپتىكى ھەممىلا نەرسە ئۇنىڭغا ئاجايىپ گۈزەل تۇيۇلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن تونۇش دۇنيا ئىدى. ئۇنىڭ ئېگى بۇلارنى ناھايىتى تېزلا قوبۇل قىلالايدىغاندەك قىلاتتى.

ئۇ ئۆيگە كۈن چۈش بولغاندا قايتىپ كەلدى.

— نەگە بېرىپ كەلدىڭلە، مېنى يالغۇز قالدۇرۇپ؟

خۇمارگۈل ئۇنىڭغا ناز بىلەن دومسايدى. بۇ چوكاننىڭ دومسىيىشلىرىمۇ ئاجايىپ يېقىملىق ئىدى.

— ئېتىزلىقلارنى ئارىلاپ كەلدىم، — دېدى ئۇ.

ئېشەك قاتتىق ھاڭراپ ھويلىنى بېشىغا كىيدى. ئېشەك ھويلىدىكى ئوقۇرغا باغلاقلىق ئىدى. ئېغىز - بۇرنى سامان يۇقى ئىدى. قورسىقى تويۇپ راھەتلىنىپ، جېنى تېنىگە پاتماي قالغاندەك قىلاتتى.

— توۋا، بۇ ئېشەكنىڭ تۈكلىرى ئەجەب پارقىراپ تۇرىدۇ - يا؟

خۇمارگۈل ئېشەكنىڭ يېنىغا بېرىپ تۈكلىرىنى سىيلاپ قويدى. دېمىسىمۇ، ئېشەكنىڭ تۈكلىرى پارقىراق تۇراتتى، بولۇپمۇ كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرغان قۇيرۇق قىسمى ساپسېرىق پارقىراپ ۋالىلداپ تۇراتتى.

ئۇ ئېتىزغا قىغ ئاپىرىش ئۈچۈن ئېشەككە ھارۋىنى قاتتى. ھارۋا بەكلا كونا، ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ھارۋا ئىدى. ئېشەك ھارۋىنى ياراتمىغاندەك داجىپ، تىرەجەپ بەك تەستە كۆندى. ئۇ ھارۋىغا قىغنى تازا جىق ئۇستى. ئېشەك توپىلىق يولدا ئالدىرىماي مېڭىشقا باشلىدى. بۇ ئېشەك ئەزەلدىن بۇنداق ئېغىر يۈككە كۆنۈك ئىدى. بېشىنى

كۆتۈرمەي پۇشۇلداپ ماڭاتتى. بۈگۈن دەسلەپ خېلى تېتىك ماڭغان-
دەك قىلدى. ئەمما، پارقىراق تۈكلىرى توپا - چاڭدا مەينەتلىشىپ
كەتتى.

كەچتە خۇمارگۈل ئۇنىڭغا تازا ئوخشىتىپ لەڭمەن ئېتىپ بەر-
دى. ئۇ بۈگۈنمۇ بۇرۇنقىدەك ئىشتىن باش كۆتۈرەلمىگىنىگە قارىماي
پەقەت هارغاندەك بولمىدى. ئۇ ئۆمرىدە هېس قىلىپ باقمىغان لەز-
زەتلىك تۇيغۇلاردىن مەست ئىدى. خۇمارگۈلگە قارىغانسېرى ئاجايىپ
بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئۇنى هاياجانغا سې-
لىۋاتقان بۇ غەلىتە، چۈشىنىكسىز رېئاللىقنى قوبۇل قىلىپ بولغان-
دەك قىلاتتى.

ئۇ خۇمارگۈلگە قاراپ ئولتۇرۇپ ئىختىيارسىزلا خوتۇنىنى ئوي-
لاپ قالدى. خوتۇنىنىڭ چىرايىمۇ، مىجەز - خۇلقىمۇ خۇمارگۈلگە
پەقەت ئوخشىمايتتى. باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشنى، بالا تۇغۇشنىلا بى-
لىدىغان، ماشىنىدەك هېسسىياتسىز خوتۇن ئىدى. ئۇ شۇ خوتۇن
بىلەن ئون يىلنى بىللە ئۆتكۈزۈپ بەش باللىق بولغانىدى. مانا ئەمدى
خۇمارگۈل! ئۇنىڭ خىيالىدىن چىقمايدىغان ئايال خۇددى جىن -
ئالۋاستىدەك، ياق - ياق، پەرىشتىدەكلا ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.
نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئۆز كۆزىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئەتىگەن يۈز
بەرگەن ئىشلار، خۇمارگۈلنىڭ ئۆز قوينىدا تولغىنىپ يېتىشلىرى
ئۇنىڭغا يەنىلا چۈشتەك تۇيۇلاتتى. ئەمما، بۇلار چۈش ئەمەس ئىدى.
چۈشكە ئەخشايدىغان گۈزەل هەم تاتلىق رېئاللىق ئىدى. هەممە نەر-
سە، هەممە ئىش شۇنچىلىك تەبىئىي، گويا ئەزەلدىن شۇنداق بولۇپ
كېلىۋاتقاندەك، ئۆتكەن ئىشلار، ئۇنىڭ مىس - مىس خوتۇنى، يىغ-
لاڭغۇ، جېدەلخور باللىرى گويا ئەزەلدىن ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا مەۋجۇت
ئەمەستەك ئىدى.

ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى هەرقانداق نەرسىگە باغلاپ تەھلىل قىلىشقا
رايى يوق ئىدى. ئۇ پەقەت خۇشاللىقتىن مەست ئىدى. خۇشاللىقى-
نى، بەختىنى هەممە ئادەمگە ئېيتقۇسى، ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ

ۋارقىرىغۇسى كېلەتتى. ئۇ مەھەللىدىكىلەرنى، تونۇش - بىلە
مېھمانغا چاقىرىشنىمۇ ئويلىدى. ئەمما، بۇ نىيىتىدىن تېزلا يا
دى. ئۇنىڭ ئۆيىدە ئاشۇ ئاۋاق بوز ئېشىكى بىلەن ئەبجەق هارۋىسى-
دىن بۆلەك تۈزۈكرەك بىساتىمۇ يوق ئىدى. قىشلىق ئوزۇقىمۇ
بۇغداي پىشقۇچە ئاران يېتەتتى.

ئېشەك تازا قاتتىق هاڭراپ كەتتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئېشەكنى يېتىلەپ ئېغىلغا ئەكىرىپ، ئوقۇرىغا سامان تۆكۈپ بەردى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، هويلىدا بەخىرامان مېڭىپ يۈرگەن ئېشەككە كۆزى چۈشتى. ئېشەك هويلا ئىچىنى تىلغاپ، تېزەكلەپ، قارىغۇسىز قىلىۋەتكەنىدى.

— هۇ، كالۋا ئېشەك!

ئۇ ئېشەكنى ئۇرۇش ئۈچۈن قولىغا تاياق ئالدى. ئەمما، بىردىنلا توختاپ قالدى. ئېشەك توساتتىن ئۇنىڭغا بەكلا هەيۋەتلىك، ئالاهىدە كۆرۈنۈپ كەتتى. ئېشەك جېنى ئىچىگە پاتمىغاندەك چاپچىيتتى. تۈكلىرى پارقىراپ تۇراتتى.

— تۇۋا، بۇ ئېشەكنىڭ تۈكلىرى ئەجەب پارقىراپ تۇرىدۇ - يا، خۇددى ئالتۇندەك، — خۇمارگۈل يەنە شۇنداق دېگىنىچە ئېشەكنىڭ يېنىغا بېرىپ تۈكلىرىنى سىيلاپ قويدى. ئېشەك رايىشلىق بىلەن جىم تۇرۇپ بەردى.

— ئېشەككە بىر غەلۋىر قوناق تۆكۈپ بېرىڭ! — دېدى خۇمارگۈل.

ئۇ ئوقۇرنى پاكىز تازىلاپ، بىر غەلۋىر قوناق تۆكۈپ بەردى. ئېشەك قارسىلدىتىپ قوناق يېيىشكە باشلىدى. كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلۈپ، كۈن نۇرى ئۇدۇل ئېشەكنىڭ دۈمبىسىگە چۈشتى. ئېشەكنىڭ تۈكلىرى ساپسېرىق ئالتۇن رەڭدە جۇلالىنىپ كەتتى. خۇمارگۈل ئېشەكنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەي، تېخىچە تۈكلىرىنى سىيلاپ تۇراتتى. ئۇمۇ ئېشەكنى پەقەت بۈگۈنلا كۆرۈۋاتقاندەك هەيران بولۇپ قاراپ قالدى. ئېشەكنىڭ تۈكى ئادەتتىكىدەك پارقىراق

ئەمەس، ھەقىقەتەن ئالتۇندەك جۇلالىق، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك پارقىراق ئىدى.

— بۈگۈن بۇ ئىشەكنى ھارۋىغا قاتمايلى، ئىتىزغا ئۆزىمىزلا بېرەيلى، — دېدى خۇمارگۈل.

ئەزەلدىن ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا خۇمارگۈل كۆرسەتمە بېرىپ كېلىۋاتقاندەك، خۇمارگۈلنىڭ ھەربىر سۆزى ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇقەددەس بۇيرۇقتەك ئىدى. ئۇ ئۆزى يالغۇز ئىتىزلىققا كەتتى.

كەچتە ئىتىزلىقتىن قايتقاندا خۇمارگۈل ئۇنى ھاياجانلانغان ھالدا قارشى ئالدى.

— راست، راستتىنلا ئالتۇنكەن، — خۇشلۇقتىن خۇمارگۈلنىڭ تىلى گەپكە كەلمەي قالغانىدى.

— ئالتۇن؟ نېمە ئالتۇنكەن؟ — ئۇ تېنىقى توختاپ قالغاندەك، خۇمارگۈلنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى.

— بىزنىڭ ئىشەكچۇ، ئىشەكنىڭ تۈكى ئالتۇنكەن، — خۇمارگۈل ئالدىراپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — ئەتىگەن سىلى ئېتىزلىققا كەتكەندىن كېيىن قورسىقىمغا جىن كىرىپ، قايچا بىلەن ئىشەكنىڭ تۈكىدىن ئازراق قايچىلاپ بازارغا ئاپىرىپ زەرگەرگە كۆرسىتىۋىدىم، زەرگەرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. زەرگەر بۇنى كەم تېپىلىدىغان ساپ ئالتۇنكەن دېدى. راست، راستتىنلا شۇنداق دېدى. مەن بۇنداق ئالتۇن بىزدە جىق دېۋىدىم، زەرگەر باش - ئايىغىمغا قاراپ قالدى. گېپىڭىز راست بولسا مۇشۇ ئالتۇندىن ماڭىمۇ ئازراق سېتىپ بېرىڭ، دەپ تۇرۇۋالدى. مەن ماقۇل دېدىم. زەرگەر خۇش بولۇپ، ئۆزۈم ئاپارغان ئالتۇندا بىر تال ئۈزۈك سوقۇپ بەردى. مانا قارىسىلا، بۇ ئالتۇن ئۈزۈك، جىق ئالتۇن ئۈزۈك...

خۇمارگۈلنىڭ قولىدا راستلا ساپسېرىق، جۇلالىق، نەپىس بىر تال ئالتۇن ئۈزۈك پارقىراپ تۇراتتى. خۇشلۇقتىن كۆزلىرى چاقناپ، ئاغزى يۇمۇلماي قالغانىدى.

ئۇ يەنە گاڭگىراپ قالدى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا مۇمكىن بولمايدى-

غان ئىشتەك، ھەممىسى قۇرۇق گەپتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئېشەكنىڭ تۈكىنىڭ ئالتۇن بولۇپ قېلىشى ھەقىقەتەن ئەقىلگە سىغمىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. بەلكىم بوز ئېشەكنىڭ تۈكى سېرىققا ئۆزگىرىپ قالغىنى ئۈچۈن، خۇمارگۈل سېرىق، پارقىراق نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئالتۇن دەپ ئويلاپ، ئۆزىچىلا خىيالىغا كەلگىنىنى توقۇپ يۈرگەندۇ؟

ئەمما خۇمارگۈلنىڭ كۆزلىرى ھەممىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تۇراتتى. ئۇ خۇمارگۈلنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ھويلىغا چىقتى. ئېشەك ھويلىدىكى ئوقۇرغا چىڭ باغلاقلىق ئىدى. ئېشەكنىڭ ئۈستىگە چىرايلىق بىر پارچە رەخت ئارتىقلىق تۇراتتى.

— خەقلەر كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ دۇخاۋا كۆڭلىكىمنى سۆكۈپ ئۈستىگە يېپىپ قويدۇم، — دېدى خۇمارگۈل.

ئۇ تېخىچە گاڭگىراپ تۇرغىنىغا قارىماي خۇمارگۈلنىڭ رايى بويىچە ئېشەكنى ئۆزلىرى ياتىدىغان ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، سۇپىنىڭ لېۋىدىكى تۈۋرۈككە باغلىدى. ئۇلار كېچىچە ئېشەكنىڭ پۇشقۇرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېتىشتى. ئۇمۇ، خۇمارگۈلمۇ تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. خۇمارگۈل ھېلىدىن - ھېلىغا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېشەكنىڭ تۈكلىرىنى سىيلاپ قوياتتى. چىراغنى ياندۇرۇپ قويۇپ، ئېشەكنىڭ ئۈستىگە يېپىقلىق رەختنى ئېلىۋېتىپ قاراپ ئولتۇراتتى. ئېشەكنىڭ تۈكلىرى چىراغ يورۇقىدا تېخىمۇ ۋالىلداپ پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ ئېشەككە قاراپ يېتىپ خۇمارگۈلنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راستلىقىغا بارغانسېرى ئىشىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئازراق بىر قىسمى ئالا ئىدى.

— مەن ئاشۇ يەرنى قايچىلىغان، — دېدى خۇمارگۈل ئۇنىڭغا ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنى كۆرسىتىپ.

ئۇنىڭمۇ ئۇيقۇسى قاچقانىدى. ئۇلار بۇ كېچىنى ئېشەككە قاراپ ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزۈشتى. ئۇلار بۇ گەپلەرنى ھېچكىشىگە دېمەيلى، بولمىسا خەقلەر ئېشىكىمىزنى ئوغرىلىۋالىدۇ، دەپ مەسلىھەتلىشىۋېلىشتى. ئەمما، بۇ خەۋەرنى شۇ كۈنىلا پۈتۈن مەھەللىدىكىلەر بىلىپ

كەتتى. خۇمارگۈل ئالتۇن ئۈزۈكىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن ئۆيمۇئۆي كىرىپ بۇ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى.

ئاشكارىلانغان مەخپىيەتلىكنى يوشۇرۇش مۇمكىن بولماي قالدى. مەھەللىدىكىلەر ئېشەكنى كۆرۈش ئۈچۈن، تۈشمۇتۈشتىن كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار ئامالسىز ئېشەكنى ئۇلارغا كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولۇشتى. ئەمما، كەلگەنلەر ئېشەكنى 3 — 4 مېتىر يىراقلىقتا تۇرۇپ كۆرەتتى. ئېشەككە يېقىن كېلىشكە، تۈكىنى سىيلاپ بېقىشقا خۇمارگۈلمۇ، ئېشەكمۇ يول قويمايتتى. شۇنچە كۆپ ئادەم بولغانغا قارىماي، ئېشەكنىڭ بىرەر تال تۈكىنى يۇلۇۋېلىشنى ئويلىغانلارمۇ ئېشەككە يېقىن يولىيالماي ئاستا كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئېشەكنىڭ پاچاقلىرى ئۈزىرىپ، بەدىنى تولۇپ، تۈكلىرى تېخىمۇ پارقىراپ كەتتى. ئېشەك گويا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلىۋالغاندەك، بارا - بارا ھەممە نەرسىگە، ھەتتا ئۆزىنى كۆرگىلى كەلگەن ئادەملەرگىمۇ مەنسىتمىگەندەك قاراپ غادىيىپ تۇراتتى. بەزىدە ئۆزىنى كۆز- كۆز قىلغاندەك قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ پۇلاڭلىتىپ قوياتتى. نە - نەلەرگىچە چاچرىتىپ شارقىرىتىپ سىيىۋېتەتتى.

خۇمارگۈل بىلەن ئېشەك بىر - بىرىگە بەكلا ئامراق بولۇپ كېتىشتى. خۇمارگۈل ئېشەكنىڭ تۈكلىرىنى كۈندە نەچچە ۋاخ سىيلاپ، سۆرتۈپ، ھەتتا تۇياقلىرىغىچە يۇيۇپ پارقىرىتىۋېتەتتى. ئېشەكمۇ خۇمارگۈلگە ئوبدانلا ئىچىكىپ قالغانىدى. خۇمارگۈلنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپلا يۈرەتتى. خۇمارگۈلنىڭ تاسادىپىي ئۈنىڭغا قاراشقا چولىسى تەگمىسە، ئۇ خۇيلىنىپ، تۈكلىرىنى سالپايتىۋالاتتى.

ئۇلار ئەمدى كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. كىچىككىنە تىرىقلىغان ئاۋازمۇ ئۇلارنىڭ ئارامىنى بۇزاتتى. ھېلىقى كۈندىن باشلاپ ئېشەكنى ئۆزلىرى ياتىدىغان ئۆيگە ئەكىرىۋالغىنىغا قارىماي، كىملەرنىڭدۇر ئوغرىلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپلا تۇراتتى. بەختىگە يارىشا بۇ يۇرتتا ئوغرى - يالغان ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىدى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئۇلارنىڭ يۈرىكى سەل ئىزىغا چۈش-

تى. ئەمما، مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭ ئالتۇن تۇكلۇك ئېشىكى توغرۇ-
لۇق خىلمۇ خىل ھېكايە توقۇشۇپ، تەرەپ - تەرەپكە تارقىتىۋېتىشكە-
ىندى. ئېشەكنى كۆرگىلى كېلىدىغانلار يەنە كۆپەيگىلى تۇردى. ئۇلار
ئەمدى ئۆينى كېچەيتىش كويىغا چۈشتى. بۇ خۇمارگۇلنىڭ ئەقلى
ئىدى. ئۇلار ئېشەكنىڭ ساغرا قىسمىنىڭ تۈكىنى قايچىلاپ زەرگەرگە
ئاپىرىپ سېتىپ، ئۆينى كېڭەيتىپ ياسىدى. ئېشەك ئۇچۇن مەخسۇس
ئۆي ھەم كەلگەنلەرنىڭ ئېشەكنى ئېنىقراق كۆرۈشى ئۇچۇن ئېگىز-
رەك سۇپىمۇ سالدۇردى. ئېشەكنىڭ ساغرىسى چېچى چۈشۈپ كەتكەن
تازنىڭ بېشىدەك ئالا بولۇپ قالدى. ئەمما، قالغان يەرلىرىنىڭ تۈكى
يەنە پارقىراپ تۇراتتى.
ھەممىدىن بەك خۇمارگۇل نوچى بولۇپ كەتتى. ئۇ كۈندە دېگۈ-
دەك زەرگەر دۇكىنىغا قاتىرايتتى. ئۇنىڭ بارماقلىرىدا جۈپ - جۈپ
ئالتۇن ئۈزۈكلەر پارقىراپ تۇراتتى. بىلىكى، ھەتتا پاچاقلىرىغىمۇ
قوشلاپ بىلەزۈك تاقىۋالغانىدى. يول ماڭغاندا پاچاقلىرىدىكى بىلە-
زۈكلەر بىر - بىرىگە تېگىشىپ جىرىڭلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا مەھەللى-
لىك ئاياللارلا ئەمەس، شەھەرلىك ئاياللارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ،
ھەسەتتىن لەۋلىرىنى چىشلىشەتتى.
ئېشەكنىڭ تۈكلىرى تېخىمۇ ئالىپاساق بولۇپ كەتتى. ئېشەكنى
كۆرگىلى كېلىدىغانلارنىڭمۇ ئايىغى بېسىقتى. خۇمارگۇل ئېشەكنىڭ
قېپقالغان ئەڭ ئاخىرقى تۈكلىرىنى پاك - پاكىز قايچىلاپ ئېلىپ،
بىر جۈپ ئالتۇن كەش ياساتتى، بۇ ئالتۇن كەش شەھەرنىڭ كوچىلى-
رىدىلا ئەمەس، سەھرانىڭ توپىلىق يوللىرىدىمۇ ۋالىلداپ چاقناپ،
كېتىۋاتقان ھەرقانداق ئادەمنى ئىختىيارسىز توختاشقا مەجبۇر قىلات-
تى. خۇمارگۇل ئالتۇن كەشنى كىيىپ، ئالتۇن جابدۇقلىرىنى تاقاپ
سىرتقا چىققاندا ھەممە كۆزلەر ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا تىكىلەتتى. ئۇ
بۇنىڭدىن مەست بولاتتى، ھوزۇرلىناتتى. ئېشەكنىڭ بۇرۇنقى سەلتە-
نەتلىك تۇرقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. بەدىنىدە پەقەت بوززەڭ تېرىسىلا
قالدى. ئۆزىمۇ ياۋاشلىشىپ، سالپىيىپ كەتتى. ئۇلار ئەمدى ئېشەك-

نى ياتىدىغان ئۆيىگە ئەكىرمەس بولدى. خۇمارگۈلنىڭ ئەمدى ئېشەك
بىلەن كارى يوق بولۇپ قالدى. بۇرۇنقىدەك سىيلاپ - سىيپاپ
ئەتىۋارلاش تۇگۇل، ئېشەككە قاراپ قويۇشقىمۇ رايى بارمايدىغان
بولۇپ قالدى. شەھەردە ئۇنىڭمۇ، خۇمارگۈلنىڭمۇ دوست - بۇرادەر-
لىرى كۆپەيگەنىدى. ئۇلار كۈندە دېگۈدەك چايلارغا، ئولتۇرۇشلارغا
باراتتى. رېستورانلاردا كېچە - كېچىلەپ ئويناپ - كۈلۈپ يۈرۈشەت-
تى. ئېشەك قاراقسىز قېلىپ ئاز كۈندە ئورۇقلاپ، بىر تېرە، بىر
ئۇستىخان بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئېشەككە قارايدىغانغا چولىسى
تەگمىدى. بىر كۈنى ئېشەك تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى. ئۇلار شۇندىلا
ئەس - هوشىنى يىغىپ ئۆرتۆپە بولۇشۇپ، ئېشەكنى ئىزدەشكە چۈش-
تى. ئەمما، ئۇلار ھەرقانچە ئىزدەپمۇ ئېشەكنىڭ دېرىكىنى ئالالمى-
دى. خۇمارگۈلنىڭ ئالتۇن كەشىنىڭ چەممۇ تېشىلىپ كەتتى.
ئەمما، ئۇلار تېخىچە ئاشۇ ئېشىكىنى ئىزدەپ ئاۋارە ئىدى.



# يامغۇر پەسلى

سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

يولنىڭ قاسنىقىدىكى گۈل دەرىخى قىزلارنىڭ لېۋىدەك ئاجايىپ چىرايلىق چېچەكلىگەنىدى. يامغۇر تامچىلىرى چېچەك بەرگىلىرى ئۈستىدە شەبنەمدەك يالتىراپ تۇراتتى. كوچىدا ئادەملەر ئانچە كۆپ ئەمەس، پىيادىلەر يولىدىن يېشىل مۇخلار ئۈنۈپ چىققانىدى. ئۇ گويا پاياندار ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك ئاۋايلاپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. ئۇ تۇتۇۋالغان كۈنلۈكنىڭ ئۈستىدىكى گۈل كەشتىسى بەكلا چىرايلىق كۆرۈنەتتى. يامغۇر تامچىلىرى كۈنلۈك ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ يەرگە ئاستا - ئاستا تامچىلايتتى. ئاپال بەكلا چىرايلىق ياسانغانىدى. ھالرەڭ لەۋ سۈرۈخى سۇزۇك چىرايىغا ئاجايىپ ياراشقانىدى.

بۈگۈن ئۇنىڭ توي خاتىرە كۈنى ئىدى. ئەمما، يولدىشى كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ سەممىمي، ئائىلىسىگە كۆيۈنىدىغان ئەر ئىدى. ئەمما، ھەمىشە مۇھىم خاتىرە كۈنلەرنى ئۇنتۇپ قالاتتى. توي قىلغىنىغا 15 يىل بولغىنىغا قارىماي ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى بىرەر قېتىممۇ سوراپ قويمىغانىدى. ئۇنىڭ بۇلارنى ئويلىسىلا كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئەمما ئېرىدىن خاپا بولۇشنىڭ ئورۇنسىزلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئەر ئالدىراشلار يۇرەتتى. بۇنداق «ئۇششاق - چۈششەك» ئىشلارنى ئېسىدە تۇتىدىغانغا ۋاقتى يەتمەيتتى.

ئاپال ئەتىگەندىن بېرى ئېرىنىڭ تېلېفون قىلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتتى، چۈشتە ئېرى تېلېفون قىلدى. ئەمما، بۈگۈنكى توي خاتىرە كۈنى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. ئۇ يەنە ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ئاپالمۇ ھېچنېمە دېمىدى. ئەمما، كۆڭلى شۇنچىلىك يېرىم

بولدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە بىلىنگەن بۇ كۈنلەر بەلكىم ئېرى ئۈچۈن ھېچنېمە ئەمەستۇر. ئۇ بەلكىم سىرتتا قانداقتۇر مۇھىم ئىشلار ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرگەندۇ...

ئۇ ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى چىرايلىق تۇرقىنى ئېرىنىڭ كۆرۈشىنى بەكلا خالايتتى. ئېرى تۇيۇقسىزلا قايتىپ كەلسە، ئايالىنىڭ شۇنچىلىك چىرايلىق تۇرقىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قېلىپ قاراپ قالسا... ئەمما ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا بۇ خىل تاسادىپىيلىقنىڭ يۈز بەرمەيدىغىنى ئېنىق ئىدى.

ئايال بەكلا ئاستا كېتىۋاتاتتى. ئاپئاق ئايىغى بىلەن مۇخلارنى دەسسىۋەتمەسلىككە تىرىشاتتى. يامغۇرنىڭ تامچىلىغان ئاۋازلىرى مۇزىكىدەكلا يېقىملىق ئىدى. نەمخۇش ھاۋا كۆڭۈلگە ياقاتتى. گۈل بەرگىلىرى ئۈستىدىكى يامغۇر تامچىلىرى ھېسسىياتچان ئايالنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئەسلىتەتتى. ئايالنىڭ ئالدىدىلا بىر جۈپ قىز - يىگىت كېتىۋاتاتتى. قىز يىگىتنىڭ بېلىكىگە ئېسىلىپ يىگىتكە يۆلەنگىنىچە ماڭاتتى. يىگىت قولىدىكى كۈنلۈكنى پات - پات قىز تەرەپكە سۈرۈپ قوياتتى. ئايالنىڭ بۇلارغا مەستلىكى كەلدى. قىزىق ئىش، ئۇمۇ ئېرى بىلەن بىر يەرلەرگە بارغاندا ئېرىنىڭ بېلىكىگە ئېسىلىپ سەلگىنە يۆلىنىپ مېڭىشقا ئامراق ئىدى. ئايالنىڭ يۈرىكىدە تاتلىق بىر ھېسسىيات ئاستا - ئاستا مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى. ئەمما، ئايالنىڭ بۇ ھېسسىياتچان يۈرىكىنى ئېرى مەڭگۈ چۈشەنمەيتتى.

ئايال مېڭىپ - مېڭىپ ھۇپپىدە گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان باغچە ئالدىغا كەلدى. ئۇ بۇ باغچىغا بالىلىرىنى ئويناتقىلى ئېلىپ كەلگەندىن باشقا ئۆزى يالغۇز، ھەتتا ئېرى بىلەنمۇ بىللە كەپ باقمىغانىدى. ئۇ بۇ باغچىنى ياقتۇراتتى. باغچىغا بالىلىرىنى ئويناتقىلى ئەكەلگەنلىرىدە بالىلىرىنى ئويۇنغا قويۇپ بېرىپ، ئۆزى ئەتراپتىكى گۈزەللىكتىن جىممىدە ھۇزۇر ئالاتتى. سۇلارنىڭ شارقىرىغان ئاۋازىنى، گۈللەرنىڭ شىۋىرلاشلىرىنى، قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنى زوق بىلەن ئاڭلايتتى.

ئايال باغچىغا كىردى، دىماغلىرى گۈپپىدە گۈل ھىدىغا تولۇپ كەتتى. يامغۇرنىڭ سىمىلدىغان ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گۈللۈكلەردىن، چىملىقلاردىن نەمخۇش تۇپا پۇرىقى كېلەتتى.

ئايال باغچە ئېچىنى ئاستا ئايلىنىشقا باشلىدى. كېتىۋېتىپ ئۇ ئېرىنىڭ يېنىدا بولۇشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىپ قالدى.

ئايال تۇيۇقسىز چىپپىدە توختاپ قالدى. يىراقتا بىر ئەر ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئەر ئېگىزدە، بىر تۈپ قارىياغاچ دەرىخىنىڭ تۈۋىدە تۇراتتى. ئەر يېنىدىكى ئاشۇ دەرەخكە سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ مەزمۇت، ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى.

ئايالنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئەردىن ئىتتىكلا كۆزىنى قاچۇرۇپ، كۈنلۈك ئاستىغا ئۆزىنى سەلگىنە يوشۇرۇپ، ئالدىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى. ئايالنىڭ قەدەملىرى ئاستا ئىدى. ئۇ ئېگىزگە قايتىلاپ قارىمىدى. يول ئاستا - ئاستا ئېگىزلەپ باراتتى. يولنىڭ قاسنىقىدىكى قارىياغاچ دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى ئەتراپقا بۈككىدە يېيىلىپ تۇراتتى. ئايالنىڭ يۈرىكىدە يەنە تاتلىققىنە ھېسسىيات مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى. ئېرى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالسا...

ئۇ كۈچلۈك ئاياغ تىۋىشىدىن تۇرۇپلا ئەندىكىپ، بېشىنى كۆتۈردى. يولنىڭ قايرىلىش دوقمۇشىدا چوقچىيىپ تۇرغان بىر تۈپ دەرەخنى، دەرەخ يېنىدا ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ئەر كىشىنى كۆردى. ئەر ئايالدىن كۆزىنى ئۈزمەي كېلەتتى. قەدەملىرى ئاستىلاپ، ئايالنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. ئايال ھەممىنى — ئۇ ئەرنىڭ ئۆزىدىن كۆز ئۈزمەي قاراۋاتقانلىقىنى، يېنىدىلا توختىغىنىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇ توختىمىدى، ئۇ ئالدىغا قاراپ تېخى نەچچە قەدەملا ماڭغانىدى، بىردىنلا كۈچلۈك شامال كەلگەندەك ئايالنىڭ قولىدىكى كۈنلۈك ئۇچۇپلا ئەرنىڭ يېنىغا بېرىپ توختىدى. ئايال كەينىگە يېنىپ، ئەر ئۇزاتقان كۈنلۈككە قول تەڭلىدى.

— رەھمەت سىزگە! — دېدى ئايال ئاستاغىنە. ئەر كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئايال مېڭىشقا تەمشەلدى.

— مەن تېخى سىزنى يامغۇر پەرىسىمىكىن دەپ قاپتىمەن، — دېدى ئەر تۇيۇقسىزلا.

— مەنمۇ سىزنى باغچە قاراۋۇلىمىكىن دەپ قاپتىمەن، — دېدى ئايالمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ھەر ئىككىيلەن بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئايال ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك ئېچىلىپ كۈلۈپ باقمىغىنىغا بەكلا ئۇزاق بولغىنىنى ئېسىگە ئالدى.

— خالىسىڭىز بىللە ئايلىنايلى، — دېدى ئەر.

ئايال ئىختىيارسىز ماقۇل بولدى.

يامغۇر سىمىلداپ يېغىۋاتاتتى. ئەمما، ئاسمان بېتى سۈزۈك ئىدى. گۈل بەرگىلىرىدە يامغۇر تامچىلىرى شەبنەمدەك يالتىرايتتى.

— جەنۇبتىن بىر يىغىنغا كەلگەنىدىم، — دېدى ئەر ئاستا كېتىۋېتىپ، — بۈگۈن ئۆزۈمچىلا يامغۇردا ئايلانغۇم كەلدى. ئايلىنىپ كېلىپ بۇ باغچە ئالدىغا كەپقاپتىمەن. بۇ باغچىنى كۆرۈپ كېتەي دەپ كىرگەنىدىم. ئەرنىڭ ئاۋازى سالماق ۋە ئۇرغۇلۇق ئىدى. ئايال بۇ خىل ئاۋازنى ياقتۇراتتى.

— يۇرتىڭىزدا باغچە يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئايال.

— باغچە بار، ئەمما بۇ باغچىدەك چىرايلىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەنۇب تەرەپتە يامغۇر ئاز ياغىدۇ. ياغسىمۇ بۇنداق يېقىملىق سىم - سىم يامغۇر يوق دەڭا...

يامغۇر سەلگىنە ئەدەپ قالدى. ئەرنىڭ قولىدا كۈنلۈك يوق ئىدى. يامغۇر تامچىلىرى ئۇنىڭ چاچلىرىغا، كىيىملىرىگە تاراسلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئايال قولىدىكى كۈنلۈكنى ئەر تەرەپكىرەك سۈردى. يامغۇر ئەمدى ئايالنىڭ مۈرىلىرىگە تاراسلاپ چۈشۈشكە باشلىدى.

— بولدى، ئۆزىڭىزگە تۇتۇۋېلىڭ. سىم - سىم يامغۇر دېگەن

ھېچ گەپ ئەمەس دەپ ئويلاپ كۈنلۈك ئېلىۋالماپتىمەن. ھېچنېمە بولمايدۇ. كىيىملىرىم ھۆل بولۇپ قالسا ياتاقتا بارغاندا ئالماشتۇرۇۋالىمەن.

ئۇلار ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ ئۇدۇل تەرەپتىكى دۇكانغا كىرىشتى. بۇ بىر سوغۇق ئىچىملىك دۇكىنى ئىدى. دۇكاندا ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ئولتۇراتتى. ھايال ئۆتمەي دۇكاندىن قايتىپ چىقىشقا توغرا كەلدى. دۇكان ئىچى بەكلا تار، ئايالنىڭ قاراشلىرى بەكلا سوغۇق ئىدى...

يامغۇر يەنە ئاستىلاپ سىمىلداپ يېغىشقا باشلىدى. ئايالنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەتكۈسى يوق ئىدى. ئۇ بۇرۇندىن سىم - سىم يامغۇردا سىرتتا ئايلىنىشنى ياخشى كۆرەتتى.

ئۇلار يەنە مېڭىشقا باشلىدى. يول بارا - بارا ئېگىزلەپ باراتتى. ئەر 40 ياشلاردىكى شۇنچىلىك سالماق ھەم كېلىشكەن ئەر ئىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئەقىل - پاراسەت ئۇرغۇپ تۇراتتى.

— بۈگۈن مېنىڭ توي خاتىرە كۈنۈم ئىدى، — دېدى ئايال ئىختىيارسىز ھالدا، — ئۆزۈم يالغۇز ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى. ئېرىم كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەن. ئۇ كېلەر ھەپتە قايتىپ كېلىدۇ، — ئايال شۇلارنى دەۋېتىپ مەيۈسلا كۈلۈپ قويدى.

— بۈگۈن سىز ئۈچۈن راستىنلا ئالاھىدە كۈنكەن، — دېدى ئەر ئىتتىكلا.

— يامغۇردا ئايلىنىپ يۈرۈشنىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن كۇپايە.

ئايال شۇلارنى دەۋېتىپ يۈرىكىدە يەنە تاتلىق ھېسلار ئۇرغۇشقا باشلىدى.

ئەر بىردىنلا توختاپ، گۈللۈكتىن ئاجايىپ چىرايلىق ئېچىلغان بىر تال ئەتىرگۈلنى ئۈزۈپ كېلىپ ئايالغا ئۇزاتتى.

— توي خاتىرە كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن! — دېدى ئەر.

— رەھمەت، — دېدى ئايال كۈلۈپ تۇرۇپ ، شۇغىنىسى مۇشۇ

بىر تال گۈل ئۆزگىنىڭىز ئۈچۈن باغچە قاراۋۇلىغا جەرىمانە تۆلەيدى-غان بولدىڭىز.
— جەرىماننى چوقۇم تۆلەيمەن. بۇ ھېچ گەپ ئەمەس. مۇھىمى، سىز خۇشال بولسىڭىزلا بولدى.
ئەتىرگۈل ئوتقاشتەك جۇلالىق، ئايالنىڭ لەۋلىرىدەكلا چىرايلىق ئىدى. يامغۇر يەنە سەل ئەدەشكە باشلىدى. ئايال كۆنلۈكنى ئەر تەرەپكە سۈردى. يامغۇر سۈيى كۆنلۈكتىن ساقىپ ھەر ئىككىيلەننىڭ مۈرىسىگە توكۇلداپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بىلەكلىرى بىر-بىرىگە تېگىشىپ تۇراتتى. يامغۇر تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئايال توڭۇپ سەلگىنە تىترەشكە باشلىدى ھەم ئىختىيارسىز ئەرنىڭ بىلىكى-گە قولىنى ئۆتكۈزۈپ ئەرنى قولتۇقلىۋالدى. ھالرەڭ كۆنلۈك ئۇلار-نى يامغۇردىن دالدا قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قەدەملىرى تەكشى ئىدى. ئەرنىڭ سالماق ئاياغ تىۋىشىغا ئايالنىڭ نازۇك ئاياغ تىۋىشى سىڭىپ كەتكەنىدى. ئايالنىڭ قولىدىكى ئەتىرگۈل قىپقىزىل جۇلالى-نىپ تۇراتتى.
ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە باغچىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە چىقىشتى. يامغۇر سەل توختاپ سىمىلداپ يېغىشقا باشلىغانىدى.
— نېمىدېگەن چىرايلىق، — دېدى ئەر ئەتراپقا قاراپ.
— راست، بۇ يەر ھەقىقەتەن گۈزەل، بولۇپمۇ يامغۇر يەسلىدە، — دېدى ئايال.
ئۇلار شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزاق تۇرۇشتى. ئەتراپقا ئاستا - ئاستا گۇگۇم پەردىسى يېيىلىشقا باشلىدى.
— قايتىپ كېتەيلى! — دېدى ئايال ئاستا.
ئۇلار ئاستا چۈشۈشكە باشلىدى. ئايال يەنە ئەرنىڭ بىلىكىگە قولىنى ئۆتكۈزۈپ قولتۇقلىۋالدى. ئايال ئەرنىڭ رىتىملىق يۈرەك سوقۇشىنى ئاڭلاپ كېلەتتى.
— مېنىڭچە بولسا مۇشۇ يول پەقەت تۈگىمىسەكەن دەيمەن. ئىككىمىز قولتۇقلىشىپ مۇشۇ ماڭغانچە يىراق - يىراقلارغا كەتسەك

ياخشى بولاتتى، — دېدى ئەر.

— نەگە؟ سىزنىڭ يۇرتىڭىزغىما؟ — دەپ سورىدى ئايال كۈ-
لۈپ.

— ياق، تېخىمۇ يىراققا، سىزنى ھەم مېنى ھېچكىم تاپالمايدى-
غان يەرگە كېتىپ باقساق دەيمەن.

ئايال تېخىمۇ كۈلۈپ كەتتى. ئەرمۇ كۈلدى. بۇ سۆزلەرنىڭ
چاقچاقلىقى، مەڭگۇ مۇمكىن بولمايدىغىنى ئېنىق ئىدى. بىردىنلا
ئايالنىڭ ئېسىگە بالىلىرى كەلدى.

— بالىلىرىم مېنى ساقلاۋاتىدۇ ھەقىچان، مەن ماڭاي!

ئايال ئالدىراپ قالدى. ئېنىقكى، بالىلىرى چوقۇم ئۆيدە ئۇنى
ساقلاۋاتاتتى.

— مەن ئۇزىتىپ قوياي! — دېدى ئەر.

ئەر بىر تاكسىنى توسۇپ ئايالنى ئۇزىتىپ قويدى. تاكسى غۇيۇل-
داپ قوزغالدى. ئەرنىڭ چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن لاپپىدە غايىب
بولدى.

سىرتتا سىمىلداپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئايالنىڭ قولىدىكى گۈل
قىپقىزىل جۇلالىنىپ تۇراتتى.



# قوشكېزەك

تۇرمىنىڭ تورۇسى بەكلا پاكار ئىدى. ئۇ ئوڭدىسىغا يېتىپ تورۇسقا ھەربىر قارىغىنىدا نېمىشقىدۇر تورۇس بارا - بارا پەسلەپ ئۇنى بېسىۋالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى. يۈرىكى دۈكۈلدەپ سوقۇپ ئۇنى تىنچسىزلاندۇراتتى. ئۇ بۇنداق تۇيغۇلارغا ئۆچ ئىدى. شۇڭا، كەچ بولسىلا ئاۋۋال بېشىنى چۆمكەپ، ئاندىن ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كېتەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ سېزىمىنى ئاللىبۇرۇن ئۆلگەندەك ھېس قىلاتتى. ئۆزىنىڭ تۈرمىگە سولانغىنىغا قانچىلىك بولغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيتتى ھەم ئەسلىگۈسىمۇ يوق ئىدى. ئۇ پەقەت تاماق يەيتتى، ھاجەت قىلاتتى. ساقچىلارنىڭ نازارىتىدە ئىشلەيتتى، ئۇخلايتتى. ئاز- تولا بىر نەرسىلەرنى، يەنى قورسىقى ئاچقىنىنى، ھارغىنىنى، ئىسسىقنى، سوغۇقنى ھېس قىلاتتى. ئاشۇ ئازغىنە ھېس - تۇيغۇلارمۇ ئۇنى ئازابلايتتى. بەزىدە تۈرمىنىڭ تاملىرىغا مۇشتلاپ، ھۆركىرەپ يىغلاپ، ئاستا - ئاستا تىنچلىناتتى.

ئۇ تۈرمىگە دەسلەپ كىرگەن چاغدا بەكلا قورقۇپ ئازابلىنىپ كەتكەنىدى. ساقچىلار ئۇنى سوراق قىلغاندا ئۆزىنىمۇ ئاقلاشقا پېتىنالماي، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ جىنايىتى رەسمىي بېكىتىلىپ، 10 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

ئۇ كىچىكىدىن قورقۇنچاق ھەم ياۋاش ئىدى. نېمىدىندۇر قورقۇپلا يۈرەتتى. زادى نېمىدىن قورقىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئاقىۋەتتە قورقۇنچاقلىق ئۇنىڭ بېشىغا چىقتى، ئۇ ئۆزىنىمۇ ئاقلىيالمىدى، ئاتا - ئانىسى ھەم قوشكېزەك ئاكىسى ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى ئاقلىيالمىغانلىقىغا ھەيران قېلىشتى. ئۇ گۇناھسىز ئىكەنلى-

نىگە قارىماي ھەقىقەتەن ئۆزىنى ئاقلىيالمىدى. بۇنىڭ بىردىنبىر
سەۋەبى پەقەت ئۇنىڭ قورققانلىقىلا ئەمەس ئىدى. ئۇ قولغا ئېلىنغان
كۈنى ساقچىلارنىڭ سوئال - سوراقلىرى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كاللىسىدا
بىر غەلىتە ۋەقە ئۆزىچىلا توقۇلۇپ چىقتى…

كۆز باغلانغان چاغ ئىدى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ بىر بېسىپ -
ئىككى بېسىپ مەھەللە سىرتىغا چىقتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كەڭرى
كەتكەن بىر پارچە كېۋەزلىك سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭغا كېۋەزلىك
ئۆزىچىلا بەك سۆيۈملۈك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ياغلىقنى
چېكىلەپ چىگىۋالغان كۈلگۈنچەك چوكانلارنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى-
گە پاختا تېرىۋاتقان ھالىتى كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇلار ھەربىر
ئېگىلگىنىدە شەمبىزە ئىشتىنىغا لىققىدە كەلگەن كاسىلىرى چىقىپ
قالاتتى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا ھاجىتى قىستاپ كەتتى.

شىپىر - شىپىر يەڭگىل ئاياغ ئاۋازى ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى.
قولىدا تاماق قاچىسى كۆتۈرۈۋالغان ۋىجىككىنە بىر قىز توپا توزۇتقى-
نىچە ئىتتىك مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. قىز ئۇنى كۆرۈپ مېڭىشتىن
توختىدى، ئۇ قوشنا مەھەللىدە ئولتۇرىدىغان بىر تۇل ئايالنىڭ يالغۇز
قىزى ئىدى.

— نەگە بېرىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ قىزدىن.

— قوغۇنلۇققا، بوۋامغا تاماق ئاپىرىپ بەردىم، — دەپ جاۋاب
بەردى قىز.

ئۇ قىزنىڭ كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، ئەمدىلا 15 ياشنىڭ
قارىسىنى ئالغان، بەكلا نازۇك قىز ئىدى.

— ماڭا قوغۇن ئالغاچ كەلمىدىڭمۇ؟ — ئۇ قىزنى گەپكە سالغاچ
قىز تەرەپكە يېقىنلاشتى. قىز ئۇنىڭدىن قاچمىدى، بەخىرامان جاۋاب
بەردى:

— قوغۇن پىشمىغان تۇرسا.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ياۋايى ئىستەك گۇررىدە ياندى. ئۆزىمۇ سەزمە-
گەن ھالدا قىزنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ كېۋەزلىككە تارتتى.

— بىزنىڭ كېۋەزلىكنىڭ ئارىسىغا تېرىغان قوغۇن پىشتى، مەن ساڭا ئۈزۈپ بېرەي،— دەپ قىزنى ئالدىدى ئۇ.

قىز سەلگىنە تارتىنىش بېقىپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېۋەزلىككە كىردى. ئۇ نېرىسىغا تاقەت قىلالمىدى. قىزنى كېۋەزلىككە بېسىۋالدى... قىز ۋارقىراپ - توۋلاپ يىغلىدى، ئەمما ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھېچنېمە كىرمەيتتى. ئۇ ئەقلىدىن ئازغانىدى. ھېچ نەرسە ئۆز ئىختىيارىدا ئەمەس ئىدى. كاللىسىدا ئەسەبىي ئىستەكتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇ گۇرۇلدەۋاتقان ئوت ئىچىدە ئىدى. ھەممە نەرسە كۆيەتتى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، قىزمۇ، پۈتكۈل دۇنيامۇ...

ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئېسىگە كەلدى. ئۇنىڭ ئېڭىدىكى دۇنيا كۆيۈپ قارايغانىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆز ئالدىدا ئۆلۈكتەك ياتقان قىزنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. قىز كۆزلىرىنى يۇمۇپ، چىشلىرى كىرىشكەن ھالەتتە ياتاتتى.

ئۇ بىردىنلا ئېسىنى يىغدى. بايا يۈز بەرگەن ئىشلار بىر قاباھەتلىك چۈشكىلا ئوخشايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنداق پەسكەش ئىش قىلغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇ كەينىگە داجىنىغىچە ئاستا - ئاستا كېۋەزلىكتىن يىراقلاشتى. ئەتراپ ئاستا - ئاستا قارىيىپ، قاراڭغۇلۇق ئۇنى يۇتۇۋېتىدىغاندەك قاپساپ كەلمەكتە ئىدى...

ئۇنىڭ كاللىسىدا توقۇلۇپ قالغان بۇ ۋەقە شۇ قەدەر ئېنىق ھەم تەپسىلىي ئىدىكى، ئۆزىنىڭ راستىنلا باسقۇنچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگىنىگە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىشىنىپ قالدى. ساقچىلارنىڭ سوئال - سوراقلىرى تېزلا ئاياغلاشتى. ئۇ «جىنايىتى» نى ئاسانلا ئىقرار قىلىۋەتتى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتە - ئۆتمەي ئۇنىڭ كاللىسىدىكى ھېلىقى ۋەقە ئۆزىچىلا غايىب بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۈرمىگە گۇناھسىزلا سولىنىپ قالغانلىقىدىن ئازابلىنىپ ھۆركىرەپ يىغلىدى. «مەن گۇناھسىز» دەپ توۋلىدى. ئەمما، ئۇنىڭ يىغىسىغا، ۋارقىرىشىغا قۇلاق

سالىدىغان ئادەم چىقمىدى. ئۇ ئازابلىنىپ، ھەسرەتلىنىپ يۈرۈپ ئاستا - ئاستا تۇرمە ھاياتىغا كۆنۈپ كەتتى. ئەمما، بەزىدە پىغانى ئۆرلەپ قالاتتى. تۇرمىنىڭ تېمىنى مۇشتلاپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كېتەتتى. ئەجەبلىنەرلىكى، ئۇنىڭ پىغانى ئۆرلەپ تازا ئەۋجىگە چىققاندا ھېلىقى لەنىتى ۋەقە ئۇنىڭ كاللىسىدا يەنە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، ئۇنى پەسكويىغا چۈشۈرەتتى.

ئۇنى ئاتا - ئانىسى پات - پات يوقلاپ كېلەتتى. ئۇلار ھەر قېتىم كەلگىنىدە ئۇ ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن تامىقىنى ئۈن - تىنسىزلا يەيتتى. ئانىسى ئۇنىڭ ئىپادىسىز تۇرقىغا قاراپ مىشىلداپ يىغلاشقا باشلايتتى. ئۇ بولسا تاماقنى يەپ بولۇپ، پەرۋاسىزلا كەينىگە بۇرۇلۇپ كىرىپ كېتەتتى...

يىللار ئۆتتى. 10 يىللىق مۇددەت توشۇپ، ئۇ تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. ئۇنى ئالغىلى ئاتا - ئانىسى كەلگەنىدى. ئۇ تۇرمىنىڭ يوغان دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا چىققاندا ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان يەنە بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنى كۆردى.

ئەر ئۇنىڭغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. بوي - بەستىمۇ، چىرايىمۇ، ئاۋازىمۇ، ئىشقىلىپ ھەممىلا يېرى ئوخشايتتى. بۇ ئۇنىڭ قوشكېزەك ئاكىسى ھەسەن ئىدى. ئۇلار ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن بىر سائەت، بىر مىنۇتتا تەڭ چۈشكەن قوشماقلار ئىدى. دوختۇرلار ياش ئانىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئۇلارنى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن كىندىكى قوشماق ھالەتتە بەك تەستە ئالغانىدى. ئۇلارنىڭ كىندىكىنى كېسىۋېتىشكەندە ئۇلار تەڭلا چىرقىراپ يىغلاشقان، يىغىسى توپتوغرا بىر كېچە داۋاملاشقانىدى. ئۇلارنىڭ يىغىسىغا دوختۇرلارمۇ، ئانىمۇ ھېچ ئامال قىلالمىغان، قىزىق يېرى، ئۇلار دېيىشىۋالغاندەك يىغىدىن تەڭلا توختاپ، تەڭلا سۈتكە كىرىشكەنىدى. بالىلارنىڭ چىرايىمۇ، يىغا ئاۋازىمۇ بىر - بىرىگە بەك ئوخشايتتى، ھەتتا ئانىسىمۇ ئۇلارنى پەرقلەندۈرەلمەي قالاتتى. يىغلىسا ئىككىسى تەڭ يىغلايتتى. ئاغرىپ قالسا تەڭلا ئاغرىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ قان تىپىمۇ ئوخشاش ئىدى.

ئايلار، يىللار ئۆتۈپ، بالىلار چوڭ بولغانسېرى ئۇلارنىڭ مىجەزىدە پەرق كۆرۈلۈشكە باشلىدى، بىرى بەڭۋاش، كەپسىز، بىردەم جىم تۇرمايدىغان ئالىقانات چىقتى. ئۇنىڭ ئىسمى ھەسەن ئىدى. يەنە بىرى ھۇسەن، جىمىغۇر، ياۋاش ئىدى. ئاتا - ئانىمۇ بالىلارنىڭ مىجەزىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. شوخ، يامانراقىنى ئەتىۋارلاپ قانات ئاستىغا ئالاتتى، بولۇپمۇ ئانىسى ھۇسەنگە ھەددىدىن زىيادە ئامراقلىق قىلىپ، ئۇنىڭ كەپسىزلىكىگە يول قوياتتى. شۇ سەۋەبتىن ھەسەن جېدەلخور، ھارامزادە بولۇپ ئۆستى. 10 يىلدىن بېرى ھەسەن ئۇكىسىنى تۇرمىگە بىر قېتىممۇ يوقلاپ كەلمىدى. ئۇ نېمىشقىدۇر ئۇكىسىدىن ئۆزىنى سەل قاچۇرۇۋاتقاندەك، نېمىدىندۇر ئەنسىرەپ قورقۇپ تۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن بوشلا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ھەسەننى كۆرۈپلا ئۇنىڭ كاللىسىدا ھېلىقى ۋەقە يالتىتىدە قىلىپ يەنە پەيدا بولدى. ئەمما، بۇ ۋەقەدە ئۇ ئەمەس، ھەسەن بار ئىدى. ھەسەن كېۋەزلىكتە ئوغرىدەك تىمىسقىلاپ، كېيىن قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولدى...

ئۇنىڭغا بىردىنلا ھەممە ئىش ئايدىڭ بولدى. ئۇ توپتوغرا 10 يىل ئاشۇ كەپسىز ئاكىسىنىڭ قۇربانى بولغانىدى. ئۇنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، ھېلىقى ۋەقەنىڭ خۇددى ئۆزى قىلغاندەكلا كاللىسىدا توقۇلۇپ قېلىشى ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ تازا ۋارقىراپ يىغلىغۇسى كەلدى. چىشلىرى كىرىشىپ، مۇشتۇمى تۈگۈلدى. ئەمما، ئۆزىگە يەنىلا ھاي بەردى. 10 يىللىق تۇرمە ھاياتى ئۇنى تېخىمۇ ئېغىر - بېسىق، ياۋاش قىلىپ قويغانىدى. خەيرىيەت، ئۆتكەن ئىش ئۆتۈپ كەتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇلار قان - قېرىنداش ئاكا - ئۇكا ئىدى.

ئۇ تۇرمىدىن چىقىپ توپتوغرا بىر ئايغىچە تالا - تۈزگە چىقمىدى. 10 يىللىق تۇرمە ھاياتى ئۇنى سىرتقى دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئايرىپ تاشلىغانىدى. ئۇ ئادەملەرگە، بولۇپمۇ تونۇش - بىلىشلەرگە كۆرۈ-

نۈشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. كۈن بويى سىرتقا چىقماي، ئېغىلدىكى قوي ـ كاللارغا قاراش بىلەن بەند بولۇپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن ئۇ قايتىپ كەلگەن كۈنى بىر ـ ئىككى ئېغىز پاراڭ سېلىشقاندىن باشقا تۈزۈكرەك پاراڭلىشىپ باقمىدى. ھەسەن تاڭ ئاتقان ھامان چىقىپ كەتسە، لاغايلاپ يۈرۈپ كەچ كىرگەندە قايتىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ نەگە بېرىپ نېمە ئىش قىلىدىغىنىنى قېرىغان ئاتا-ئانىسى تۈگۈل، ياۋاش، ئىشچان ئايالىمۇ بىلمەيتتى.

ھەسەننىڭ ئايالى ئايىنىساخان مېھرى ئىسسىق، ئوتلۇق چوكان ئىدى. بۇ ئۆيىنىڭ ئېغىر ـ يېنىك ھەممە ئىشلىرىنى ئاشۇ بىچارە چوكان قىلاتتى. ئۇ ھەر كۈنى تورغاي چۇچۇلىماستا ئورنىدىن تۇ-رۇپ، ھويلىنى چىنىدەك پاكىز تازىلايتتى، ئاندىن قاشاڭ بوز ئې-شەكنى ھارۋىغا قېتىپ ئوت ئېلىشقا جۆندەيتتى. قايتىپ كېلىپ تاماق ئېتەتتى، ئاندىن يەنە ئېتىزلىققا ئالدىرايتتى.

ئۇنىڭ پەرىشتە سۈپەت، جاپاكەش بۇ يەڭگىسىگە تۇرۇپ ئىچى ئاغرىپ قالاتتى. ئاكىسى خوتۇنىنىڭ جاپاسىنى چۈشىنىدىغاندەك ئە-مەس ئىدى. ئاچچىقى كېلىپ قالغانلىرىدا ئۇنى سىلكىشلەپ ۋارقى-رايتتى. بۇنداق چاغلاردا ئايال كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، يەنە ئىشىغا كىرىشىپ كېتەتتى.

ئورما مەزگىلىدە ئۇ يەڭگىسى بىلەن ئېتىزغا چىقتى. ئاكىسى يەنە نەلەردىدۇر لاغايلاپ يۈرەتتى. ھۆسەن نەچچە كۈنگىچە يەڭگىسى بىلەن باش كۆتۈرمەي ئورما ئوردى. ئۇ يول ماڭغاندا بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئىلدام ـ ئىلدام ماڭاتتى. مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە باش-قىچە كۆز بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى، بولۇپمۇ خوتۇن-قىزلار ئۇنى كۆرسىلا يىراقنى ئايلىنىپ ئەگىپ ئۆتۈشەتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئىچى ئاچچىق بولاتتى. ئەمما، ئۇ ھېچكىمگە ھېچنېمىنى چۈشەندۈرەلمەيتتى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ تۈرمىدىن چىققانلىقى مە-ھەللىدىكىلەرنىڭ ئېسىدىن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇرۇق -

تۇغقان، تەڭتۇشلىرى ئۇنى خېلى ئارىغا ئېلىشىدىغان بولدى. ئۇمۇ بارا - بارا بېشىنى تىك كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان بولدى. ئاتا - ئانىسى، تۇغقانلار ۋە تونۇش - بىلىشلەر ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ بېشىنى ئوڭلاشنىڭ غېمىنى قىلىشىپ ئۇنىڭغا ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى سايە قىلىپ يۈرۈشەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئوتتۇرا ياشقا بېرىپ قالغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ تازا ئوتتەك يىگىتلىك چاغلىرى تۈرمىدە ئۆتتى. توپتوغرا 10 يىل. 10 يىل دېگەن ئاز ۋاقىتمۇ؟ بىر ئەر ئۈچۈن 4 — 5 بالىغا ئاتا بولىدىغان ۋاقىتتە! ئۇنىڭ قۇتراپ تۇرىدىغان يىگىتلىك ھېسلىرىنى سوغۇق تۈرمە يەپ تۈگەتتى. ئۇ ھازىرقى يېشىدا ئەمدى ئايال كىشىنى بەك ئويلاپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئايال كىشىنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇش تۈگۈل، يەڭگىسىدىن بۆلەك ئايال بىلەن تۈزۈك گەپلىشىپمۇ باقمىغانىدى. بىر كۈنى چىڭقى چۈش مەزگىلى ئىدى، ئۇ ئۆزى يالغۇز ئېتىزلىقتا قوناق تۈۋىنى چاناپ بوشىتىۋاتاتتى. بىر ئايال ئاسماندىن چۈشكەندەكلا تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئايالنىڭ قولىدا ئورغاق، قولتۇقىدا تاغار بار ئىدى. ئايال بەخىرامان ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ بۇ ئايالنى تونۇيالمىدى. ئۆمرىدە بىرەر قېتىم كۆرگىنىنىمۇ ئەسلىيەلمىدى. ئايالغا قاراپ كەتمىنىنى تۇتقىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى.

— مېنى تونۇيالمىدىڭ - ھە؟ — ئايال كۈلۈپ تۇرۇپ ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى. ئايالنىڭ سول مەڭزىدە ئاجايىپ چىرايلىق چوڭقۇر زىناق پەيدا بولۇپ ئۆچتى.

— ياق... مەن... ئۇ دۇدۇقلىغىنىچە ئايالنىڭ قىپقىزىل شىپۇن كۆڭلىكىگە قاراپلا قالدى. كۆڭلەك ئايالغا بەكلا خوپ كەلگەنىدى. تولغان كۆكسىلىرى، كاسىلىرى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. ئايال مانا مۇشۇ تۇرقىدا ياپيېشىل قوناقلىق ئارىسىدا تازا پورەكلەپ ئېچىلغان بىر تال قىزىلگۈلگە ئوخشايتتى.

— 10 يىلنىڭ ئالدىدا كېۋەزلىكتە... ئايال بۇلارنى دەۋېتىپ

ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

ئۇ تېخىچە ھېچنېمىنى ئېسىگە ئالالماي ھاڭۋاقىقىنىچە تۇراتتى.

— شۇنچە تېز ئۇنتۇپ كەتتىڭما؟ ئايال ئۇنىڭدىن نېمىنىدۇر كۈتكەندەك بىر دەم تۇرۇۋېلىپ، گېپىنى ئاستا داۋام قىلدى، — شۇ چاغدا ئەرز قىلمىسام بوپتىكەن، ھامىنى بولىدىغان ئىش بولغاندىكىن...

ئۇنىڭ كاللىسىدا لاپپىدە ھېلىقى ۋەقە پەيدا بولدى. ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىدا يەنىلا ھەسەن بار ئىدى. ئۇ ئايالغا قاراپ ئىتتىك بېشىنى چايقىدى:

— ياق، ئۇ مەن ئەمەس، ھەسەن، — دېدى ئۇ.

ئايالنىڭ چىرايى لاپپىدە ئۆزگەردى. كۆزلىرىدە بىردىنلا ئاچچىق پەيدا بولدى.

— ئىسىت، سېنىڭ ئەر بولغىنىڭ، قىلغان ئىشىڭغا ئىگە بولمايدىغان نامەرد، ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، — سەن مېنى نابۇت قىلدىڭ. ئۆمرۈمنى خاراب قىلدىڭ، سەن چېقىلىپ قويغاندىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ بېشىمنى تىك كۆتۈرۈپ مېڭىپ باقمىدىم. بىچارە بوۋام، ئانام نومۇستىن ئاچچىق يۇتۇپ تۈگەپ كەتتى. مانا ئەمدى ئامالسىزلىقتىن بىر قېرىغا خوتۇن بولدۇم...

ئايال ئېسەدەپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، كۆز ياشلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلەتتى. ئايالنىڭ يىغىسىغا قاراپ ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي، گۇناھكارلاردەك بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ قالدى. ئايالنىڭ يىغىسى توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ گويا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تارتقان دەرد - ئەلەم، خاپىلىقلىرىنى، قورساق كۆپۈكىنى بىر يولىلا چىقىرىۋالماقچى بولغاندەك قىلاتتى.

ئايالنىڭ يىغىسى بەكلا ئۇزاقتا توختىدى. ئۇنىڭ تېگىدىنلا قىزىلى قىزىل، ئېقى ئاق مەڭزى ياش بىلەن يۇيۇلۇپ تېخىمۇ سۇزۇلۇپ، ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كەتتى. ئۇ ئايالنىڭ بۇ چىرايلىق

تۇرقىغا كۆز ئۈزمەي قاراپ قالدى. ئايال ئۇنىڭ ئۆزىگە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ تاشلىدى.

— ئېرىمگە كۆڭلۈم يوق، — دېدى ئايال ئوچۇقلا، ئامالسىزلىقتىن تەگمىگەن بولسام ئۇ قېرىغا قارار كۆزۈممۇ يوق ئىدى. نېمە ئامال؟ تەقدىرىم شۇنداقكەن، مەندە ئەمدى ئۇ قېرىنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتمەكتىن باشقا ئامال يوق.

ئايال نېمىنىدۇر كۈتكەندەك، ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەي قارىغىنىچە تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق لەۋلىرى يېڭىلا ئېچىلغان كېۋەز غوزىسىنى ئەسلىتەتتى.

ئېشەكنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازىدىن ھەر ئىككىيلەن دىڭڭىدە چۆچۈپ كەتتى. ئايال چىغىر يولغا لاپپىدە قارىۋېتىپ، ئىتتىك سۆزلىدى:

— ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنگەن بىزنىڭ قورۇ، بىزنىڭ ئۆي شۇ. كەچتە قورۇنىڭ كەينىدىكى باغدا سېنى ساقلايمەن، كەلمەي قالما، ئەنسىرىمە، ئەمدى ھېچ ئىش بولمايدۇ.

ئايال بۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ يەنە ھوپپىدە ئېسىلىپ قىزىرىپ كەتتى، ئاندىن قىر بويلاپ ئىلدام - ئىلدام ماڭغىنىچە بىردەمدە كۆزدىن غايىب بولدى.

ئۇ تۇرغان جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. ئايالنىڭ پەيدا بولۇشى ھەم غايىب بولۇشى قانداقتۇر بىر خىيالىي چۈشكە ئوخشايتتى. ئەتراپتا يېقىملىق بىر ھىد ئەگىپ يۈرەتتى. بۇ ھېلىقى ئايال قالدۇرغان ئاجايىپ ئۆزگىچە، كىشىنى مەست قىلىدىغان ھىد ئىدى. ئاشۇ يېقىملىق ھىد باياتىنقى ئىشلارنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھېلىقى ئايال كۆرسەتكەن قورۇغا قارىدى. بۈككىدە دەرەخلەر بىلەن ئورالغان بۇ قورۇ يىراقتىن غۇۋا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە شېرىن بىر تۇيغۇ لىپ قىلىپ ياندى. ئۇ قورۇغا ئۇزاققىچە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈنگە قارىدى، كۈن غەربكە قىيسايغانىدى...

بۇ كېچە ئاي قاراڭغۇسى بولدى. ئۇ قاراڭغۇدا يولدا نەچچە پۇتلىشىپ، تولىمۇ تەستە ھېلىقى قورۇننىڭ كەينى تەرىپىگە تەستە كەلدى. بۇ يەر تېخىمۇ قاراڭغۇ، تېخىمۇ سۈرلۈك ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك قاراڭغۇ، سۈرلۈك كېچىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ يۈرەك سوقۇشىنى خەقلەر ئاڭلاپ قالىدىغاندەك، ھېلىدىن - ھېلىغا ئەتراپقا ئالاڭلاپ قاراپ قوياتتى.

ئۇنى ئۆيدىلا ۋەھىمە باسقانىدى. ئەمما، بۇ ۋەھىمىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئۇ ئالدىن پەرەز قىلالمايتتى. بۈگۈن كېچە بۇ يەرگە كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ۋەھىمىدىن، ئۇيقۇسىزلىقتىن قۇتۇلالىشى مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇنىڭدىكى ۋەھىمە تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇ بىر چاتقاللىقنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى. چاتقاللىق ئارىسىدىن نېمىدۇر بىر نەرسە پەرتتىدە قېچىپ كەتتى. ئەتراپتىن بىخسىغان قىغ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۆينىڭ ئارقا ئىشىكى غىچىرلاپ ئېچىلدى. شىپىلدىغان ئاياغ تىۋىشى ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى. ئايال ئەتراپقا بويۇنداپ قاراپ، ئاستا ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىردى. ئۇ ئۈندىمىدى. جايىدا مىدىر - سىدىر قىلماي جىم ئولتۇرۇۋەردى. ئۇ ئۆزى ئۈندىمىسىلا ئايالنىڭ چاتقاللىق ئارىسىدىن ئۇنى تاپالىشى تەس ئىدى.

ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىشى سەل پەسەيدى. ئەمما، ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆڭلىدىكى ۋەھىمىنى باسالمىدى. قاراڭغۇدا ئايالنىڭ چىرايىنى كۆرگىلى بولمايتتى. لېكىن، تىت - تىت بولۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئالاھازەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكۈچە شۇ تەرزدە تىتىلداپ مېڭىپ يۈردى. ئاخىر ئۇنىڭ كەلمىگىنىگە جەزم قىلغان بولسا كېرەك، ئۆينىڭ ئارقا ئىشىكىدىن غىپلا قىلىپ كىرىپ كەتتى.

ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە قايتىدىغان يولغا چىقتى. يول شورتاڭ، ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئىدى. ئۇ ھە دېسىلا پۇتلىشىپ كېتەتتى. كۆڭلىدىكى ۋەھىمە تېخى بېسىلمىغانىدى. تۇيۇقسىزلا كەينىدىن

بىرى كاپلا تۇتۇۋېلىپ، بوغۇپ تاشلايدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى.

ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئالدىغا لوڭڭىدە پەيدا بولغان سايىدىن قورقۇپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— قورقماڭ، بۇ مەن، — دېدى مۇلايىم بىر ئاۋاز.

بۇ ئۇنىڭ يەڭگىسى ئىدى. ئايال نېمىدىندۇر تەشۋىشلەنگەندەك ئىتتىك - ئىتتىك تىناتتى.

— ئاكىڭىزدىن تېخىچە خەۋەر يوق، بۈگۈن ئۆزۈمچىلا يۈرىكىم سېلىپ، ئەنسىرەپ قالدىم. خۇددى بىر ئىش بولىدىغاندەك، ئانامۇ ئۇخلىماي تىك ئولتۇرىدۇ، شۇڭا يولغا قاراپ باقاي دەپ چىققان.

ئۇنىڭ ئېسىگە ئاكىسىنىڭ بىر ئاي بۇرۇن مەھەللىدە بىر جېدەلگە ئارىلىشىپ قېلىپ، تۇيۇقسىزلا يوقاپ كەتكەنلىكى كەلدى. ئاكىسى بارغانسېرى جېدەلخور بولۇپ كەتكەنىدى. يوغانلا ئەر تۇرۇقلۇق ئىش تېرىپلا يۈرەتتى. مانا بىر ئاي بۇرۇن يوقاپ كەتكەنچە هازىرغىچە خەت - خەۋەرمۇ بېرىپ قويماي ئۆيدىكىلەرنى ئەنسىرىتىپ يۈرەتتى.

ئۇ گەپ قىلماي ئۆيگە قاراپ ماڭدى. يەڭگىسىمۇ كەينىدىن ئەگەشتى. ئۆيدە ياشانغان ئانا دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ھېچقايسىسى بىر - بىرىگە ھېچنېمە دېيىشمىدى. ھەممىسى ئۆز كۆڭلىدىكى ۋەھىمىنى بېسىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ ئۇخلاش ئۈچۈن ئېرىقى ئۆيگە كىردى. ئەمما، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

بۇ كېچە بەكلا قاراڭغۇ ھەم ئۇزۇن كېچە بولدى. ئەتىسىمۇ ھاۋا تۇتۇق، تەلەتى سۈرۈن كۈن بولدى. كۆڭۈللەر غەش ئىدى. بۇ ئائىلە ئۈچۈن قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىك بولىدىغاندەكلا قىلاتتى.

ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى. نامازدىگەرگە يېقىن ھەسەننىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى. كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويغانىدى. ئانىسى ئامراق ئوغلى ئۈچۈن ھازا ئېچىپ ھالىدىن كەتتى. يەڭگىسىمۇ تولا يىغلاپ، كۆز ياشلىرى قۇرۇپ كەتتى. ئەمما، ئۇ پەقەت يىغلىيالمىدى. ئاكىسىنىڭ جەسىتىگە قارىغىنچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغانىدى. ئۇنىڭ كاللىسىنى

غەلىتە خىياللار چىرماپ تۇراتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا بۇ جەسەت ئۆزى ئىدى. كىشىلەر ئۇنى يۇيۇپ - تاراپ جىنازىغا ئېلىپ قەبرىستانلىققا ئېلىپ مېڭىشتى. ئۇ جىنازىدا يېتىپ تۇرۇپ ھەممە ئاۋازنى، ئانىسىنىڭ، يەڭگىسىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. ئۆزىنىڭ قەبرىستانلىققا ئېلىپ كېلىنگىنىنى، ئاندىن قەبرە ئىچىگە قويۇپ، ئۈستىدىن توپا تاشلانغىنىنى بىلدى. دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىز يەڭگىسى پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى. يەڭگىسى ئۇنى تارتىپ تۇرغۇزۇپ قولىدىن يېتىلىگىنىچە ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلدى...

# شەبنەم

سەھەر جۇلالىق، سۈزۈك، نەمخۇش ئىدى. ئاسمان ئاق، كۆك، قىزغۇچ نۇرلارغا چۆمۈلگەن بولۇپ، ئوچۇق ھاۋادىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ياپيېشىل يوپۇرماقلار، كۆز يېشىدەك شەبنەم تامچىلىرى مەرۋايىتتەك چاقناپ، پارقىراپ تۇراتتى. مايسىلار بۇ مەرۋايىتلارنىڭ يەرگە تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك تولىمۇ لەرزان، نازۇك تەۋرىنەتتى.

تارغىنا توپا يولدا تۇرسۇننىيازخان يېنىك دەسسەپ كېلىۋاتاتتى. توپا سوغۇق ھەم يۇمشاق ئىدى. ئاشۇ تۇرقىدا ئۇ گويا ئاق مانان ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن بىر تال قىزىلگۈلدەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ ئېرىقتىن دىككىدە ئاتلاپ ئۆتۈپ مايسىلىققا كەلدى. مايسىلار تەكشى ھەم بولۇق ئۆسكەنىدى. ئۇ قىر بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يۈزىنى مايسىغا ياقتى. مايسا ياپراقلىرىنىڭ تاتلىققىنا غىدىقلىشىدىن كۈلۈمسىرىدى. شەبنەم ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ - سۆيۈپ يېپىشتى. ئۇنىڭ يۈزىگىلا ئەمەس، پۈتۈن بەدىنىگە نەملىك تارالغاندەك بولدى. ئۇنىڭ مايسا بىلەن پىچىرلاشقۇسى، ئويناشقۇسى كېلىپ، يۈزىنى مايسا ئارىسىغا تېخىمۇ بەكرەك تىقتى. بۇرنىغا قىغ ئارىلاش نەم توپا پۇرىقى گۇپپىدە ئۇرۇلدى.

— تۇرسۇننىيازخان، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن، ھوي؟

قىز چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. تىزلىرىدىكى، قوللىرىدىكى لاينى يوشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئىشتىنى پۇچقىقىغىچە تۇرۇلگەن، قوپال، لاي پاچاقلارنى، كەتمەن دەستىسىنى چىڭگىدە سىقىمداپ تۇرغان يوغان، كۈچلۈك بىلەكلەرنى، ئاندىن ئۆزىگە قاراپ تۇرغان

تۇرگۇن چىرايىنى كۆرۈپ ھودۇققىنىدىن تىلى گەپكە كەلمەي قالدى.

— مەن ... ئوت ئالاي دەپ...

— شەبنەمدە ئالغان ئۇتۇڭنى قويۇڭ يېسە ھارام بولمامدۇ؟

كەتمەن كۈن نۇرىدا پارقىراپ كەتتى. تۇرسۇننىيازخان گويا قانداقتۇر ئۇياتلىق ئىشى ئاشكارا بولۇپ قالغاندەك پوكاندەك ئېسىلىپ، يولنى توپا - چاڭغا كۆمۈپ يۇگۇرگىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى.

ئۇنىڭ يۈرىكى كۆكرىكىنى يېرىپ چىققىدەك دۈكۈلدەپ سوقۇپ تۇراتتى. ئۇ دەرۋازا تۈۋىدە بىر ھازا تۇرۇپ، ھاسىرىشىنى سەل بېسىۋالغاندىن كېيىن دەرۋازىنى پەم بىلەن ئاچتى. ئىشىك ئىڭرىغاندەك ئاجىز غىچىلدىۋىدى، ئىچكى تەرەپتىن ئانىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— تۇرسۇننىيازخان! بۇنداق ئەتىگەندە نەگە بېرىپ كەلدىڭىز؟

— باغقا چىققتىم.

ئۆيگە كىرگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى. يۈزى تېخىچە قىزىۋاتاتتى. كىچىككىنە يۇمىلاق ئەينەكنى قولىغا ئالدى. ئەينەكتە ئاۋۋال دۈگىلەك كۆزلىرى كۆرۈندى. كۆزى كىرپىكسىز، قوڭۇر، ئەمما ئاجايىپ يېقىملىق ئىدى. قاش ئورنىدىكى سېرىق تۈكلىرى سۇس پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ يۈزىدىكى چېكىتتەك سەپكۈنلەرگە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. يۈزى تاكى بۇرۇنلىرىغىچە قىزىرىپ ئېسىلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ قىزىللىق سەپكۈننى يۇتۇپلا كەتكەنىدى. نېمىگىدۇر تەلمۈرگەندەك سەلگىنە كۆپۈپ چىققان لەۋلىرى ئوماق، قىزىل، جۇلالىق ئىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم چىرايىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلۈپ قويدى. مەڭزىدە كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان چوڭقۇر زىناق پەيدا بولدى. دېمەك، ئۇ بىر ئايدىن بېرى سەھەردىكى تاتلىق ئۇيقۇسىنىڭ مېھرىدىن كېچىپ بىكار قىلماپتۇدە! ئۇ چوڭ بولۇپ ئەينەككە قاراشنى باشلىغاندىن بېرى يۈزىدىكى ئاشۇ كۆرۈمسىز سەپكۈنلەردىن شۇنداق بىزار بولۇپ كەتكەنىدىكى، قارىغانسېرى بۇ

قارا چېكىتلەر كۆپىيىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ، كۆڭلى يېرىم بولاتتى. «يۈزۈڭنى شەبنەمدە يۇساڭ سەپكۈن يوقايدۇ» دېگەندى مەھەللىدىكى مومايلارنىڭ بىرى ئۇنىڭغا.

— تۇرسۇننىيازخان، چاققان چاي ئىچىڭ قىزىم! كېۋەزلىككە بارىمىز، — يەنە ئانىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئوپۇل - توپۇل ئەينەكنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيدىن چىقتى.

كۈن نۇرى ئاللىبۇرۇن پۈتۈن زېمىننى باغاشلاپ ئۈلگۈرگەندى. ھەممە يەردە — دەرەخ، كېۋەز يوپۇرماقلىرىدا، ئېرىقتا شىۋىرلاپ ئېقىۋاتقان لاي سۇدا نۇر تالالىرى ئەركىن ئويناقشىيتتى. قىزنىڭ بېلىكىدە خېلى چوڭ خالتا بار ئىدى. ئۇ ئانىسىغا ئەگەشكىنىچە خىيال سۈرۈپ كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يا قىزنىڭ، يا ئوغۇلنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان تولىمۇ يېقىمسىز ئىسمى توغرۇلۇق ئويلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى گۈلباھار ياكى گۈلنار بولسىچۇ كاشكى! ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەتىۋارلىقى، جېنى، خۇشاللىقى ئىدى. تۇغقان بالىلىرى تۇرماي، بالىغا زار بولغان ئاتا-ئانا بۇ قىزىنى تۇرۇپ قالسۇن دەپ ئىسمىنى «تۇرسۇن» قويغانلىقىنى، ئاتايىن بىر خورازنى قان قىلىپ «نىياز» قىلدۇرۇپ، تۇرسۇننىيازخان بولغانلىقىنى قىز تېخى يېقىندىلا بىلدى. يېقىنقى كۈنلەرگىچە چوققىسىدا «نىياز» قىلدۇرغان بىر تال كىچىككىنە ئۆرۈم چاچنىڭ بارلىقى ئېسىدە ئىدى. ئۇ بۇ ئىسمىنى ياقتۇرمىغىنىغا قارىماي، ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭغا ئۆزلىشىپلا كەتتى. ئۇ تاكى چىڭقى چۈشكىچە كېۋەزلىكتە ئانىسى بىلەن تەڭ كېۋەز ئوتىدى. ئوت ئېلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەك ھەم كۆڭۈللۈك ئىدى. مەكتەپتىن قايتقاندا ئۇ تەڭتۇشلىرى بىلەن تاغىرىنى قولتۇقلاپ نە - نەلەردىن ئوت ئەكېلىپ، ئانىسىنى، قوي - كاللىرىنى خۇش قىلىۋېتەتتى. مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئانىسى ئۇنى ئوت ئالغىلى چىقارمايدىغان بولۇپ كەتتىغۇ تاڭ!

ئۇلار ئارام ئېلىش ئۈچۈن جىگدە، سۆگەت، مەجنۇنتاللار بىلەن

ئورالغان ئېرىق بويىغا كەلدى. بۇ ئېرىقنىڭ سۈيى سۈزۈك بولغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭدىن ئاچچىققىنا زەي پۇرىقى كېلەتتى. سۇ ئاستىدىكى بېلىجانلارنىڭ ئەركىن، شوخ ھەرىكىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۇرسۇننىيازخان بېلىقلارغا قارىتىپ كىچىككىنە چالمىنى تاشلىۋىدى، بېلىقلار تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ئۇلار ئاق شور ئۆرلەپ تۇرغان ئېرىق بويىغىلا ئولتۇرۇشتى. ئۇنىڭ چاچلىرىغا سۆگەت چىۋىقلىرى تېگىپ تۇراتتى. ئەتراپتىن زەي پۇرىقىغا قوشۇلۇپ جىگدە چېچىكىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كېلەتتى.

ئالما ساتقىلى چىقسام،
قىزلىنى تالLايدۇ.
جاھاندا كىشى يوقتەك،
كۆڭلۈم سېنى خالايدۇ.

بوم، جاراڭلىق ناخشا ئاۋازى نە - نەلەردىن ئۇچۇپ كەلدى. ناخشا قىزنىڭ تومۇرلىرىغا قۇيۇلغاندەك، تومۇرىدىكى قانلار شىددەت بىلەن ئۆركەشلەپ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. ناخشا ئاۋازى بارا - بارا يېقىنلاپ كېلىپ توختىدى. قىز پۇچقىقىغىچە تۇرۇلگەن لاي پاچاقنى كۆردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — بۇ ئاۋاز بوم، ئەمما يېقىملىق ئىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قۇدرەتئاخۇن، كېلىڭ، بىللە چاي ئىچەيلى، — ئانىسى سالامغا جاۋاب قايتۇرۇپ داستىخانغا تەكلىپ قىلدى.

— بولدى، رەھمەت!

كۆن نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان كەتمەن، مىس رەڭ مۇسكۇللار كۆزدىن غايىب بولدى. قىزنىڭ يۈرىكىدە ھېلىمۇ بايىقى ناخشا جاراڭلىماقتا ئىدى. ناخشا ئاۋازى شۇ يىگىتكە ئەگىشىپ ئاستا - ئاستا يىراقلاپ باراتتى. ئۇ سۆگەت چىۋىقلىرىنىڭ يۈزىگە يېنىك تېگىشى-

ىدىن چۈچۈپ ئېسىگە كەلدى، چىۋىقلار يەڭگىل ئىرغاڭلايتتى. ئۇ
بالىلىق چاغلىرىدا قىزلارنىڭ كاسىسىدا تولغىنىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن
چاچلىرىغا بەكمۇ ھەۋىسى كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، مەھەللى-
دىكى چوڭ قىزلارنى دوراپ سۆگەت چىۋىقىدىن چاچ ياساپ سالغۇسى
كېلەتتى. بىر كۈنى ئۇ قىزلارغا ئەگىشىپ سۆگەتلىككە كەلدى.
يىراقتا بىر توپ ئوغۇللار توپا - چاڭ چىقىرىپ چېپىپ يۈرۈشەتتى.
ئۇلار قىزلارنى يىراقتىن كۆرۈپ، چىۋىقتىن ياسالغان «ئات» لىرىنى
چاپتۇرغىنىچە يېتىپ كەلدى. توپنىڭ ئەڭ ئالدىدا خېلى چوڭ بىر
ئوغۇل بالا بار ئىدى. ئۇلار ئاجايىپ چاققانىدى. قىي - چۇۋ كۆتۈر-
گىنىچە بىردەمدە مايمۇندەك سۆگەتكە ياماشتى. نازۇك، ئەۋرىشىم
چىۋىقلارنى ئۇشتۇپ قىزلارغا تاشلاپ بېرىشكە باشلىدى. قىزلار مەلى-
كىنىڭ تاجىدەك يۇمىلاق چەمبىرەك ياساپ، ئاندىن ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ
ئىنچىكە چىۋىقلارنى چەمبىرەككە ئۆتكۈزۈپ چاچ ياساشقا باشلىدى.
تۇرسۇننىيازخاننىڭ قولى ھېچ ئەپلەشمەيۋاتاتتى. چاچ تۇگۇل، چەم-
بىرەكمۇ ياسىيالماي، بۇرنىنى تارتقىنىچە ئولتۇراتتى. بىردىنلا ھې-
لىقى چوڭ بالا كەلدى. ئاۋۋال تومراق چىۋىقنى قىزنىڭ بېشىغا
چەنلەپ يۇمىلاق قىلىپ ئەگدى. چىرايلىققىنا چەمبىرەك بىردەمدە
پۈتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا تالا - تالا «چاچ» لارنى ئۆتكۈزۈپ، ئاستاغىنا
قىزنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويدى. ئۇ «چاچ» لار شۇنداق نەپىس،
شۇنداق گۈزەل ئىدىكى، قىزنىڭ كاسىسىدىن ھالقىپ تاپىنىغا تېگەيلا
دەپ قالغانىدى. قىز خۇشال ھالدا كۈلۈۋېتىپ بىردىنلا ۋىللىدە
قىزىرىپ كەتتى. ئۇ مومىسى ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلەردىكىدەك
ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. كىم بىلىدۇ، قايسىبىر شاھزا-
دە ئۇنى ئېتىنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپلا ئېلىپ كېتەمدۇ تېخى. ئۇنىڭ
بىردىنلا كۆز ئالدىدىكى مۇنۇ يوغان باش بالا شاھزادىدەك تۇيۇلۇپ
كەتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ «ئېتى» نىڭ كەينىگە مىنگىشىۋالغۇسى كەل-
دى. ھېلىقى بالا بەخىرامان يەنە بىر توپ بالىلارنى ئەگەشتۈرۈپ
«ئات» چاپتۇرۇپ ئويناپ يۈرەتتى. ئۇ كەچ كىرگۈچە بۇ چىرايلىق

«چاچ» نى سىلىپ يۈردى. ئىختىيارسىز ھالدا چاچلىرىنى ئاستا يەلپۈتۈپ قوياتتى. «چاچ» لىرى يەلپۈنسە ئۇنىڭ كىچىككىنە يۈرىكى ئىيتقۇسىز خۇشاللىقتا تىپچەكلەيتتى. ئۇ بۇ «چاچ» نى تاكى قۇرۇپ كەتكۈچە ئاۋايلاپ سالدى. قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ نەچچە كۈن ساقلىدى. كېيىن ئامالسىز، كۆزى قىيمىغان ھالدا ئېقىن سۇغا قويۇۋەتتى...

تۇرسۇننىيازخاننىڭ يۈرىكى تاتلىق ئەسلىمە تەسىرىدىن شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولدى. چېچىنى ئاستا سىيلاپ قويدى. ئۇنىڭ چېچى سېرىق، جانسىز، قىسقا ئىدى. قاپقارا ئۇزۇن چېچى بولغان بولسا، 40 تال ئۈزۈۋالسا قانداق ياخشى بولار ئىدى ـ ھە!

* * *

ھاۋا تىنجىق ئىدى. بۇ تىنجىقلىق كۈن نۇرىنىمۇ خىرەلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. دەرەخ ياپراقلىرىمۇ جانسىز، خۇنۇك، ھەرىكەتسىز ئىدى، ھەتتا تۇرسۇننىيازخاننىڭ تاپىنىدىن چىققان توپا ـ چاڭمۇ ھاۋادا بىر ھازا لەيلەپ تۇرۇپ كېتىپ، يەنە ئۆز جايىغا سىڭىپ كېتىشكە مەجبۇر بولاتتى. ئۇ تاغارنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇل قوناقلىققا كىردى. قوناقلار ئەمدىلا باش چىقارغان بولۇپ، رەڭلىك پۆپۈكلەر ئۆزلىرىنى كۆرسىتىپ غادىيىپ تۇرۇشاتتى. قوناقنىڭ پىچاق بىسىدەك يوپۇرماقلىرى ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى بوش جىجاپ ئۆتەتتى. قوناقلىقتا يۆگىمەچ، چۆجگۈن ئوتلار خېلى جىق ئىدى. تۇرسۇننىيازخان ئوت ئورۇشقا باشلىدى، ئىتتىك ئورغاق ئوتقا تېز ـ تېز ئۇرۇلاتتى، بىر قولى ئوتنى يىغىپ ـ يىغىپ تاشلايتتى. ئۇ بىردەمدىلا چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتتى. ئورغىقىنى كۆتۈرگىنىچە قوناقلىقنىڭ سىرتىغا چىقتى. قۇلىقىغا بىردىنلا سۇنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، دىڭگىدە چۆچۈپ ئەتراپقا قارىدى. تېخى بايىلا قۇرۇق تۇرغان ئېرىقتا لىققىدە سۇ ئېقىۋاتاتتى. سۇ نېرىراقتىكى كېۋەزلىككە كىرىۋاتاتتى.

ئۇ ئۇستۋاشلىرىنىڭ توپا بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، هاپىلا ـ شاپىلا كۆڭلىكىنى، قىزىل نىلون ياغلىقىنى قېقىشتۇردى. ئېرىق بويىغا كېلىپ، سۇنىڭ لاي بولغىنىغا قارىماي يۈز ـ كۆزلىرى-نى يۇدى. قولىغا سۇ ئېلىپ ئاسمانغا ئېتىپ مارجان چىقىرىپ ئويناشقا باشلىدى. سۇنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا يېقىملىق ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا نېمىشقىدۇر تونۇشتەك، تونۇشلا بىر ھىس بىلەن قوشۇلۇپ ئېقىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.

قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا ئىسقىرتقان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئاندىن تونۇش بىرى گۈس ـ گۈس دەسسىگىنىچە ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ قوللى-رى، خىياللىرى شۇ ھامان ھەرىكەتتىن توختىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى لاپپىدە ئوت ئالدى.

— تۇرسۇننىيازخان! نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن، ھوي! — يەنە شۇ قوپال ئاۋاز.

— ئوت ئېلىۋاتىمەن.

— ھە ··· مۇنداق دە! سەن ئەجەب ئىشچان ئىكەنسەنغۇ؟ بۇ يەردە ئوت ـ چۆپ راست جىق ئىكەن. مەنمۇ ساڭا ئوت ئېلىشىپ بېرەي بولمىسا.

ئۇ يىگىتنىڭ كۆزىنىڭ چاقناپ، ئۆزىگە تىكىلگەنلىكىنى كۆر-دى. يۈرىكى غەلىتە تۈيغۇ تەسىرىدىن تېپچەكلەپ كەتتى. لەۋلىرى بىلىنەر- بىلىنمەس قىمىرلىدى.

— مەيلى!

يىگىت كەتمىنىنى قويۇپ، ئىككى چامداپلا قىزنىڭ يېنىغا كەل-دى. ئېرىق بويىدىكى ئورغاقنى ئېلىپ، ئېگىز قىر بېشىدىكى ئوت-چۆپلەرگە چەبدەسلىك بىلەن ئورغاق سالدى. يىگىت بېشىنى كۆتۈر-گەندە چىپىلداپ تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ بىردەمدىلا بىرمۇنچە ئوت دۆۋىلىۋەتكەنىدى. ئۇ قىزغا ياردەملىشىپ ئوتنى تاغارغا قاچىلىدى، ئاندىن قىز بايا ئالغان ئوتنى قاچىلاش ئۈچۈن، قىزنىڭ «رەھمەت» دېگىنىگە قارىماي، تاغارنى يۈدۈپ قوناقلىق ئىچىگە كىردى، قىز

ئالدىدا ئىدى، ئۇنىڭ يۇمىلاق ساغرىسى قىزىل بەل بۇرمە كۆڭلىكنى بوش كۆتۈرۈپ تۇراتتى. پۇتلىرى تولغان، يۇمران ئىدى. قىز كەينىگە قايرىلىۋىدى، يىگىتنىڭ كۆزلىرىدە يېنىۋاتقان ئوتنى كۆرۈپ بەدىنىگە سۇس تىترەك ئولاشتى. يىگىتنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، تاغارنىڭ ئاغزىنى ئېچىش ئۈچۈن قول ئۇزاتتى. ئۇنىڭ بىلەكلىرى قاراسلاپ كەتتى. ئۆزىنىڭ قانداقلارچە يىگىتنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى. ئۇ ئۆزىنى كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى، ھەتتا لەۋلىرىگىچە تاتلىققىنا كۆيۈۋاتاتتى. بۇ كۆيۈش ئۇنى ئېرىتىپ سىمابقا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقاندى. ئۇنىڭغا بىردىنلا جاھان ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. قوناقلارنىڭ غاراسلاپ سۇنغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ تىنالمايلا قالدى، تىنىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشلىرى بىكار كەتتى. يۈرىكى ئاجىز سوقۇپ ھاسىراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ پەقەت چىدىيالمىدى. ئاۋۋال ئېسەدەپ، ئاندىن بۇقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى.

— مەن سېنى ئالمەن، ماڭا تېگەمسەن؟

قىزنىڭ كۆزلىرى تېخىچە يۇمۇق ئىدى. ئۇ ھېچ نەرسە ئاڭلىمىغاندەك يىغلاپلا تۇراتتى. يىگىت سۇنىڭ يار ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى بولغاي، قىزغا قاراپ - قاراپ قويۇپ كەينىچە مېڭىپ قوناقلىقتىن چىقىپ كەتتى.

قىز يىغىدىن تەستە توختىدى، ئەمما كۆزىنى ئاچمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئالەمچە خۇشاللىقتىن، لەززەتتىن مەست ئىدى. ئۇنىڭ ياش بىلەن نەمدەلگەن يۈزىدە تاتلىققىنا تەبەسسۇم بار ئىدى. چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى ئاڭلىناتتى. نەلەردىدۇر قۇشلار سايرىشىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى گۈزەل چاھارباغدا، يۇمشاق تۆشەك ئۈستىدە ياتقاندەك ھېس قىلدى. باغ ئاجايىپ گۈزەل ئىدى. رەڭمۇرەڭ گۈللەر، تۈرلۈك - تۈمەن مېۋىلەر، خۇش ناۋا قۇشلار بار ئىدى. ئۇنىڭ تۆشىكى كۆل بويىدىكى گۈللۈك ئارىسىدا ئىدى. كۆل سۈيى شۇنچىلىك سۈزۈك ئىدىكى، ئۇنىڭدا پۈتكۈل باغنىڭ

ئەكسى ئېنىق كۆرۈنەتتى. بىر توپ قىزلار كەلدى. ئۇلار ئۈنىڭ
مەھەللىدىكى دوستلىرى ئىدى. گۆھەرخاننىڭ قولىدا بىر تۇتام ئوسما
بار ئىدى. قىزلار بەس - بەستە ئوسما قويۇشقا باشلىدى. تۇرسۇننى-
يازخاننىڭ قولىدا چوڭلا ئەينەك بار ئىدى. ئۈنىڭ يۈزى تولۇق
كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شەبنەم راستتىنلا ئۈنىڭغا شىپا بولغان چېغى،
ئۈنىڭ يۈزى ئاق، قىزىل رەڭلەردە جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئىنچىكە
پەلكۈچ بىلەن قېشىغا ئوسما قويۇشقا باشلىدى. ئۇ ئوسما قويۇشقا
بەكمۇ ئۇستا ئىدى. تومراق باشلاپ، ئاخىرىنى ئىنچىكە قىلىپ
شۇنداق چىرايلىق ئېگەتتىكى، بۇ قاش ئورغاق ئايدەك ئەگمە قاش
بولاتتى. قىزلار ئوسمىلىرىنى ئېرىقتىكى سۈزۈك سۇدا ئاستا چايقاش-
تى. ئوسما تۇرسۇننىيازخانغا ھەممەيلەندىن بەكرەك ئېچكەندى. ئۇ
باشقىچە چىرايلىق بولۇپ كەتتى. قىزلار ئۈنىڭغا ھەۋەس بىلەن قارى-
شاتتى. شۇ پەيتتە ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. قىزلار سۇچى يىگىتنى
كۆرۈپ، بىر- بىرىگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈشكىنىچە ئاستا چىقىپ
كېتىشتى. قىز يىگىتكە قنيا باقتى، يىگىت پۈتىغا چىرايلىققىنا
ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى. مۇرىسىدىكى كەتمەن پارقىراپ تۇراتتى...
تۇيۇقسىز قوناقلىق ئەنسىز شاراقلاپ كەتتى. قىز چۆچۈپ كۆزىنى
ئېچىپ ئورنىدىن دەس تۇردى. كىمنىڭدۇر «ئوش» دەپ كالا توسقان
ئاۋازى ئاڭلاندى. بىردىنلا ئەتراپنى كالا - قويلارنىڭ مەرەشكەن
ئاۋازى قاپلاپ كەتتى. دېمەك، مەھەللىدىكى باللار قوي - كاللىرى-
نى جىگدىلىككە باققىلى ئېلىپ ماڭغانىدى. ئۇ ئالدىراپ قالدى.
ئانىسىنىڭ ئىزدەپ خاپا بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ھاپىلا - شاپىلا
تاغارغا ئوتنى تىقتى، تاغار خېلى ئېغىر ئىدى. شۇنداقتىمۇ تاغارنى
كۆچەپ كۆتۈرۈپ قوناقلىقتىن چىقتى. ئۇ ئەتراپقا بويۇنداپ قارىدى،
يىراقتا يۇقىرىغا ئۆرلەپ چۇشۇۋاتقان كەتمەن كۈن نۇرىدا پارقىراپ
كۆرۈنەتتى. ئۇ لېۋىنى بوشقىنا چىشلەپ قويدى. ئېرىقتىن تەستىرەك
ئاتلاپ ئۆتۈپ، يۇمشاق توپىلىق يولدا ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ
كەتتى.

* * *

يوپۇرماقلار ئالتۇندەك سارغىيىپ تۆكۈلۈشكە باشلىغان كەچ

كۈزدە ئۇلارنىڭ تويى بولدى. يىگىتنىڭ پاكار تاملىق هويلىسىدا پەقەت بىر تۈپ ئۆرۈك دەرىخىلا بار ئىدى. ئۇ دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى سېرىقتىن ئۆتۈپ قىزىل رەڭدە جۇلالىنىپ تۇراتتى. بۇ قىزىل ياپراقلار سۇس كۈن نۇرىدىمۇ شۇنداق قىزىرىپ چاقناپ تۇراتتىكى، ئۇ قىزنىڭ ئوقچۇۋاتقان قېنىمدەك، بارغانسېرى نۇرلىنىۋاتقان مەڭزىدەك قىپقىزىل ئىدى. ياپراقلار بارا - بارا تۆكۈلۈپ، دەرەخ تاقىر بولۇپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئاپئاق قار ئۇنى يەنە زىننەتلىدى. ئۇنىڭ غولى هەم ئىنچىكە چىۋىقلىرى ئاپئاق قار بىلەن پۈركىنىپ، توم هەم كۆركەم بولۇپ كەتتى. ئۇ پات - پات كىچىككىنە چىۋىقنى ئاستا ئۇشتۇپ، سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇشقا هۇرۇنلۇق قىلىۋاتقان ئېرىنىڭ قوينىغا سېلىپ قوياتتى. ئېرى ئەندىككىنىچە ئۇنى تاكى ئۆرۈك تۈۋىگىچە قوغلاپ كېلەتتى. تۇرسۇننىيازخان پەيت كۈتۈپ دەرەخنى بىرلا ئىرغىتىپ، ئېرىنى قارغا كۆمۈپ تاشلايتتى. ئېرىنىڭ قۇچىقىدا كىچىك بالىدەك تېپىچەكلەپ قاقاقلاپ كۈلەتتى، ئاندىن ئۇلار بىر-بىرىگە يۆلەنگىنىچە ئوچاقتا گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ قىزىق چاي بىلەن ناشتا قىلىشاتتى. جىگدە شېخى ئاجايىپ ياخشى كۆيەتتى. تىكەنلىرىدىن پوجاڭزا ئاتقاندەك پاراسلاپ ئاۋاز چىقاتتى. تۇرسۇننىيازخان بۇ ئاۋازدىن هۇزۇرلانغىنىچە ئېرىنىڭ كەڭ كۆكرەكلىرىگە بېشىنى قويۇپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتەتتى. ئۇنىڭ چۈشلىرىمۇ ئاجايىپ تاتلىق ئىدى…

هويلىدىكى ئاپئاق قار بىلەن پۈركەنگەن ئۆرۈك دەرىخىدە قىپقىزىل جانانە ئۆرۈكلەر چاقناپ تۇراتتى. ئۆرۈك شۇنچىلىك تاتلىق ۋە شىرنىلىك ئىدىكى، شىرنىسى تۆكۈلۈپ تامچىپ تۇراتتى. ئەر چەبدەسلىك بىلەن دەرەخكە يامىشىپ ئۆرۈكلەرنى ئۈزۈپ تۇرسۇننىيازخاننىڭ كەڭ ئېتىكىگە تاشلايتتى… ئۇلارنىڭ كەپسىزگىنە ئوغلى بار ئىدى، ئوغلى ئانىسىغا ئەركىلەپ، ياش ئانىنىڭ مەيدىسىگە مىنىۋالاتتى. ئوغلى خېلى ئېغىر ئىدى. ئۇ تىنالماي بىر هازا هاسىراپ، ئېغىناپ ئاخىر ئويغىنىپ كېتەتتى… ئېرىنىڭ كۆكسىنى چىڭ قۇ-

چاقلاپ تۇرغان قولىنى تەستە ئاجرىتىپ، يەنە تاتلىق كۈلۈمسىرىگى-
نىچە ئۇخلاپ قالاتتى.

تۇرسۇنىنىيازخان توپتوغرا بەش يىلغىچە تۇغماي قويدى. ئۇنىڭ
بالا توغرۇلۇق كۆرگەن چۈشلىرى، ئۈمىدلىرى، خۇداغا يالۋۇرۇشلى-
رى بىكار كەتكەندەك ئىدى. ئېرىنىڭ مىجەزىمۇ ئۆزگىرىۋالدى.
ئاسانلا چېچىلىدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا بىر كۈنى بوراندەك ھۆركى-
رىگىنىچە «ھۇ تۇغماس، تىرىكتاپ خوتۇن» دەپ تىللىدى. تۇرسۇن-
نىيازخان ھۆر - ھۆر يىغلىدى. ئاڭلىغان سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى
قىلدى. ئاخىر بىر كۈنى شەھەرگە ياتلىق بولۇپ كەتكەن دوستى
گۆھەرخانغا دەردىنى تۆكتى.

— يىغلىما، ئاداش! —دېدى گۆھەرخان تەسەللى بېرىپ، —
ئاۋۋال دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باق. نى - نى تۇغماس خوتۇنلارنىڭ
دوختۇرخانىدا داۋالىنىپ تۇغقانلىقىنى ئاڭلىغانمەن، خاتىرجەم بول!

دوختۇر ئايال ئۇنى ئەستايىدىل تەكشۈردى ۋە:

— بالىياتقۇ بەك قېلىن ئىكەن، ئەگەر ئاغرىققا بەرداشلىق
بېرەلىسىڭىز ئەسۋاب بىلەن بالىياتقۇ نېپىزلىگۈچە قىرىمىز. ئويلى-
نىپ بېقىڭ، — دېدى.

تۇرسۇنىنىيازخان دوختۇرنىڭ قولىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ يالۋۇر-
دى:

— تۇغىدىغانلا ئىش بولسا، قانچىلىك جاپا تارتساممۇ، قىينال-
سامۇ مەيلى، خۇش بولۇپ كېتەي، مېنى تېزرەك داۋالاپ قويۇڭ!

تۇرسۇنىنىيازخان جان- جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئاچچىق ئاغرىققا
چىدىدى، ھەتتا لەۋلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى. داد - پەرياد كۆتۈ-
رۈپ ۋارقىراپمۇ تاشلىدى. ئاغرىق تەسىرىدىن ھوشىدىنمۇ كەتتى...

تۇرسۇنىنىيازخان ئۆزىنىڭ راستتىنلا ھامىلدار بولۇپ قالغانلى-
قىغا دەسلەپتە ئىشەنگۈسى كەلمىدى. راستلىقى ئىسپاتلانغاندا بولسا
خۇشلۇقتىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدى. ئېرىنىڭ خۇشلۇقى
ئۇنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىدى. ئۇ تۇرسۇنىنىيازخاننى كى-

چىك بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ چۆرگىلىتىپ كەتتى، ئۇنى پەپىلەپ تېخىمۇ ئەتىۋارلىدى، يېنىدا پەرۋانىدەك ئايلاندى. تۇرسۇن-نىيازخان هويلىسىدىكى ئاشۇ ئۆرۈككە سېزىك بولغانىدى. باشقا ھېچ نەرسە ئاغزىغا تېتىمايتتى. ئۇ ئۆرۈكنىڭ يۇمران يوپۇرمىقىنى ئۇزۇ-ۋېلىپ پۇرايتتى. غورا چېغىدىن باشلاپ تاكى مەي بولۇپ پىشىپ تۈگىگۈچە ئۇ ئۆرۈك يېنىدىن ئايرىلمىدى.

* * *

كېچە سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. ئاي نۇرى كىچىككىنە دېرىزىدىن تولۇق چۈشۈپ تۇرغىنىغا قارىماي، تۇرسۇننىيازخان چىراغنىمۇ ئۆ-چۈرمىگەنىدى، ئۇنىڭ قورسىقى خېلىلا يوغىناپ، تۇغۇت ۋاقتى يې-قىنلاپ قالغانىدى. ئۇ ئۆيدە يالغۇز، ئىشىك قىيا ئوچۇق ئىدى. ئۆرۈك دەرىخى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كىچىك - كىچىك مېۋىلىرىنى يوپۇرماقلار يوشۇرۇۋالغان بولۇپ، سۈتتەك ئايدىڭدا يو-پۇرماقلار قارامتۇل كۆرۈنەتتى. يوپۇرماقلار ئارىسىدىن يۇلتۇزلار چاقناپ مارايتتى. تامدا ئۆرۈكنىڭ پاكار سايىسى ئەلەڭلەيتتى.

دەرۋازا غىچىرلاپ ئېچىلدى. ئەر قولىدىكى كەتمەننى پىرقىرى-تىپ تاشلاپ، ئۆيگە بوراندەك ئۇسۇپ كىردى. ئەمدى كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنغان تۇرسۇننىيازخان چۆچۈپ كەتتى. ئېرىنىڭ چىرايى قور-قۇنچلۇق بولۇپ، هاسىراپ تۇراتتى.

— مەن... مەن كەتمىسەم بولمايدۇ، مەن ... ئادەم ئۆرۈپ قويدۇم...

— كىمنى؟ نېمىشقا؟

— يۇقىرىقى مەھەللىدىكى ساۋۇتنى، ئۇ ئۆلۈپ قالدى. قەيىرىگە ئۇرغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن... ئۇ غەرق قان ئىچىدە قالدى. ئۇ ئاۋۋال ماڭا كەتمەننى تەڭلەپ كەلدى... مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى... بىز سۇ تالىشىپ قالدۇق.

تۇرسۇننىيازخان چەكچىيىپ قېتىپلا قالدى. ئېرى ھاسىراپ توختىماي سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا غەرق قانغا مىلىنىپ ياتقان بىر ئادەم كەلدى. ئۇ ئادەمنىڭ كۆزى ئالىيىپ كەتكەنىدى. ئۇنى بىردىنلا قاتتىق ھۆ تۇتتى.

— نېمىشقا؟ نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭىز؟ ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— مەن كەتمىسەم بولمايدۇ. مېنى ساۋۇتنىڭ ئىنىسى كۆردى. ئۇ «ئادەم ئۆلدى! قۇدرەت ئادەم ئۆلتۈردى!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە قالدى. ئۇلار ھېلى قوغلاپ كېلىدۇ. خوش، خۇداغا ئامانەت.

تۇرسۇننىيازخان چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئېرىنى توختاتتى.

— توختاپ تۇرۇڭ! ماۋۇ ئىككى ناننى ئېلىۋېلىڭ!

ئەر نان بىلەن قوشۇپ ئايالىنىڭ مۇزلاپ كەتكەن قولىنى چىڭ تۇتتى.

— خۇداغا ئامانەت! ئوغلۇمنى ساڭا تاپشۇردۇم!

تۇرسۇننىيازخان چىراغ يورۇقىدا ئېرىنىڭ كۆزىدىن دومىلىغان ئىككى تامچە ياشنى كۆردى. بۇ ياش ئۇدۇل ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە ئېقىپ كىرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئېرىنىڭ بەستلىك، قامەتلىك گەۋدىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۈن قوينىدا غايىب بولدى. تۇرسۇننىيازخاننىڭ قولى تېخىچە ئېسىلىپ تۇراتتى. ئىشىك ھاڭدەك ئوچۇق، تالا سۈتتەك ئايدىڭ. ئۇ ئۇزاققىچە ئېسىنى يىغالمىدى. ئۆزىنى قاباھەتلىك، قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ ئىگىلىۋالغانىدى. قورقۇنچلۇقتا نە ئىشىكنى يېپىشنى، نە سۇپىدا ئولتۇرۇۋېلىشنى بىلمەي تېخىچە ئۆرە تۇراتتى.

— مىياۋ!

قورقۇنچتىن ئۇنىڭ كۆزى چەكچىيىپ كەتتى. ئۆرۈك ئۈستىدە چوغدەك يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزنى كۆردى - دە، تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. گويا ئېرىدىن ئۈمىد كۈتكەندەك ئۆي ئىچىگە قارىدى. ساندۇقنىڭ ئاغزى ئوچۇق، نەرسىلەر قالايمىقان، ئاق كىگىز ئۈستىدە

دە ئېرىنىڭ لاي پۇتىنىڭ ئىزى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ بىردىنلا ئېسىگە كەلدى. ئېرى تېخى بايىلا ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇپ ئىشىكتىن بوراندەك چىقىپ كەتتى. ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇ نەلەرگە بارار؟ مۇشۇ تۇرقى كەينىگە يېنىپ كىرىپلا قالسا - ھە! ئۇ چاغدا ساقچىلار ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ، ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئېتىپ تاشلايدۇ. ئاھ، خۇدا...

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قورسىقىغا ئاغرىق كىرىپ كەتتى. ئۆرۈك ئۈستىدە بىر جۈپ كۆز يەنىلا چوغدەك يېنىپ تۇراتتى. ئۇ تىترەپ تۇرۇپ ئىشىككە قۇلۇپ سالدى. ئۆرۈككە قورقۇپ - قورقۇپ قارىغىنىچە سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى. ئانىسىنىڭ ئۆيى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى...

بالا دادىسىدەكلا كەپسىز، تىنىم تاپماس چوڭ بولدى. ئۇنىڭ قارامتۇل يۈزى كۈن نۇرىدا دائىم تەردىن پارقىراپ تۇراتتى. قاپقارا كۆز قارىچۇقى ھەر ۋاقىت ئويناپ تۇراتتى. يېشىنىڭ كىچىك بولغىنىغا قارىماي مەھەللىدىكى بىر توپ بالىلارغا باش بولۇپ، نە - نەلەردە چېپىپ يۈرەتتى. ئۇ بۇ يىل مەكتەپكە كىرىپ خېلى ياۋاشلاپ قالغاندەك بولۇۋىدى، تەتىل بولۇشى بىلەنلا يەنە كونا خۇيىنى تېپىۋالدى.

ئۇ بىر توپ ھەمراھلىرىنى باشلاپ ئۆزىنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلدى. ئىشىكتە يوغان قۇلۇپ بار ئىدى. پاكارغىنا ھويلا تېمىدىن باراقسان بولۇپ ئۆسۈپ كەتكەن ئۆرۈك دەرىخى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ساپسېرىق پىشقان ئۆرۈكلەر يېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىدىن مارايتتى. ئۇ بۇ ئۆيگە ئانىسى بىلەن پات - پات كېلەتتى. ئۆي ئىچىدە ھېچ نەرسە بولمىسىمۇ، ئانىسى ھەر قېتىم كەلگەندە ئۆينى پاك - پاكىز تازىلايتتى. ئۆرۈك تۈۋىگە سۇ قۇياتتى. ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

— بۇ بىزنىڭ ئۆيىمىز، داداڭ قايتىپ كەلگەندە بىز مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرىمىز، — دەيتتى.

— دادام نەگە كەتتى؟ قاچان قايتىپ كېلىدۇ؟ — ئۇ گويا دادىسى ھازىرلا كېلىدىغاندەك ئالدىراپ سورايتتى.

— داداڭ يىراق جايغا كەتكەن، ئۇ چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ.
— دادام مېنى كۆرگەنمۇ؟
— ھەئە، ئۇ ساڭا بەك ئامراق ئىدى.

ئۇ ئانىسىنىڭ كۆزىدە لىغىرلاۋاتقان ياشنى كۆرۈپ ھەيران قالاتتىيۇ، بىردەمدە يەنە ئويۇنغا بەند بولاتتى. ئۇنىڭ تازا نوچى دادىسى بار. ھە راست، ئىسمى قۇدرەتئاخۇن. بۇنى ئانىسى مەكتەپكە تىزىملاتقاندا ئېيتىپ بەرگەن. دادىسى بىر كۈنى چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭغا جىق نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلىدۇ. ئۇنىڭمۇ ياسىن بوۋىسىدەك ساقىلى بارمىكىن؟ بوۋىسىدەك ئۇنى ئاسمانغا ئېتىپ تۇتۇۋالالامدىكىن؟

ئۇ ئىشىكتىكى يوغان قۇلۇپتىن كۆزىنى ئۈزۈپ، ھەمراھلىرىغا قارىدى. ھەمراھلىرىنىڭ بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ ھويلىدىكى ئۆرۈككە قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار قېنى، بۇ مېنىڭ ئۆيۈم دەپ پو ئېتىۋاتاتتىڭ، خەقنىڭ ئۆرۈك، شاپتۇللىرىنىغۇ پاساڭداشقا ئۇستا ئىدىڭ، ئەمدى ئۆزۈڭنىڭكىنى قانداق قىلىسەنكىن؟ دېگەندەك تۇرۇشاتتى. ھەتتەڭ، ئانىسىدىن ئاچقۇچنى ئېلىۋالغان بولسا، ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قوياتتىدە! شۇنداقتىمۇ ئۇلار شورا ئاتلاپ باغلارغا كىرىشكە خېلى ئۇستىغۇ، ئۇلار بىر - بىرىنى يۆلەشتۈرۈپ، ئاندىن كوچىمەيلا تام ئۇستىگە چىقىشتى، ئاندىن تام يېنىغا قويۇلغان توخۇ كاتىكىگە دەسسەپ ھويلا ئىچىگە سەكرەشتى. ئۆرۈككە مايمۇندەك ياماشتى. مىلىقلاپ پىشىپ كەتكەن ئۆرۈكنى ئېغىزلىرىنى تامشىپ تۇرۇپ تازا يېيىشتى، ئاندىن ئىرغىتىپ تۆكمە قىلىشىپ، دوپپىلىرىغا تەرگەننى سېلىشىپ، يەنە تامدىن يامىشىپ چۈشۈپ، توپا توزۇتقىنىچە نەلەرگىدۇر غايىب بولدى.

تۇرسۇننىيازخان ئانىسى بىلەن كېۋەز ئوتاپ ھېرىپ كەتكىنىگە قارىماي ئۆينى بىر يوقلىغۇسى كەلدى. ئۇ ئۆيگە بارمىغىلى بىر ھەپتە بولۇپ قالغانىدى. تۇرسۇننىيازخان ھېلىقى كېچىدىن كېيىن ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ ئۆيدە يالغۇز تۇرۇشتىن قورقتى.

مانا ئەمدى چوڭلا بولۇپ قالدى. ئەمما، ئاتا - ئانىسىغا ئۆيۈمگە قايتىپ كېتىمەن دېيەلمىدى. كۈن ئاللىبۇرۇن تاغ كەينىگە مۆككەن، ئەمما مەھەللە ئىچى ئېتىزدىن قايتقان كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى، قوي - كالىلارنىڭ مەرەشلىرى بىلەن جانلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆستەڭ بويلاپ كېلىۋاتاتتى. شۇنچە ۋاراڭ - چۇرۇڭدىمۇ سۇنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سۇ كىشىنىڭ قارىغۇسى كەلمىگۇدەك دەرىجىدە لاي - لاتقىلار بىلەن ئارىلىشىپ، سېغىز رەڭ ئاقاتتى. سالقىن نەم شامال تۇرسۇنىنيازخاننىڭ پاچىقىنى سىيپاپ ئۆتەتتى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا كەلدى. ئىشىكتىكى يوغان قۇلۇپنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ كەتتى. ناۋادا ئېرى تاسادىپىي قايتىپ كېلىپ ئىشىكتىكى داتلاشقان يوغان قۇلۇپنى كۆرسە نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟ ئۆينى تۇتۇپ ئولتۇرماي، قۇلۇپلاپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتۇ دەپ كۆڭلى غەش بولۇپ، تۇرسۇنىنيازخاندىن رەنجىپ قالارمۇ؟ ئۇ قۇلۇپنى ئەستە ئاچتى. ھويلىغا كىرىپلا چۆچۈپ كەتتى. ھويلا مىجىلغان ئۆرۈكلەرگە تولۇپ كەتكەنىدى. كىچىك باللارنىڭ ئاياغ ئىزىنى كۆردى. كەپسىز ئوغلىنىڭ قىلغان ئىشىنى پەملىدى. ھەي، كەپسىز باللاررەي، قانچىلىك يېسەڭمۇ يېسەڭ، ئەمما قېقىپ تاشلاشمىساڭچۇ! ئۇ ئۆرۈك تازا پىشقاندا قېقىپ، گۈلە سېلىپ ئېرىگە ساقلاپ قويماقچى ئىدى. ئېرى ئۆرۈك، شاپتۇل تۆگەپ قالغاندا كېلىپ قالسىمۇ ئۆز ھويلىسىدىكى ئۆرۈك قېقىنى تازا ھۇزۇرلىنىپ يەيدۇدە! بۇنى ئوغلىغا بۇرۇنراق ئېيتىپ قويىدىغان ئىش ئىكەن.

ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى. ئۆي قۇپقۇرۇق، ئەمما كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنەتتى. ئۆتكەن ھەپتىدە تازىلاپ قويغان پېتى پاكىز ئىدى. راست، دېرىزە ئەينىكى ۋە ئىشىككە سۇس توپا قونۇپتۇ. ئۇنى ئەتە سەھەر كېلىپ سۈرتۈپ، ھويلا - ئارامنى پاكىز تازىلايدۇ. ئېرى قايتىپ كەلسە، ھېچنېمە بولمىسىمۇ پاكىز تۇرغان ئۆينى كۆرۈپ كۆڭلى ۋىللىدە ئېچىلىدۇ. ئېرى كەلسە ئىش باشقىچە

بولىدۇ. ئۇ ھېلىقى چاغدا ئىلاجسىز ئېلىپ كەتكەن ساندۇق، يوتقان-كۆرپىلەرنى ياندۇرۇپ كېلىدۇ. يىغىپ قويغان ئازغىنا پۇلغا بىرەر قوي، ئىككى - ئۈچ توخۇ سېتىۋالىدۇ. بۇ ئۆي يەنە جانلىنىدۇ.

— ئانا!— ئوغلى سىرتتىن يۈگۈرۈپ كىرىپ، توپا يۇزىنى ئانىسىنىڭ كۆڭلىكىگە سۈركىدى،— دادام قايتىپ كەلدىمۇ؟

— ياق تېخى،— ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، ئوغلىنى باغرىغا باستى. ئېرى قايتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. ھېلىمۇ توپتوغرا يەتتە يىل ئۆتتى. ئۇ گويا ئېرى ئىشىكتىن ھېلىلا كىرىپ كېلىدىغاندەك ھەر كۈنى ئىشىككە تەلمۈردى. ئېرى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم دەپ ئويلىغان ھېلىقى ئەر ئاللىبۇرۇن قوشنا كەنتكە دۈيجاڭ بولۇپ كەتتى. بۇ ئادەم ھېلىقى چاغدا دوختۇرخانىدا بىر ئايچە يېتىپ ساقىيىپ چىقتى. سۇنۇپ كەتكەن ئىككى دانە ئۇدۇل چىشى ئورنىغا چىش سالدۇرۇپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرىدۇ. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا دوختۇرخانا خىراجىتىنى تۆلەپ بەرسۇن دەپ كىرگەندە تۇرسۇننىيازخان تۇغۇتلۇق ياتاتتى. ئۇ ھېچقانچە تارتىشمايلا ئېغىلدىكى بار - يوقى ئۈچ قوي ۋە بىر كالىسىنى كۆزىنى يۇمۇپلا بېرىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نەرسىلەر كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى. ئۇنى خۇشال قىلغىنى ئېرىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويمىغانلىقى ئىدى. ئېرى ساق - سالامەت بولسىلا ھەممە نەرسىنى تاپقىلى بولاتتى. ئۇ تۇغۇتلۇق يېتىپ ئىشىككە تولا تەلمۈرۈپ كۆزلىرى تېشىلەي دەپ قالدى. ئېرى قانداقلا بولمىسۇن بۇ خەۋەرنى — ساۋۇتنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قاتىل ئەمەسلىكىنى ئاڭلايتتى. ئاڭلىغان ھامان ھېچ نەرسىگە قارىماي قايتىپ كېلەتتى.

ئۇ كۈتۈۋېرىپ، شۇنچە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالدى. مانا ئەمدى ئوغلى چوڭ بولۇپ قالدى. ئۇ ئانىسىدەك سەۋرچان ئەمەس، ھە دېسىلا تاقەتسىزلىنىپ دادىسىنى سوراپ بىئارام قىلىدۇ. ئېرىدىن تا ھازىرغىچە ھېچقانداق خەۋەر يوق، گويا ئۇ دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە كەتكەندەكلا. ئۇ بۇ خەۋەرنى تېخىچە ئاڭلىمىغان-

مىدۇ؟ ئىشكىتە يىغلىغىنىچە ئۆزىتىپ قالغان ئايالىنى ۋە دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان پەرزەنتىنى ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ئۇ هاياتمىدۇ ياكى...

ئوغلى يەنە كەينىدىن ئەگىشىپ كەلگەن هەمراهلىرى بىلەن ئوينىغىلى قاچتى. ئۇ ئۆرۈك يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ يەردىكى ئۆرۈكنى تېرىشكە باشلىدى. ئۇ بىر تال ئۆرۈكنىمۇ زايە قىلىشقا چىدىمايتتى. ئېرى ئۆز قولى بىلەن تىككەن ئۆرۈكتە ئۇنىڭ ھىدى بار ئىدى.

— تۇرسۇننىيازخان، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ كەنت شۇجىسىنى كۆردى. هۆرمەت يۈزىسىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلدى.

— بۇ ئۆرۈك ئەجەب ئوخشاپتۇ،— شۇجى ئۇدۇل ئۆرۈك يېنىغا كېلىپ، شاختىن بىر تال ئۆرۈكنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى،— ۋاھ، ئەجەب تاتلىقكەنغۇ كاساپەت، هەسەل بىكار قالسۇن.

تۇرسۇننىيازخان ئېتىكىدىكى ئۆرۈكنى بىر يانغا تۆكۈپ قويۇپ، شاختىن ئون نەچچە تال ئۆرۈكنى ئېلىپ شۇجىغا تەڭلىدى.

— رەھمەت!

شۇجى ئۆرۈكنى هۇزۇرلىنىپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كېلىشكەن بۇرۇتى، بۇركۇتتەك ئۆتكۈر كۆزلىرى جىم تۇرمايتتى. ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر قاپارتما ئۇنىڭ ئىتتىك مىجەزىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. بېشىغا قوندۇرۇۋالغان دوپپىسى ياردىشىملىق ئىدى.

— سىز ئېرىڭىزنى هېلىمۇ يەتتە يىل ساقلىدىڭىز، ئەمدى ساقلىماڭ!

شۇجىنىڭ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدىكى سۆزى ئۇنى تۇيۇقسىز گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ شۇجىنىڭ ئوچۇق سۆزلۈكىنى بىلەتتى. ئەمما...

— ئۆيىڭىزگە ئادەم كىرگۈزەي دەيمەن!

شۇجى بۇ سۆزنى بايا تۇرسۇننىيازخانغا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلە-

رىنى قاچۇرۇپ پەسرەك ئاۋازدا ئېيتتى. ئەمما، بۇ ئاۋاز تۇرسۇننى-
يازخانغا گۈلدۈرمامىدەك ئاڭلاندى. ئۇ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. يۆلىنى-
ۋېلىشقا جاي ئىزدەپ ئەتراپقا قارىدى. يېنىدا يۆلەنگۈدەك نەرسىمۇ
يوق ئىدى. شۇجىغا تىك قارىيالمىدى. پۇتلىرى دىرىلداپ تىترەۋاتات-
تى. شۇجىنىڭ كېسەل ئايالى تۆت ئاي بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنىدى.
ئۇ شۇجىنىڭ ئەزەلدىن ئۆزگىچە ئالاھىدە خەيرخاھلىق قىلغىنىدىن
مىننەتدار بولۇپ كەلگەن، ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق خىيالى بارلىقى ئۇخ-
لاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەنىدى. ئەگەر ئۇ شۇجىنىڭ بۇنداق خىيالى
بارلىقىنى بۇرۇنراق سەزگەن بولسا، ئۇنىڭ خەيرخاھلىقىنى باشقا
ھەرقانداق ئەرلەرنى رەت قىلغاندەك رەت قىلار ئىدى.

— قانداق قىلىمىز، تەقدىر شۇنداق ئىكەن، قۇدرەتئاخۇن يەتتە
يىلدىن بېرى قايتىپ كەلمىدى. سىز ئايال كىشى تۇرۇپ ھېلىمۇ
كۆپ بەرداشلىق بەردىڭىز. ئاينىساخانمۇ مېنى يالغۇز قالدۇرۇپ
كېتىپ قالدى. ھەر ئىككىمىز بويتاق قالدۇق. مېنىڭ ئىككى قىزىم-
مۇ سىزنى يات كۆرمەيدۇ. مېنىڭ ئوغلۇم يوق، ئوغلىڭىزنى ئۆز
ئوغلۇمدەك باقىمەن.

تۇرسۇننىيازخان لېۋىنى چىشلىگىنىچە ئۈنسىز تۇرۇپ قالدى.
ئالدىدىكى مۇنۇ ئادەمنىڭ سۆزى سەمىمىي، تەسىرلىك، ئوچۇق ئى-
دى. ئۇ ئېرىنى توپتوغرا يەتتە يىل كۈتتى. يەتتە يىل دېگەن ئاز
ۋاقىتمۇ؟ بولۇپمۇ بىر ئايال كىشى ئۈچۈن. ھېلىمۇ ياخشى ئاتا-
ئانىسى ھايات ئىكەن، بولمىسا نېمە كۈنلەرنى كۆرەر ئىدى؟ ئەر
كىشى تۇرۇپ ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ شۇنچە ئۇزاق يوقاپ كەتكەن
بارمۇ؟ ياقا يۇرتلاردا يۈرگىنىدە، ئالدىغا ئۇچرىغان بىرەر تونۇشىدىن
ئىشىك تۈۋىدە زار-زار يىغلاپ قالغان بىچارە ئايالىنىڭ ئەھۋالىنى
ئۇقۇشۇش ئېسىگە كەلمىگەنمىدۇ؟ توپتوغرا يەتتە يىلغىچە ھېلىقى
قاتىللىق ۋەقەسىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئاڭلىماي قالارمۇ؟ ئەگەر
راستىنىلا ئاڭلىمىغان بولسىچۇ؟ ھېچ ئىشتىن خەۋەرسىز، بۇلۇڭ-
پۇچقاقلاردا ساقچىلاردىن، ھەتتا تونۇش-بىلىش، يۇرتلۇقلاردىن

قېچىپ يۈرگەن بولىسچۇ؟ ئۇ ھامان بىر كۈنى ئاڭلىماي قالمايدۇ. ئاڭلىغان ھامان ئۇچۇپ دېگۈدەك قايتىپ كېلىدۇ.

— ئۇ قايتىپ كېلىمەن دېگەن، چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ. ساۋۇت-ئاخۇننىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلسىلا قايتىپ كېلىدۇ.

ئۇ ئىختىيارسىز بۇ سۆزلەرنى ئېيتىۋېتىپ شۇجىغا قارىدى. ئۇنىڭ ئىككى قېشى ئوتتۇرىسىدىكى قاپارتمىنىڭ چوڭقۇرلاپ كەتكەن-لىكىنى كۆردى. شۇجى ھويلىنىڭ تۆت ئەتراپىغا تەكشى قاراپ چىقتى. كۆزلىرى ئاخىر ئۆرۈككە ئۆرۈلۈپ توختىدى. بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن ئۆرۈكنى ئۇرۇپ قويۇۋىدى، ئۆرۈك تورۇكلاپ تۆكۈلدى.

— سىزگە ئېيتىپ قوياي، ئېرىڭىزدىن ئەمدى ئۈمىد كۈت-مەڭ،— ئۇ نېمىشقىدۇر بىر ئاز توختىۋالدى،— ئېرىڭىز ھازىر ئۇرۇمچىدە ئىكەن، بىزنىڭ ماھۇتئاخۇن كۆرۈشۈپتۇ، ئۇ قايتىپ كېلەلمەيدىكەن. تۇرسۇننىيازخانغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئەرگە تەگسۇن، ئەمما بالامنى خارلىمىسۇن! دەپتۇ. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر خوتۇنغا ئۆيلىنىپتۇ. خوتۇنى ئۆزىدىن چوڭ ئىمىش. تۇرمۇشى بەلەنكەن. تىجارەت قىلىۋېتىپتۇ... بولدى قىلىڭ ئەمدى، ئەتە ئۆيىڭىزگە ئادەم كىرگۈزدەمەن!

شۇجى لوڭۇلداپ دەسسىگىنىچە چىقىپ كەتتى. تۇرسۇننىيازخان بىرى چۆرگىلىتىپ قويۇپ بەرگەندەك گاراڭ ھالەتتە تۇرۇپ قالدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يەنە ھېلىقى كۈننى ئەسلىدى. ئۇ كۈنى يۈپيۈمىلاق تولۇن ئاي، جىمىرلىشىۋاتقان سانسىز يۇلتۇزلار ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغانىدى. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن تۇزۇكرەكمۇ خوشلىشالمىدى، ئەرنىڭ كۆزى ئارقىسىدا قالدى. ئۇ ئېرىنىڭ ئۆزدىنى «ھۇ، تۇغماس! تىرىكتاپ!» دەپ تىللىغىنىنى ئەسلىدى. ئەر بالىغا زار بولغىنىدىن خوتۇنىغا ئامراقلىقىنى ئۇنتۇپ شۇنداق دەپ تىللىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ بالىسى بولدى، ئەمما خۇدا ئۇنى باغرىغا بېسىشقا نېسىپ قىلمىدى. بالىمۇ دادىسىنى كۆرەلمىدى. بەلكىم مەڭگۈ كۆرەلمەس.

ئەتراپ كۆمۈردەك قارىيىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنىمۇ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى قاپلىغاندەك ھېس قىلدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بوشىشىپ كەتتى. ئۇنى شۇنچىلىك يىغا تۇتتىكى، كۆز ياشلىرى سوغۇق توپا بىلەن بىرلىشىپ كەتتى.

— قىزىم، يۈرۈڭ، ئۆيگە كېتەيلى! — ئانىسى ئۇنى يۆلىدى. تۇرسۇننىيازخان ماغدۇرسىز ھالدا ئانىسىغا يۆلىنىپ ماڭدى. ئىشىك ھاڭغىرقاي ئوچۇق قالدى. ئۇ قانداقتۇر بىر ئاچچىقنىڭ تەسىرىدە كەينىگە قاراپمۇ سالمىدى. تېخى يىغلاپ ھارمىغانىدى. ئىچ - ئىچى-دىن بوغۇلۇپ، تاراملاپ يىغلاۋاتاتتى. ئانىسى قىزىنى يۆلەپ كېتىۋې-تىپ، بىر قولىدا چېچىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى.

— مامۇتئاخۇن ئۈرۈمچىدىن تۈنۈگۈن كەپتىكەن. باياتىن بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپتۇ، — ئانىسىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقىۋاتات-تى، — ئۇ قۇدرەتئاخۇننى كۆرۈپتۇ. ئۇ... ئۇ شۇ يەردە بىر خوتۇن بىلەن...

— بولدى قىلىڭ. مەن ... مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم، — ئۇ ئاجايىپ ئاۋازدا توۋلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئەمدى بۇ سۆزلەرنى قايتا ئاڭلاشقا تاقىتى يوق ئىدى.

* * *

ئىككى كۈندىن بېرى قاتتىق بوراق چىقتى. ھۆركىرىگەن بوران يولدىكى توپا - ئەخلەتلەرنى ئۇچۇرۇپ، ھەممە يەرنى توپا - چاڭغا كۆمۈۋەتتى. دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئاپئاق ئاقىرىپ توپا چىراي بولۇپ كەتتى. ئادەملەرنىڭ چىرايىدىنمۇ توپا يېغىپ تۇراتتى. تۇرسۇننىياز-خان ئىككى كۈندىن بېرى ئېتىزغىمۇ، سىرتقىمۇ چىقمىدى. تولا يىغلاپ قاپاقلىرى ئىششىپ كەتتى. ئۇنىڭغا نېمىشقىدۇر ئەمدى ھاۋا ئېچىلمايدىغاندەك، كۈنلەر ئەمدى مۇشۇنداق توپا - چاڭ ئارىسىدا ئۆتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ئاشۇنداق ھالسىز پېتىچە يېتىپ تۇرۇپ

ئۆيدىن ئەنسىرەپ قالدى. هويلا ئىشىكى هاڭغىرقاي ئوچۇق قالغان، قۇپقۇرۇق ئۆيگىمۇ ئوغرى كىرمەس، ئەمما خەقنىڭ قوي - كالىلىرى ئۇسۇپ كىرىپ هويلىنى رەسۋا قىلىۋەتكەندۇ؟ ئىسىت، ئۆرۈكلەر بوراندا قېقىلىپ تۆكۈلدىدە! تازا مەي باغلاپ پىشقاندى. ئىككى كۈن ئاۋۋال قېقىپ گۈلە سېلىۋېتىدىغان ئىش ئىكەن. ئۆينىڭ ئاشۇ ۋەيرانە تۇرقىدا ئېرى ئاسادىيىنى كېلىپ قالسا...

بوران توختىدى. ئۇ هېچنېمىگە قارىماي سۇپۇرگە، چېلەكنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ماڭدى. هويلا ئىشىكى يېپىقلىق ئىدى. هېلىمۇ ياخشى نىيەتلىك قوشنىلار ئىشىكنى يېپىپ قويۇپتۇ. ئۆرۈكلەر تۆكمە بولۇپ، توپىدا مىجىلىپ يېتىپتۇ.

ئۇ هويلىنى، ئۆينى پاكىز تازىلاپ چىقتى. ئىشىك - دېرىزىلەر-نى پاكىز سۈرتتى، توپىغا مىلىنىپ ياتقان ئۆرۈكلەرنى بىر - بىرلەپ تېرىپ، پاكىز يۇيۇپ، ئۆگزىگە ئاچىقىپ ئاپتاپقا يايدى. ئۇ ئۆزىنى بىردىنلا روهلىنىپ قالغاندەك سەزدى. ئۆي ئىچىدىن زەي پۇرىقىغا قوشۇلۇپ تونۇش هىد كېلەتتى. ئۆرۈك دەرىخى چوڭىيىپ، باراقسان-لاپ، هويلىنى بىر ئالغاندى. يازنىڭ قىزىق چۇش ۋاقىتلىرىدىلا ئەمەس، سالقىن كەچ ۋاقىتلىرىدىمۇ ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئۆرۈك ئاستىغا كىگىز سېلىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئېرى ئۇنىڭغا بوم ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى. ئېرى كەچلىرى سۇ تۇتقىلى چىقىپ كەتكەندە، ئۇ مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئېرىنى ساقلايتتى. ئازراقمۇ قورققۇسى كەلمەيتتى. ئېرى قەيەردە بولمىسۇن، ئۇنىڭ ناخشا ئاۋازى تۈن قوينىنى يېرىپ كېلىپ ئۇنىڭغا هەمراھ بولاتتى، ئۇنى هۇزۇرلان-دۇراتتى، پەپىلەيتتى. ئۇنى يەنە يىغا تۇتتى. بۇ پاكار تاملىق هويلى-غا، مۇشۇ بىر تۈپ ئۆرۈككە ئاجايىپ چوڭقۇر مېهرى بارلىقىنى يەنە بىر قېتىم هېس قىلدى. ئۇ هەرقانچە قىيىنچىلىق تارتسىمۇ، ئوغلى بىلەن مۇشۇ ئۆينى تۇتۇپ ئولتۇرغۇسى بار ئىدى. ئەمما، شۇجىنىڭ ئەلچىلىرىگە نېمە دېگۈلۈك؟ ئاتا - ئانىسىنىڭ ياق دېمەسلىكى ئېنىق. ئەكسىچە، ئۇلار خۇشال بولغاندەك تۇرىدۇ. باشقىلارنىڭ سۆزى بويى-

چە ئېيتقاندا، بۇ تۇرسۇننىيازخاننىڭ بەخت - تەلىيى. يەتتە يىلدىن بۇيان تۇل ئولتۇرغان تۇرسۇننىيازخان بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن ماقۇل دېيىشى كېرەك ئىمىش.

تۇرسۇننىيازخان نېمىشقىدۇر ماقۇل دېيەلمىدى. ئەلچى خوتۇنمۇ كېلىپ هارمىدى. ئانىسى سۆزلەپ هارمىدى، هەرقانداق ئىشقا كەسكىن مۇئامىلە قىلىدىغان بۇ شۇجىمۇ كىشىنى هەيران قالدۇرىدىغان سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنىڭ ماقۇل دېيىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. تۇرسۇننىيازخاننىڭ مېڭىسىدە زىددىيەتلىك خىياللار ئەگىپ يۈرەتتى. هە دېسىلا ئاشۇ ئۆيگە بېرىۋېلىپ، ئۆرۈكنى قۇچاقلاپ ئۇنىسىز يىغلايتتى. ناۋادا ئاشۇ قورقۇنچلۇق ئىش يۈز بەرمىگەن بولسا، ئۇلار بۇ چاغقىچە نەچچە باللىق بولۇپ، چوڭلا ئائىلە بولۇپ قالار ئىدى.

ئۇ ئېرىنىڭ ئەهۋالىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاش قارارىغا كەلدى. پات - پات ئۇرۇمچىگە قاتناپ تۇرىدىغان مامۇتئاخۇننىڭ ئۆيىگە باردى. مامۇتئاخۇندىن ئېرى توغرىسىدىكى سۆزلەرنى ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ ئاڭلىدى. يىغانى ئۆرلەپ، كىملەرگىدۇر دەردىنى ئېيتقۇسى كېلىپ، شەهەردىكى دوستى گۆهەرخاننى ئىزدەپ كىردى. دوستىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ پۇخادىن چىققۇچە يىغلىدى. گۆهەرخان ئۇنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ، ياشلىرىنى سۈرتۈپ، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، مەسلىهەت كۆرسەتتى.

— بولدى ئەمدى، ئېرىڭدىن ئۈمىد كۈتمە. ياخشىراق بىرەرسىنىڭ پېشىنى تۇت. مېنىڭچە، شۇجى ياخشى ئادەم. ئۇنىڭغا ماقۇل بول!

— ياق، ماقۇل بولالمايمەن، — تۇرسۇننىيازخان ئىتتىك بېشىنى چايقىدى.

— نېمىشقا؟ ئۇ ئادەمنىڭ يېشىمۇ ئانچە چوڭ ئەمەسقۇ؟ ئۇنىڭ ئېرىڭدىن نەرى كەم؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە خېلى ئوقۇغان، بىلىملىك ئادەم. كەنتتىكى هەممە ئادەم ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ. ئۇنداق ئادەمنى سەن چىراغ ياندۇرۇپمۇ تاپالمايسەن، — گۆهەرخان بىردىنلا قىزىشىپ

سۆزلەپلا كەتتى، — سەن ئېرىڭنى ھېلىمۇ يەتتە يىل كۈتتۈڭ، ئاز جاپا تارتتىڭمۇ؟ ئۇ بولسا خوتۇن ئېلىپ راھەت كۆرسۇن، سەن يەنە ئەخمەقلىق قىلىپ ئۇنى كۈتەي دەمسەن؟

— ئۇ ئامالسىز شۇنداق قىلغان، — تۇرسۇننىيازخان ھاپىلا - شاپىلا ئېرىنى ئاقلىدى، — ئۇ شۇنچە يىل سەرسان بولۇپ يۈرگەندە ھېلىقى ئايال ئۇنىڭغا بەك ياردەم قىلغانىكەن. ئۇ شۇ ئايالنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۆز نىكاھىغا ئاپتۇ. ئۇ ھامان بىر كۈنى يۇرتۇمغا بارىمەن دەپتۇ.

— قاچان قايتىپ كېلىدىكەن؟ — گۆھەرخاننىڭ سوئالىدىن ئاچچىق چىقىپ تۇراتتى.

— بىلمەيمەن، ئۇ ئوغلىغا دەپ كىيىم - كېچەك، 500 يۈەن پۇل ئەۋەتىپتۇ. ئۆيۈمنىڭ چىرىغى ئۆچمىسۇن، ئۆينى ئوغلۇممۇ بولسا تۇتۇپ ئولتۇرسۇن، دەپتۇ. يەنە ھويلىمىزدىكى ئۆرۈكنى سېغىنىپتۇ. قېقىپ ئازراق گۈلە قۇرۇتۇپ قويغانىدىم، ماموتئاخۇندىن ئەۋەتەيمىكىن...

گۆھەرخان دوستىنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى. تۇرسۇننىيازخاننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن سېغىنىش، مۇھەببەت تۆكۈلۈپ تۇرۇۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئاستاغىنا دوستىنىڭ قولىنى تۇتتى، قوللار يىرىك، قوپال، قىزىل ياغلىق ئىچىدىكى سارغۇچ چاچلىرى خۇنۇك، جانسىز ئىدى. ئەسلىدىنلا كىچىك بولغان يۈزى مانا ئەمدى ئاپتاپتا كۆيۈپ، قورۇلۇپ، سەپكۈنلەر تېخىمۇ ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. گۆھەرخاننىڭ باللىق دەۋرىدىكى بۇ دوستىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

* * *

سەھەر سۈزۈك، نەمخۇش، جۇلالىق ئىدى. ئىككى كۈن بۇرۇن ياغقان يامغۇر ھاۋادىكى، دەل - دەرەخلەردىكى توپا - چاڭنى يۇيۇپ، زېمىننى يېڭىلا يۇيۇنۇپ چىققان قىزدەك نۇرلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئەتراپتىن تېخىچە نەمخۇش توپا ھىدى كېلەتتى.

قۇياش بۇرۇنراق زېمىننى كۆرۈشكە ئالدىرىغاندەك، شەرقتە قىزغۇچ نۇر چەمبىرىكى ھاسىل قىلغانىدى.

تارغىنا توپا يولدا تۇرسۇننىيازخان يىنىك مىڭىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئەتراپتىكى يېشىللىققا تويماي قارايتتى. كۆز ئالدىدا كۆز يەتكۈسىز كېۋەزلىك سوزۇلۇپ ياتاتتى. كېۋەز ياپراقلىرى چوڭ، ئەمما يۇمران ئىدى. يوپۇرماقلار مەيىن شامالدا يىنىك تەۋرىنەتتى. ياپراقلاردا مەرۋايىتتەك شەبنەم تامچىلىرى يالتىرايتتى. تۇرسۇننىيازخاننىڭ يۈرىكى ئېيتقۇسىز خۇشاللىققا چۆمدى. ئۇنىڭ يۈزى گويا بۈگۈنلا ئاقىرىپ چىرايلىق بولۇپ كېتىدىغاندەكلا، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان يۈزىنى ياپراق ئارىسىغا تىقىپ، بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى. شەبنەم ئۇنىڭ يۈزىگە سۆيۈپ - سۆيۈپ يېپىشتى. ئۇنىڭ يۈزىگىلا ئەمەس، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا نەملىك تارالغاندەك بولدى. كېۋەز ياپراقلىرى بىلەن پىچىرلاشقۇسى، ئويناشقۇسى كەلدى. بۇرنىغا قىغ ئارىلاش نەم توپا پۇرىقى گۈپپىدە ئۇرۇلدى.

— تۇرسۇننىيازخان، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن، هوي!

ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئەتراپتا هېچكىم يوق ئىدى. پەقەت ئېرىق بويىدا كەتمەن دەستىسىدەك يالتىراپ تۇرغان ئۇزۇنغىنا نۇر دەستىسى سوزۇلۇپ تۇراتتى.

# گۈل بازىرى

ئايال گۈل بازىرىغا ئەتىگەنلا كەلدى. تاڭ ئەمدىلا يورۇغان بولۇپ، بازار تېخى تولۇق ئېچىلمىغانىدى. گۈللەرنى يايىدىغان ئورۇنلار بوش دېگۈدەكلا تۇراتتى. ئايال بازارنىڭ ئۆستەڭ بويىغا يېقىن يېرىدىن ئورۇن ئېلىپ، چوڭ بىر ياغلىقنى يەرگە سالدى، ئاندىن گۈل بەرگلىرىنى ياغلىق ئۈستىگە يايدى. گۈل بەرگلىرى نەم ئىدى. بەزىلىرىدە شەبنەم تامچىلىرى يالتىراپ تۇراتتى. ئەتراپقا گۈپپىدە گۈل پۇرىقى تارىدى. گۈل بازىرى لىققىدە خۇش پۇراققا تولۇپ كەتتى. سۇنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى مۇزىكىدەك يېقىملىق ئىدى. ئۆستەڭ بويىدىن كېلىدىغان نەم پۇرىقى بىلەن گۈل پۇرىقى قوشۇلۇپ كىشىنى مەست قىلاتتى. ئايال گۈل پۇرىقىدىن مەست بولغاندەك گۈللىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئايال تاڭ تېخى تولۇق يورۇماستىن بېغىغا گۈل ئۈزگىلى چىقىپ، ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن گۈللىرىگە شۇنداق مەست بولۇپ بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ياتلىق بولۇپ مۇشۇ ئۆيگە كىرگەن يىلى ئەتىيازدا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئىككى تۈپ گۈل كۆچىتى ئېلىپ كېلىپ تىكىپ قويغانىدى. كېيىن بۇ گۈللەر يىلدىن - يىلغا باراقسانلاپ كۆپىيىپ باغنىڭ ئىچىنى بىر ئالدى. ئايال قىز چاغلىرىدىلا گۈلگە ئامراق ئىدى. گۈللەرنى پەرۋىش قىلىپ ھارمايتتى. قىزىق يېرى، ئۇ گۈلنىڭ بىرەر شېخىنى ئۇشتۇپ نەمخۇش يەرگە سانجىپ قويسىلا تۇتۇپ قالاتتى.

ھەر يىلى گۈل ئېچىلىدىغان مەۋسۇمدا ئۇنىڭ گۈللىرى ھەممىدىن بۇرۇن ئېچىلاتتى. بەرگلىرى ئوتقاشتەك قىزىل، پۇرىقى شۇ

قەدەر مەززىلىك ئىدى. ئۇ گۈللىرىنى ئۆزۈشكە چىدىمايتتى. بەرگ-لىرىدىن تۆكۈلۈپ كېتىشىگە تېخىمۇ چىدىمايتتى. گۈللەر قۇرۇپ، بەرگلىرىدىن تۆكۈلۈشكە باشلىغاندىلا ئاندىن ئاۋايلاپ ئۈزۈپ قۇرۇتۇپ ساقلاپ چاي قىلىپ دەملەپ ئىچەتتى.

ئۆتكەن يىلى ئۇ گۈللەرنى ياش پىتىچە ئۈزۈپ گۈلقەنت ياسىدى. ئەمما، گۈل بەرگلىرىنى ئۈزۈپ سېتىشنى پەقەت ئويلاپ باقمىغان-دى. ئۇ ياسىغان گۈلقەنتلەرنى، دەملىگەن گۈل چايلىرىنى بالىلى-رى، بولۇپمۇ قېينانىسى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى.

ئۇنىڭ ئېرى بەكلا ياۋاش، مۆڭ چىقىپ قالدى. ئېتىزدا باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشتىن بۆلەك ئىشقا يارىمايتتى. ئۆيىنىڭ ھەممە ئىش-لىرى، ھەتتا چاي - تۇزنى غەملەشلەرگىچە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ بالىسىنىڭ كېزىك كېسىلى بىلەن ئاغرىغىنىغا يېرىم ئايچە بولغانىدى. ئۇ بالىسىغا گۆش، تۇخۇم يېگۈزۈپ ياخشىراق باقسام، دەپ ئويلايتتى.

بېغىدا گۈللەر تازا ئېچىلغان بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ئۇ بىر ئېتەك گۈل بەرگى ئۈزدى، ياغلىقىغا چىگىپ شەھەرگە ئېلىپ كىر-دى. بىر چاغلاردا قوشنىسى يىراقتىن كۆرسىتىپ قويغان گۈل بازى-رىغا كىرىپ بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ياغلىقىنى ئاستا ئاچتى. بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىرقانچە ئادەم ئولىشىپ ئۇلگۈردى. ئۇلارنىڭ ئارى-سىدا ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ياش بىر ئەرمۇ بار ئىدى. ھېلىقى ئەر ئايالنىڭ قولىغا تالاشمايلا 30 يۈەننى تۇتقۇزدى ھەم:

— نېمىدېگەن جۇلالىق، خۇش پۇراق گۈل بۇ، — دەپ ماختى-دى، — مۇشۇنداق گۈل بولسا قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك ئالاتتىم.

ئايال بۇ سۆزدىن 30 يۈەن پۇلنى ئالغاندىكىدىنمۇ بەكرەك خۇ-شال بولۇپ كەتتى، ئەمما ئۈندىمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئەمدى گۈللىرىنى سېتىشقا پەقەت چىدىمايتتى.

گۈل بازىرىدىن قايتىپ كېلىپلا ئۇ گۆش سېتىۋېلىپ بالىسىغا پىشۇرۇپ يېگۈزدى. ئەمما، كۈن بويى كۆڭلى غەش يۈردى. بېغىغ-

مۇ كىرمىدى. ئۇنىڭغا ئۆزىچىلا ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە قۇرۇپ قاغجىراپ ئۆز گۈزەللىكىنى يوقاتقاندەك تۇيۇلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ بېغىغا كىرىپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. باغدا گۈللەر كۈندىكىدىنمۇ بەكرەك ھۆپپىدە ئېچىلىپ تۇراتتى.

— چىرايلىق گۈللىرىم، ھەر نېمە بولسا مەندىن رەنجىمەپسىلەر، بەك ئەنسىرىگەنىدىم، سىلەرنى ئەمدى ئېچىلماسمىكىن دەپ... ئەمدى سىلەرنى ھەرگىز ساتقىلى ئەكىرمەيمەن.

ئايال ۋەدىسىدە تۇرالمىدى. نەچچە كۈن ئۆتۈپ، گۈل بەرگىلىرىنى سېتىشقا توغرا كەلدى. ئۆيدە پۇلغا يارىغۇدەك نەرسە قالمىغانىدى. ئايال يەنە تاڭ سەھەردە گۈل بەرگىلىرىنى ئاۋايلاپ ئۈزدى. ئۈزۈۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك پىچىرلاپ سۆزلەشكە باشلىدى: «ئامال يوق گۈللىرىم، يەنە سىلەرنى سېتىشقا توغرا كەلدى، مەندىن رەنجىمەڭلار. سىلەر بارغان يېرىڭلاردىمۇ ئەتىۋارلىنىپ قالامسىلەر تېخى، كىم بىلىدۇ. ئاڭلىسام خەقلەر سىلەردىن ئەتىر ھەم خۇشبۇي ئېسىل ئىچىملىكلەرنى ياسايدىكەن. بەلكىم ئۇ سىلەرنىڭ بۇ جايدا قۇرۇپ تۆكۈلۈپ كەتكىنىڭلاردىن ياخشىراقتۇر...»

ئايال بۇ قېتىم لىق بىر خالتا گۈل بەرگىنى بازارغا ئەكىردى. گۈل بازىرىغا كېلىشى بىلەنلا ھېلىقى ئەر گويا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى ھەمدە ھېچقانداق باھا تالاشمايلا ئايالغا پۇلنى تۇتقۇزدى.

— بۇ گۈللىرىڭىز ئۆزىڭىزدەكلا خۇش پۇراقلىق، جۇلالىق ھەم ئۆز ئىكەن، — دەپ قوشۇپ قويدى ئەر ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ قاراپ.

ئۇ ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ لەۋلىرىدىكى، مەڭزىدىكى قىزىللىق گۈل بەرگىلىرىدىنمۇ چىرايلىق ئىدى.

ئايال گويا قانداقتۇر بىر ئەر ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك كەچكىچە قىزىرىپلا يۈردى. نەچچە كۈنگىچە باغقا كىرىشتىنمۇ خىجىل بولۇپ، گۈل تاماشىسىغىمۇ چىقمىدى. ئۇنىڭ ئېرى ئۆمرىدە ئۇنى

بىرەر قېتىممۇ ماختاپ باقمىغانىدى. گويا ئايالىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى گۈزەللىكنى پەقەتلا كۆرۈپ يەتمىگەندەك، شۇنچىلىك پەرۋاسىز، سوغۇق ئىدى.

نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئۇ يەنە باغقا كىردى. گۈللەر ھەر قاچانقىدىنمۇ بەكرەك جۇلالىنىپ، ئېچىلىپ تۇراتتى. گۈل بەرگلىرىدە شەبنەملەر يالتىرايتتى. ئۇ گۈللەرنى ئارىلىدى. گۈل بەرگلىرىگە لېۋىنى يېقىپ ئۇزاققىچە پۇرىدى ھەمدە ئىختىيارسىز ھالدا گۈل بەرگلىرىنى ئۈزۈشكە باشلىدى.

كۈن تولۇق كۆتۈرۈلمەستىنلا گۈل بازىرى قىزىپ كېتەتتى. ئايال گۈللىرىنى يېيىپ كىمنىدۇر كۈتكەندەك ئەتراپقا بويۇنداپ قارىدى. ئۇنىڭ گۈللىرىنى ئالغىلى بىرنەچچە خېرىدار كەلدى. ئەمما، ئايالنىڭ نېمىشقىدۇر تۇرۇپلا گۈللىرىنى ساتقۇسى كەلمىدى. شۇڭا، خېرىدارلارنى بىرنېمىلەرنى دەپ قايتۇرۇۋەتتى. كۈن چۈشتىن قايرىلدى. ئايال ئېڭىكىنى يۆلەپ گۈللىرىگە قارىغىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى، بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆستەڭ بويىغا كەلدى. مۇزدەك سۇدا يۈزىنى يۇدى. بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ھېلىقى ئەرنى كۆردى. ئەر ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي ئۇدۇللاپ ئۇنىڭ ئالدىغىلا كەلدى.

— گۈللىرىڭىزنى مەنلا سېتىۋالىمەن، قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك، ماقۇل دېسىڭىز سىزنىمۇ گۈللىرىڭىز بىلەن قوشۇپ بىللىلا…

ئايال ئۈنچىقمىدى، گۈللىرىنى ياغلىققا قايتىلاپ چىگدى، ئاندىن ئۆستەڭ بويلاپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى، كەينىگىمۇ قارىمىدى. ئايالنىڭ قىزىل كۆڭلەك ئىچىدىكى قىزىل گۈلدەك قامىتى ئەرنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاستا - ئاستا يىراقلاپ غايىب بولدى.

# جاهانباغ

بۇ يۇرتتا بىر باغ بولۇپ، بۇ باغ مېۋىلىرى، گۈللىرى بىلەن داڭلىق ئىدى. كىشىلەر بۇ باغدا جاھاندىكى جىمى مېۋە - چېۋىلەر تېپىلىدۇ دېيىشىپ، «جاھانباغ» دەپ نام قويۇشقانىدى. جاھانباغنىڭ كۆلىمى نەچچە 100 مو كېلەتتى، تۆت ئەتراپى تام بىلەن قورشىلىپ تۇراتتى، گۈللەر ئېچىلغان، مېۋە چېكىلگەن ياكى مېۋە - چېۋىلەر پىشىپ مەي باغلىغان چاغلادا بۇ باغ بەئەينى جەننەتتەك گۈزەللىشىپ كېتەتتى. سەيلىچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، يوغان سەللىلەرنى ئوراپ، ئېسىل كىمخاب تونلارنى كىيىشىۋالغان شەھەرلىك بەگ - غوجاملارمۇ، ھۈنەرۋەن - كاسىپلارمۇ، دېھقان - تېرىقچىلارمۇ باغدا بەھۇزۇر سەيلە قىلىپ، مېۋە - چېۋىلەردىن تويغۇچە يەپ قايتىشاتتى. باغ سەيلىسىگە يىراق - يىراقلاردىن ئېشەكلىك، تۆگىلىك سەيلىچىلەرمۇ كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى.

باغۋەنچىلىك بوۋايغا ئاتىسىدىن مىراس قالغان ھۈنەر ئىدى. ئۇ مۇشۇ باغدا ئىڭگەلەپ كۆز ئاچقان، باغدا خىرامان ئويناپ چوڭ بولغان. بوۋايغا باغدىكى ھەربىر تۈپ دەرەخ، ھەربىر گىياھ بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۇ ئۆزىگە دەل - دەرەخلەرنىڭ تىلىنى بىلىمەن دەپ تەمەننا قوياتتى. ھەربىر تۈپ گىياھ، ھەربىر تۈپ دەرەخكە ئۇنىڭ مېھرى سىڭگەنىدى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ مۇشۇ باغدا كۆز يۇمغان، بۇ باغ ئۇنىڭ ھاياتىغا چەمبەرچاس باغلىنىپ قالغاندەك ئىدى.

بوۋاي ھەر كۈنى تورغاي چۇچۇلىماستا ئورنىدىن تۇرۇپ باغنى ئارىلاپ چىقاتتى، ئاڭغۇچە ئۇنىڭ 15 ياشلاردىكى نەۋرە قىزى ئۇنىڭغا

ناشتىلىق تەييارلاپ قوياتتى.
قىز مۇشۇ باغدىكى ئەڭ چىرايلىق نازۇك گۈلگىلا ئوخشايتتى. بوستان كىرپىكلىك كۆزلىرى كېپىكنىڭ كۆزىنى ئەسلىتەتتى، ئۇنـ چىدەك چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلگەنلىرىدە پۈتكۈل ئەتراپ ھۆپپىدە گۈلگە پۈركەنگەندەك تۇيۇلاتتى. قىزنىڭ ھەربىر ھەرىكەتلىرى چاققان، ئۆزى كۆلگۈنچەك، شوخ ئىدى.
بوۋاي ئۇنىڭ ئىشچانلىقىغا ئامراق ئىدى. قىزى ھەرقاچان بوۋايـ نىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولاتتى، مۇشۇ باغدا راۋۇرۇش ئىشلىـ گەندەك ئەركەكنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرمايتتى. ئەمما، نەۋرە قىزىنىڭ ئانىسىنى كېيىپلا چۈشكەنلىكىدىن ئەنسىرەيتتى. نەۋرە قىزنىڭمۇ ئۆزىنى تاشلاپ كېتىشىدىن ۋايىم يەيتتى. بوۋاينىڭ ئەسلىدە بىرلا قىزى بار ئىدى، ئىسمى - جىسمىغا شۇنچىلىك ماسلاشقان، بۇ قىزىـ نىڭ كۆزلىرى چولپان يۇلتۇزدەك يېنىپلا تۇراتتى، جانان چىنىدەك كۆلكىسى باغنى بىر ئالاتتى. بوۋاينىڭ ئەتىۋارلىقى، ئەركە بۇ قىزى ئاخىر ئۆز بەختۋاشلىقىنى قىلدى. بىر قېتىملىق نورۇز سەيلىسىدە تونۇشۇپ قالغان يوچۇنلا بىر ئەر بىلەن كېتىپ قالدى. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي قورسىقىنى تومپايتىپ دومسىيىپ قايتىپ كەلدى. بوۋاي ئەسلىدە قىزنىڭ يۈزىگىمۇ قارىماسلىق قارارىغا كەلگەنىدى، ئەمما، قىزنى كۆرۈپلا ئۇنداق قىلالمىلدى. ئاتىلىق مېھرى يەنە ھەممىدىن غالىب كەلدى، قىزىغا يەنە قۇچاق ئاچتى. قىز دادىسىنىڭ يېنىدا پەقەت ئىككى ئايلا تۇرالىدى، تۇغۇتى قىيىن كېلىپ بالىنى مىڭ تەستە تۇغدىيۇ، ئۆزى ساقىيالمىدى.
بوۋاي بۇ نەۋرە قىزىغا لەيلىگۈل دەپ ئىسىم قويىدى. ھەر كۈنى نامىزىدا ئۇنىڭ ئانىسىدەك بەختۋاش بولۇپ قالماسلىقىنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى. قىزى مۇشۇ كەڭرى باغدا سەكرەپ، تاقلاپ دېگۈدەك ئاستاـ ئاستا چوڭ بولدى. قىز ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ مەستلىكىنى، ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. قىزنىڭ كۆزلىرى ھەر ۋاقىت كۈلكىدىن چاقناپ تۇراتتى. قىزنىڭ نەزىرىدە پۈتكۈل ھايات مۇشۇ باغدەكلا

گۈزەل، جەننەتتەك ئازادە ئىدى. بىر كۈنى تەمبەل بىر ئەر كىشى كېلىپ، شۇ كەتمىگەنچە باغدا تۇرۇپ قالدى. 30 ياشلاردا بار بۇ كىشى بوۋايغا يىراق شىرەم تۇغقان كېلەتتى. بوۋاي باغدا ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ ئىشلىشىپ بېرىدىغان ئادەم پەيدا بولغىنىغا خۇش بولۇپ نېرى- بېرىنى ئويلىمايلا ئۇنى ئېلىپ قالدى.

يۈزلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان، بۇلجۇڭ گۆشلىرى بەرجەس بۇ ئەرنىڭ ئىسمى ياسىن ئىدى. بىر كۈن كەچكىچە توختىماي كەتمەن چاپسىمۇ ۋاي دېمەيتتى. ھەر كۈنى تورغاي چۇچۇلىماستا بوۋاي بىلەن تەڭ ئىشقا چىقسا كەچ كىرگۈچە ئىشلەيتتى.

بىر كۈنى بوۋاي ياسىننىڭ لەيلىگۈلگە كۆز ئۈزمەي قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. بوۋاي ئادەتتە لەيلىگۈلنى باغنىڭ سىرتىغا چىقارمايتتى، باغقا سەيلىچىلەر كەلگەندىمۇ قىز كۆپىنچە ئاشخانا ئۆيدىلا بولاتتى. بوۋاي نەۋرە قىزىنىڭ خەقلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشىنى خالىمايتتى. شۇ تۇرقىدىمۇ قىز غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىچە خىرامان ھالدا تاماق ئېتىش بىلەن ئاۋارە ئىدى، بوۋاينىڭ غۇززىدە ئاچچىقى تۇتتىيۇ، چاندۇرمىدى. بۇ ھال بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغاندا بوۋاي ئىختىيارسىز ئويلىنىپ قالدى.

لەيلىگۈل مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە بىرى كوكۇلىسىدىن تارتقاندەك لەپپىدە بوي تارتىپ قالغانىدى. بوۋاينىڭ بۇ ئوماق نەۋرىسىدىن ئايرىلىشىغا ئۇزاق ۋاقىت قالمىغاندەك قىلاتتى. ئەمما، بوۋاينىڭ ئۇنى يىراققا ياتلىق قىلىپ، ياشانغاندا يالغۇزلۇق تارتىپ قالغۇسى يوق ئىدى. لەيلىگۈلنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۇچۇرما بولغان قۇشتەك كېتىپ قالىدىغىنىنى ئويلىسىلا بوۋايغا يالغۇزلۇقنىڭ قارا كۆلەڭگىسى ئۆزىنى ئەگىپ يۈرگەندەك تۇيۇلۇپ يۈرىكى ئېچىشاتتى.

لەيلىگۈل ھېچنېمىنى تۇيمايلا قالدى، بوۋاي بىر كۈنى يېقىن ئەتراپتىكى قوشنا - قولۇم، ئىمام - خاتىپلارنى چاقىرىپ كېلىپ چاي بەردى. شۇ كۈنىلا ياسىن بىلەن لەيلىگۈلنى نىكاھ ئوقۇتۇپلا بىر - بىرىگە چېتىپ قويدى.

تېخى تونۇگونلا باغدىكى گۈللۈك ئارىسىدا گۈل تاماشىسى قىلىپ شېرىن، تاتلىق خىياللارنى سۈرۈۋاتقان قىز بىر كۈن ئۆتۈپلا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا چوڭلا بىر ئەرنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالدى.

لەيلىگۈل دەماللىققا گاڭگىراپ، ئەس ـ ھوشىنى يىغالماي يۈر- دى، بەرگلىرى تۆكۈلگەن گۈلدەك سولىشىپلا قالدى. يېقىملىق كۈلكىلىرىمۇ غايىب بولۇپ جىمىپلا كەتتى. بۇ دەل سەيلىچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەن سوغۇق كۈز پەسلى ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي باغدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ غازىڭى تۆكۈلۈپ، ھەممە نەرسە تورلىشىپ كەت- تى. كۆڭۈلسىز قىش بالدۇرلا يېتىپ كەلگەندەك، باغ سوغۇق بىر جىمجىتلىققا چۆمدى...

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ، باھار يېتىپ كەلدى. باغدىكى دەل- دەرەخلەر ئاستا ـ ئاستا بىخ سۈرۈپ، ئەتراپ يېشىللىققا چۆمدى.

* * *

باغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى ئازغىنە بوشلۇقتا باش باھاردىن تاكى كەچ كۈزگىچە ھەرخىل، ھەر ياڭزا گۈللەر ئېچىلىپ تۇراتتى، بولۇپمۇ قىزىلگۈل ئېچىلغان مەۋسۇمدا بۇ گۈللۈك باشقىچە گۈزەللە- شىپ كېتەتتى. لەيلىگۈل ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە بۇ گۈللۈككە كېلەتتى.

بۇ يىل بۇ گۈللەرگە ئۆششۈك تەگكەندەكلا قىلاتتى. قىزىلگۈل- لەر يوپۇرماق چىقارماقتا يوق، ئاستا- ئاستا سولىشىپ، قورۇلۇپ، قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. لەيلىگۈل گۈللەرنىڭ قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆڭلى مەيۈس قاراۋېتىپ، بۇ گۈللەرنى قىشتا كۆمۈشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. نېمىشقا بۇ گۈللەرنى كۆمۈشنى ئۇنتۇپ قالغاندۇ ـ ھە؟ ئۇ ئەزەلدىن بۇ گۈللەرنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ كەلگەن ئىدىغۇ؟ گۈللەر ئېچىلغاندا بۇ كىچىككىنە باغچىدا قۇشلار چاڭىلداپ سايرىشاتتى، بولۇپمۇ ئۇ بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا ئام-

ىراق ئىدى. بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك مۇھەببەتلىك، يېقىملىق بىلىنەتتى. بۇلبۇلنى ئۈركۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۈنلۈكرەك تىنىشقىمۇ قىيماي ئولتۇرۇپ كېتەتتى. مانا ئەمدى ئۇ بۇ يىل بولبۇلنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالمايدۇ. چېكىسىگە گۈل قىسىپ تاتلىق خىياللار سۈرەلمەيدۇ. سەيلىچىلەرنىڭ گۈللەردىن ھۇزۇرلىنىپ ماختاشلىرىنى ئاڭلىيالمايدۇ.

بوۋاي بىلەن ياسىن باغدا ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. ھەر يىلى ئەتىياز پەسلىدە بوۋاي ئالدىراشلىقتا بېشىنى قاشلىغۇدەكمۇ ئارام تاپالمايتتى. مانا ئەمدىلىكتە بوۋاينىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت قوشۇلدى. ياسىن ھاردىم - تالدىم دېمەي باغنى پۈتۈنلەي تومۇرۇپ چىقتى. بوۋاي كەپتەر مايىقىنى ھەم قوتان قىغلىرىنى ھەربىر تۈپ دەرەخ تۈۋىگە مۇۋاپىق سېلىپ ئوغۇتلاپ چىقتى. ئەمدى بوۋاي ياسىنغا دەرەخلەرنىڭ هارام شاخلىرىنى قانداق كېسىۋېتىشنى، دەرەخنى يەنە قانداق پەرۋىش قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىپ قويۇۋاتاتتى.

ياسىن كۆچتۆڭگۈر بولغىنى بىلەن ئانچە زىل ئەمەس ئىدى. بارا-بارا بوۋاي ياسىننىڭ قارا كۈچكىلا يارايدىغانلىقىنى، كۈيئوغۇل قىلىپ باغنى تاپشۇرۇپ بېرىشنىڭ تازا مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوۋاي دىققەت قىلمىغاندەك قىلغىنى بىلەن لەيلىگۈلنىڭ سولغۇن ھەم شۇنچىلىك ئېغىر روھىي ھالىتىنى بىلىپ تۇراتتى.

لەيلىگۈل ھەقىقەتەن ئاشۇ گۈللەردەكلا سولىشىپ كېتىۋاتاتتى. گۈللۈككە پەسىللىك گۈللەرنى تېرىشقىمۇ ھەپسىلىسى يوقتەك قىلاتتى. پەقەت ئۈن - تىنسىز بوۋىسى ھەم ئېرىنىڭ ئۈچ ۋاخ تامىقىنى ئېرىنمەي ئېتىپ بېرەتتى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان كىچىككىنە قورۇسىنى پاكىز تازىلايتتى. ئۇنىڭ باغنى تىترەتكۈدەك جانان چىنىدەك جاراڭلىق كۈلكىسىمۇ، شوخ، تاتلىق قىلىقلىرىمۇ يوق ئىدى.

نورۇز كەلدى. بۇ يۇرتتا نورۇز بايرىمى بەكلا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلەتتى. جاھانباغقا ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا نورۇزدۆك

دەپ ئاتىلىدىغان كەڭرى بىر سەينا بار ئىدى. يۇرت كاتتىلىرى نورۇزدۆڭگە ئۆزلىرىنىڭ قاراركاھلىرىنى قۇرۇشۇپ نورۇز تاماشىسى قىلىشاتتى. نورۇز بايرىمى ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە داۋام قىلاتتى. داشقازانلار ئېسىلىپ نورۇز ئېشى ئېتىلەتتى. كەڭرى سەينادا ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى، قوچقار سوقۇشتۇرۇشلار قىزىپ كېتەتتى. يۇرت - يۇرتلاردىن ئەڭ ئېسىل ئاتلىقلار، ئەڭ قاۋۇل ئەزىمەت ئەرلەر، ئەڭ كۈچلۈك قوچقارلار مۇشۇ يەرگە جۇغلىناتتى. كۆلىمى 100 موغا يېقىن بۇ سەينا قاينام - تاشقىن ئادەم دېڭىزىغا ئايلىناتتى. ھەممىلا جايدا كۈلكە - چاقچاق، بەزمە مەشرەپ ياڭرايتتى.

نورۇز بايرىمىدا جاھانباغ ھۆپپىدە چېچەكلەرگە پۈركەنگەندى. ئاپئاق ئۆرۈك چېچەكلىرى شۇنچىلىك سۈزۈك ھەم جۇلالىق ئىدى. ھالرەڭ شاپتۇل چېچىكى قىزنىڭ لەۋلىرى، مەڭزى بىلەن رەڭداش ئىدى. پۈتكۈل باغدا تەسۋىرلىگۈسىز پاكىز، سۈزۈك، جۇلالىق بىر گۈزەللىك جىلۋە قىلاتتى.

لەيلىگۈل كىچىككىنە قورۇسى ئالدىدا چېچەكلەرگە قارىغىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ھەر يىلى نورۇز سەيلىسىگە بوۋىسى ئۇنى يېتىلەپ ئېلىپ چىقاتتى، بۇ يىل بوۋاينىڭ نورۇز سەيلىسىگە ھەپسىلىسى يوقتەك قىلاتتى، لەيلىگۈلنىڭمۇ نېمىشقىدۇر سەيلىگە چىقىشقا كۆڭلى تارتمايۋاتاتتى، كۆڭلى شۇنچىلىك مەيۈس، مىسكىن ئىدى.

بىرنىڭ شىپىر - شىپىر ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. لەيلىگۈل ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان يېقىن ئادىشى زۆھرەنى كۆردى. زۆھرە جۇغى كىچىكرەك، ئۆزى لەيلىگۈلدەكلا شوخ، كۈلكۈنچەك قىز ئىدى.

— ۋاي جېنىم ئادىشىم، ئېرىڭىز يېنىڭىزدا تۇرسا نېمىنى خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭىز ئەمدى؟

لەيلىگۈل ئادىشىنىڭ سۆزىگە سۇسلا كۈلۈپ قويۇپ يۈز يېقىشىپ كۆرۈشتى.

— بۈگۈنكى كۈنلۈكتە مۇشۇنداق مەيۈس ئولتۇرىدىغان گەپمۇ

خېنىم، تېخى يىغلاپتۇ، ۋاي تاۋى نازۇك، نېمە بولدىڭىز ئەمدى؟
— ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن، يىغلىغۇم كېلىپلا تۇرىدىغۇ شۇ.
— ئەمىسە تازا يىغلىۋېلىڭ، ئىچىڭىز بوشاپ قالىدۇ. ئاندىن بىز بىللە نورۇز سەيلىسىگە چىقىمىز، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالىدۇ.
لەيلىگۈل ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى، بوۋىسى بىلەن ئېرى ئىشلەۋاتقان تەرەپكە قارىدى.
— ئېرىڭىز قويماسمۇ جېنىم؟
— ئۇقمايمەن، بېرىپ سوراپ باقاي.
— ئەمىسە تېز بولۇڭ، چاپسان جابدۇنۇڭ.
لەيلىگۈل ئادىشىغا چاي قۇيۇپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى، هايال ئۆتمەي ئوتقاشتەك قىزارغىنىچە چىقتى.
— ئەجەب قىز چاغلىرىڭىزدىكى ئەتلەس كۆڭلەكنى كىيىپسىز-غۇ؟ تويلۇق كۆڭلىكىڭىز قېنى؟— زۆهرە دوستىغا مەستلىكى كەل-گىنىچە سورىدى.
— ئۇ كۆڭلەكنى پەقەت كىيگۈم يوق،— دېدى لەيلىگۈل تېخىمۇ بەكرەك قىزىرىپ.
— شۇنىسى ئېرى بار چوكانغا ئەمەس، قىزغا ئوخشاپ قالدى-ڭىز،— دېدى زۆهرە كۈلۈپ.
لەيلىگۈل بىر چەينەك چاينى كۆتۈرۈپ ئادىشى بىلەن بىللە بوۋىسى بىلەن ئېرىنىڭ ئىشلەۋاتقان يېرىگە باردى.
— ئاتا، زۆهرەگۈل بىلەن نورۇز سەيلىسىگە بېرىپ كېلەي دېۋىدىم،— دېدى لەيلىگۈل بوۋىسىغا چاي قۇيۇۋېتىپ.
ئېرى ئۇنىڭغا هاڭۋاقىنىچە قاراپ تۇراتتى. زۆهرە لەيلىگۈلنىڭ ئېرىگە قاراپمۇ قويمىغانلىقىغا دىققەت قىلدى.
بوۋاي نەۋرە قىزىنىڭ بوگۈنكى چىرايلىق تۇرقىغا قاراپ كۆڭلى سەل ئەمىن تاپتى. ئۇمۇ كۆڭلىدە نەۋرە قىزىنى بىر يەرلەرگە ئاپ-رىپ ئوينىتىپ كۆڭلىنى ئېچىپ كېلىشنى ئويلاپ يۈرگەنىدى. ئەم-

ما، بۇ يىلقى نورۇز بايرىمىدا بوۋاينىڭ قولى ئىشتىن بوشىيالمىدى. ئۇ قىزغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— بوپتۇ بالام، بارسىڭىز بېرىڭ، ئەمما بالدۇرراق قايتىپ كېلىڭلار. يۈزىڭىزگە چوڭراق رومىلىڭىزنى سېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

— ماقۇل ئاتا.

زۆھرە بىلەن لەيلىگۈللەر باغدىن يۈگۈرۈشكىنىچە ئىتتىك چىقىشتى. لەيلىگۈل باغدىن چىقىپلا يېنىك تىن ئالدى. ئۆزىنى تېرىلىرى كېڭىيىپ قالغاندەك شۇنچىلىك ئازادە سەزدى. لەيلىگۈل ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ باغنىڭ شۇنچىلىك گۈزەل ھەم كەڭرى ئىكەنلىكىگە قارىماي بۇ باغدىن شۇنچىلىك زېرىكىپ، سەسكىنىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەمما، ئۇ بۇ جايدىن قانچىلىك سەسكەنسۇن، بەربىر بۇ جايدا ئۇنىڭ جان كۆيەر بوۋىسى ھەم ئېرى ياشايدۇ. ئۇنىڭ تەقدىرى، ھاياتى مۇشۇ باغقا باغلىنىپ كەتكەن.

ئەتراپتىن نەمخۇش تۇپا ھىدى كېلەتتى. بۇغداي مايسىلىرى، يېڭىلا بىخ چىقارغان يوپۇرماقلار ئەمدىلا رەسىدە بولغان قىزلاردەك يۇمران ھەم نازۇك ئىدى. شامال ئىللىق قولىنىڭ غىدىقلىشىدەك شۇنچىلىك راھەتلىك ئىدى.

قىزلار كاتاڭلىشىپ كەتكەن ھارۋا يولىدا كېتىۋاتاتتى. يولدا ئادەملەر كۆپ ئىدى، ئېشەكلىك، ھارۋىلىق، ھەتتا پىيادە كېتىۋاتقان كىشىلەرمۇ چىرايلىق ياسىنىشىۋالغان بۇ ئىككى قىزغا قايرىلىپ قاراپ مېڭىشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى نورۇز سەيلىسىگە كېتىۋاتقانلار ئىدى.

قىزلار نورۇز سورۇنىغا يېتىپ كەلدى. نورۇزدۇڭ ئەتراپىدىكى سەينا ئاجايىپ قىزىپ كەتكەنىدى. شۇنچە كۆپ ئادەملەر ئارىسىدا زۆھرەنىڭ قولىدىن تۇتۇپ كېتىۋېتىپ لەيلىگۈلنىڭ يۈرىكى نېمىشقىدۇر دۈكۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى.

ئالدىنقى يىلى نورۇز بايرىمىدا ئۇ دوستلىرى بىلەن شۇنچىلىك

خۇشال، ئازادە ئويناپتتى. سامادا ئۇچاتتى. مەشرەپكە چۈشۈپ ئۇس-
سۇل ئويناپتتى. ئەمما، بۇگۈن ئۇ ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۆزىنى ئازادە
تۇتالمايتتى، قورۇنۇپلا تۇراتتى. كىملەر بىلەندۇر كۆرۈشۈپ قېلىش-
تىن قورقۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلار نەغمىچىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ
بىر ھازا نەغمە ئاڭلىدى، كۆزى ئەما مۇقامچى بوۋاي ئۆزھال مۇقامى-
نىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى.

مۇقام تازا ئەۋجىگە چىققاندا زۆھرە لەيلىگۈلنىڭ قولىنى تارتىپ
باشقا ياققا ماڭدى. ئۇلار بەيگە مەيدانىغا كەلدى. بەيگە تېخى باشلانمى-
غانىدى. چەۋەندازلار ئاتلىرىنى يېتىلىشىپ ئۇياق - بۇياققا مېڭىشىپ
يۈرەتتى.

تۇيۇقسىز زۆھرە لەيلىگۈلنى جەينىكى بىلەن نوقۇپ بىرسىنى
كۆرسەتتى. لەيلىگۈل ئىتتىكلا ئالدىغا قاراپ ئۇدۇللا قارا چىلان
تورۇق ئاتنى يېتىلەپ تۇرغان بىر يىگىتنى كۆردى.

— جېلىل!— زۆھرە ئۇنى چاقىردى.

لەيلىگۈلنىڭ يۈرىكى بىردىنلا دۈكۈلدەپ سوقۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇ-
دى لاپپىدە ئوت ئالغاندەك بولدى. جېلىل ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلۇپ
ئۇلارنى كۆرۈپ، ئېتىنى يېتىلىگىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ
مۇشۇ ئەتراپتىكى بىر مۇدىرنىڭ ئوغلى ئىدى. ھەر يىلى دادىسى
بىلەن جاھانباغقا سەيلىگە كېلەتتى. كىچىك چاغلىرىدا لەيلىگۈللەر
بىلەن بىللە ئويناپتتى. كۆپىنچە ھاللاردا زۆھرە بەزىدە ئۆزى يالغۇز،
بەزىدە ئۇكىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، بەزىدە ئىنىسىكتىن، بەزىدە باغنىڭ
سۇڭگۈچىدىن ئۆمىلەپ كىرەتتى. ئۇلار كەچ كىرگۈچە ئاجايىپ كۆ-
ڭۈللۈك ئوينىشاتتى. كەچ كىرگەندە جېلىل كۆزى قىيمىغان ھالدا
دادىسى بىلەن كېتىپ قالاتتى.

ئۆتكەن يىلى جېلىل يەنە كەلدى. بۇ قېتىم ئۇ بىرقانچە دوستلى-
رى بىلەن كەلگەنىدى. لەيلىگۈل بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ چوڭلا
يىگىت بولۇپ قالغان جېلىلنى يىراقتىن كۆرۈپ ئالدىغا چىقىپ
كۆرۈشۈشنى بىئەپ كۆرۈپ سىرتقا چىقمىدى. ئۇ كۈنى ھاۋا ئاجايىپ

ياخشى ئىدى. ئۇ شۇ كۈنى كۈن نۇرىنىڭ دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن چاراقلاپ تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆردى. باغدا قۇشلارنىڭ ناۋا قىلىۋاتقانلىقىنى تۇنجى رەت ئاڭلىدى. ئۇنىڭغا بۇ باغ شۇ قەدەر گۈزەل كۆرۈنگەنىدى.

* * *

لەيلىگۈل چۈش كۆردى.

... ئۇ باغ ئارىلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز بولبۇلنىڭ ئاۋازىغىلا ئوخشايتتى. تۇرۇپ كىمدۇر بىرىنىڭ ئۆزىنى چاقىرىپ ئىسقىرتقان ئاۋازىغىمۇ ئوخشىشىپ قالاتتى. لەيلىگۈل ئىختىيارسىز ھالدا ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپ گۈللۈككە يېتىپ كەلدى. ئەتراپ سۈتتەك يورۇق ئىدى. گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ جۇلالىنىپ تۇراتتى. لەيلىگۈل ئەتراپقا ئىتتىك كۆز يۈگۈرتتى. گۈللۈك يېنىدىكى يوغانلا ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئۈستىدە ئىسقىرتقىنىچە مۆكۈلىنىپ ئولتۇرغان يوغانلا بىر قۇشنى كۆردى. قۇش بۇلبۇلغا ئەمەس، بۈركۈتكە ئوخشايتتى، كۆز-لىرى ئوتتەك چاقناپ تۇراتتى، بوي - بەستىمۇ لەيلىگۈلنىڭ خىيالىدىكى بۇلبۇلدىن نەچچە ھەسسە ھەيۋەتلىك ھەم چوڭ ئىدى. قۇش بىردىنلا سايراشتىن توختاپ، قانىتىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ لەيلىگۈل-نىڭ ئالدىغا ئۇچۇپ چۈشتى. لەيلىگۈل ھاڭۋاققانچە قاراپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قۇش ئەمەس، يوچۇنلا بىر يىگىت تۇراتتى. لەيلىگۈل ھودۇققىنىدىن كەينىگە سەل داجىپ، قىچىپ كېتىشنى ئويلىدىيۇ، پۇت - قوللىرى يەرگە چىڭ چاپلىشىپ قالغاندەك مىدىر-سىدىر قىلالمىدى.

— لەيلىگۈل، قورقماڭ!

بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا تونۇشلا ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا جىلىل تۇراتتى. يىگىت ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى. لەيلىگۈل ئىختىيارسىز قولىنى

بەردىيۇ، ئاستا كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

ئۇ ئۆزىنى ئۇچۇۋاتىمەن دەپ ئويلىدى. بۇ تۇيغۇ شۇنچىلىك راھەت ئىدى. ئۇ كۆزىنى ئاچمىدى. كۆزۈمنى ئاچسام يەرگە چۈ-شۈپ كېتىمەن دەپ ئويلايتتى.

— لەيلىگۈل، تۇرۇڭ قىزىم، تاڭ ئاتتى!

لەيلىگۈل كۆزىنى ئاچتى. بېشىدا بوۋىسى قاراپ تۇراتتى. بوۋى-سى ئاللىبۇرۇن مەسچىتتىن يانغانىدى. ئۇ خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتى. ھەر كۈنى ئۇ خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. بۈگۈن خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازىمۇ ئۇنى شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىتالمىغانىدى.

كۈن نۇرى دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن لەيلىگۈلنىڭ چاچ-بويۇنلىرىغا، سۇتتەك ئاق يۈزلىرىگە چاراقلاپ تۆكۈلەتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى ئەتلەس كۆڭلىكى قۇياش نۇرىدا تېخىمۇ جۇلالىنىپ، جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. لەيلىگۈل ياپيېشىل پاياندازدەك يېيىلىپ ياتقان ئوت - چۆپلەر ئۈستىدە يەڭگىل مېڭىپ گۈللۈككە يېتىپ كەلدى. گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئەتراپتا سۈزۈك بىر نۇر جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. لەيلىگۈل قۇشلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئەمما بۇ ئاۋازلار كېچە كۆرگەن چۈشىدىكى ئاۋازدەك ئېنىق، يېقىملىق ئەمەس ئىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ دەرەخ شاخلىرىغا كۆز يۈگۈرتتى. قۇش تۇگۈل، توختىماي سايراۋاتقان قۇشقاچنىمۇ كۆرەلمىدى. ئۇ گۈللۈكنى ئارىلىدى، گۈللەرنى تويماي پۇرىدى. ئۇنىڭ بۇ گۈللۈك-تىن پەقەت ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. بوۋىسىنىڭ ئۇنى ئىزدەپ چاقىر-غان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ سەكرەپ - تاقلاپ يۈگۈرگىنىچە بوۋىسىنىڭ ئاۋازى چىققان تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. گۈللەر يېنىك تەۋرەنگىنىچە ئۇنى ئۇزىتىپ قالدى.

— لەيلىگۈل، قورقماڭ!

بۇ ئاۋاز لەيلىگۈلنىڭ قۇلاق تۈۋىدە توختىماي شىۋىرلايتتى. ئۇ قورقۇنچاق ئەمەس ئىدى. ئۆمرىدە بىرەر نەرسىدىن قاتتىقراق قور-

قوۇپ باقمىغانىدى. ئەمما، ئۇ بۇ ئاۋازغا، بۇ شىۋىرلاشقا شۇنچىلىك ئامراق بولۇپ قالدى. بۇ يېقىملىق ئاۋازنىڭ قۇلاق تۇۋىدىن كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بۇ ئاۋازدىكى ئۇرغۇدا، ھەربىر سۆزدە نۇرغۇن مەنىلەر باردەك تۇيۇلۇپ، تاتلىق تۇيغۇلارغا چۆمەتتى.

باغ تېمىنىڭ سىرتىدىن بەزىدە ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا لەيلىگۈلنىڭ يۈرىكى ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرىگە ماسلاشقاندەك دۈپۈلدەپ سوقاتتى. ئاتلارنىڭ ئاياغ تىۋىشىنىڭ يىراقلىشىشىغا ئەگىشىپ ئاستا - ئاستا ئېسىگە كېلەتتى.

* * *

بۇ يىل نورۇز سەيلىسىدىن كېيىنلا جاھانباغدا سەيلىچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. قىشتا قار ياغقانلىقىنىڭ خاسىيىتىمۇ ياكى بوۋاي بىلەن كۈيئوغۇلنىڭ باش ئەتىيازدىن باشلاپلا باش چۆكۈرۈپ پۈتۈن مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئوغۇتلاپ، تۈۋىنى بوشىتىپ چىققانلىقىدىنمۇ، مېۋىلىك دەرەخلەر باشقىچە باراقسانلاپ، مېۋىلەر سانجاق - سانجاق ئوخشىغانىدى. لەيلىگۈل كۈندە دېگۈدەك گىلاسلىقنى، گۈللۈكنى ئارىلاپ چىقاتتى. قىزىل ياقۇتتەك يالتىراپ تۇرغان گىلاسلار كۆزنى چاقنىتاتتى. لەيلىگۈل بىر - ئىككى تال ئۈزۈپ ئاغزىغا سالغان ھامان شۇررىدە ئېرىپ كېتەتتى.

جېلىل باغقا سەيلىگە كەلگەن شۇ كۈنى لەيلىگۈل گىلاسلىقتا گىلاس ئۈزۈۋاتاتتى. ئۇ جېلىلنىڭ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى ئىللا - بىللا كۆرمىدى. قىلىۋاتقان ئىشىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، يېنىدا تۇرغان جېلىلنى كۆرۈپ دىڭگىدە چۆچۈپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالدى.

— بۇ بېغىڭىز جەننەتكىلا ئوخشايدىكەن، — دېدى جېلىل ئەتراپ-قا قاراۋېتىپ.

لەيلىگۈل ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىدىن چى-

قىسىپ كەتكۈدەك دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى.

— گىلاس يەڭ! — لەيلىگۈل ئىختىيارسىز هالدا قولىدىكى گىلاسنى جېلىلغا تەڭلىدى.

جېلىل گىلاسنى قولىغا ئېلىپ، بىر تالنى ئاغزىغا سالدى.

— نورۇز سەيلىسى كۈنى سىز بۇرۇنلا كېتىپ قالدىڭىز، زۆھرەخان بىلەن گېپىڭىزنى قىلىشتۇق. ئاڭلىسام، بەختلىك ئەمەسكەنسىز...

لەيلىگۈل جېلىلنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋېتىپ، بىردىنلا يىراقتىن ئۆزىگە ئاچچىق قاراپ تۇرغان ئېرىنى كۆرۈپ قالدى. چىرايى بىردىنلا تاتاردى. جېلىل بىلەن ئىتتىكلا خوشلىشىپ، گۈللۈك تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى.

لەيلىگۈل نورۇز سەيلىسىدىن يانغاندىن بېرى ئېرى گويا ئۆزىنىڭ يۈرىكىدىكىنى بىلىپ قالغاندەك ئۆزىگە سايىدەك ئەگىشىپلا يۈرگىنى يۈرگەنىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا ئېرىگە نە بىر نەرسىلەرنى دەپ چۈشەندۈرۈشنى، نە ئاچچىقلىنىشنى بىلمەيتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە جېلىل باغقا بىرقانچە قېتىم سەيلىگە كەلدى. ئەمما، لەيلىگۈل جېلىلنى كۆرگەن هامانلا ئۆزىنى قاچۇردى. ئۇ ئېرىنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ قالغانىدى. ئېرىنىڭ چىرايى كۈن بويى تۈتۈق ئىدى. لەيلىگۈل ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر ئاچچىقنى، دۈشمەنلىكنى سېزەتتى.

بىر كۈنى كېچىسى لەيلىگۈل جېلىلنى چۈشىدە كۆردى. جېلىل چىلان تورۇق ئېتىغا مىنىپ باغقا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئات چېپىپ ئاز قالغاندا جېلىل ئاتنى كۈچەپ دېۋىتتى، ئات دۈلدۈلدەك ئۇچۇپ باغ تېمىدىن ئاتلاپ باغقا كىردى. ئەمما، باغ ئىچىگە كولاپ قويۇلغان ئورەككە گۈپلا چۈشۈپ، ئاتمۇ، جېلىلمۇ تەڭلا يىقىلدى.

— جېلىل!

لەيلىگۈلنىڭ ئاۋازى تېشىغا چىقىپ كېتىپ ئويغىنىپ كەتتى. ئەتراپقا ئالاڭلاپ قارىدى. ئۆي ئىچى گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ

مۇشۇ قاراڭغۇلۇقتا ئىرىنىڭ يېنىدا يوقلۇقىنى بىلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى نېمىلەرنىدۇر سەزگەندەك ئەنسىز سوقۇپ، ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيدى.

ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. سوغۇق شامال تەننى شۈركۈندۈرەتتى. لەيلىگۈل باغ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشكە پېتىنالمىدى.

هويلىدا بىر هازا تۇرغاندىن كېيىن، ئاستا ئۆيگە كىرىپ يوتقانغا قايتىلاپ كىردى. ئەمما، كۆزلىرىدىن ئاللىبۇرۇن ئۇيقۇ قاچقانىدى. ئۇنىڭغا تۇرۇپ - تۇرۇپ يىراق بىر يەرلەردىن شەپە كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، يۈرىكى ئەنسىز سوقاتتى. نېرىقى ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان بوۋى-سىنىڭ يېنىغا كىرگۈسى كەلدى. ئەمما، تۇرۇپلا بوۋىسىنى ئويغى-تىشقا چىدىمىدى. ئاپئاق ساقاللىق بۇ بوۋىسى ئۇنىڭغا پەرىشتىدەك تۇيۇلاتتى. ئۇ بوۋىسىنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. هەرقانداق ئەهۋال ئاستىدا بوۋىسىنى رەنجىتىشكە، ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشقا هەم ئايرىلىشقا چىدىمايتتى.

ئاخىر تاڭ ئاتتى. لەيلىگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ بوۋىسىنىڭ تەرە-تىگە سۇ تەييارلىدى. بوۋىسى مەسچىتكە ماڭغاندا لەيلىگۈل باغنىڭ ئىچكىرىسىگە يۈگۈردى. يىراقتىنلا باغنىڭ شەرقىي تېمى تۈۋىدە هەدەپ گۈسۈلدىتىپ كەتمەن چېپىۋاتقان ئىرىنى كۆردى.

لەيلىگۈل يېنىغا كەلگەندە، ئەر بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ سال-مىدى. ئۇ كەتمەننى كۈچەپ سالاتتى، لىق ئۇسۇلغان توپىنى نېرىقى قاشقا تاشلايتتى، ئۇ ئورەك كولاۋاتاتتى، لەيلىگۈلنىڭ يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى.

— ئورەكنى نېمىگە كولاۋاتىسىز؟ — ئاستىلا سورىدى لەيلى-گۈل.

— چامغۇر كۆمەي دەپ، — ئەر بېشىنى كۆتۈرمەيلا جاۋاب بەردى.

لەيلىگۈلنىڭ بەدىنىنى سوغۇق تەر باستى، ئۇ ئاستىلا كەينىگە ياندى. ئەتىگەنلىك ناشتىلىق تەييارلىدى.

ئېرى ناشتىلىقتا كەلمىدى. چۈشتىمۇ تاماق ئېتىپ ساقلىدى. ئاخىر ساقلاپ بولالماي، ئېرى ئورەك كولاۋاتقان يەرگە باردى. ئورەك كولىنىپ بولغان، ئەمما ئەر ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. ئېرى كەچلىك تاماققىمۇ كەلمىدى. لەيلىگۈل بۇ كېچىنى يەنە تولىمۇ ئەنسىزچىلىكتە ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى.

ئەتىسى تاڭ يورۇماستىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېرى تۈنۈگۈن ئورەك كولىغان يەرگە بارديۇ، ھەيران بولۇپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئورەك تىندۇرۇلغان، ئۈستىگە يېڭى توپا تاشلانغانىدى.

لەيلىگۈل بىر چىرقىراپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆيى تەرەپكە يۈگۈردى. ئۇنىڭغا بىرى كەينىدىن قوغلاۋاتقاندەك، باغدىكى ھەممىلا دەرەخلەر ئۆزى بىلەن تەڭلا يۈگۈرۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى. يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يەرگە گۈپپىدە يىقىلدى، كېيىن ھېچنېمىنى سەزمىدى.

ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىنى بىر توپ ھازىدارلار ئارىسىدا كۆردى. ئۇنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە تىلى بارمىديۇ، يۈرىكى ھەممىنى سەزدى.

— بىچارە قىزىم، — دەپ بېشىنى سىيلىدى باغقا قوشنا ئولتۇرۇشلۇق موماي، — كۆكتات سوراپ كىرسەم، كۆكتاتلىقنىڭ يېنىدا ھوشىڭىز يوق يېتىپسىز، سىزنى تەستە ھويلىغا ئەكىرىپ، بوۋىڭىزنى چاقىراي دەپ ئۆيگە كىرسەم بوۋىڭىز ئاللىبۇرۇن ... موماي مىشىلداپ ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — رەھمەتلىك بوۋاي شۇنداق تىمەن تۇراتتى. تېخى ئۈلۈشكۈنلا مەن ئۇنىڭ باغقا سۇ ئېچىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم، قولى گۈل ئادەم ئىدى، مۇشۇ باغنى ئاپىرىدە قىلغان پەرىشتىنىڭ ئۆزى ئىدى ئۇ رەھمەتلىك...

لەيلىگۈل باغدا يالغۇز قالدى. ئۇ بوۋىسىدىن بۇنداق بۇرۇن ئايرىلىپ قالارىنى پەقەت ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ بوۋىسى، ئاشۇ پەرىشتىدەك بوۋىسى ئۇنىڭغا تارتىشمايلا كېتىپ قالدى. ئۇنىڭغا ھېچ-

قانداق سۆزمۇ، ۋەسىيەتمۇ قالدۇرمىدى. ئۇنىڭ ئىزىمۇ ئاشۇ كۈندىن
ئېتىبارەن ئۇن - تىنسىز غايىب بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسى-
سىنىڭ ئەمدى بۇ باغقا قايتىپ كەلمەيدىغىنى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان
ئىدى. ئەمما، كۆڭلىدە قانداقلارچە شۇ خىيالنىڭ پەيدا بولغىنىنى
ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ ھاياتىدا ھەممە نەرسىنىڭ
غايىب بولۇپ، بۇ كەڭرى باغدا پەقەت ئۆزى يالغۇز قالغىنىلا راست
ئىدى.

ئۇ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يالغۇز ھويلىسىدا يەنە نەچچە كېچىنى
ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنسىلا بىرى شىپىرلاپ مې-
ڭىپ يۈرگەندەك تۇيۇلۇپ، قورققىنىدىن يۈرىكى سۇ ئىدى. كۈندۈزى
باغنىڭ ھەممە يېرىنى قويماي ئارىلاپ چىقاتتى، باغ ئىچى شۈنچىلىك
جىمجىت ئىدى. گويا باغدىكى ھەممە دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار-
غىچە بوۋاينىڭ ئۆلۈمىگە ماتەم تۇتۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

باغقا كىلىدىغان سەيلىچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەنىدى. دەرەخ-
لەردىكى ئەڭ ئاخىرقى ئالما، نەشپۈتلەرمۇ تۆكۈلۈپ، يوپۇرماقلار
چۈشۈشكە باشلىدى.

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە لەيلىگۈل سەت بىر ئاۋازدىن ئويغىنىپ
كەتتى، ئىتتىك ھويلىغا چىقىپ، ئىشىك ئالدىدىكى دەرەختە قاقىلدا-
ۋاتقان بىر قاغىنى كۆردى. قاغا چوڭ ھەم بەتبەشىرە ئىدى. كۆزلى-
رى سۈرلۈك، شۈملۈق يېغىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. كۆكۈش سوغۇق
كۆزلىرىنى لەيلىگۈلگە تىكىپ بار ئاۋازى بىلەن سەت قاقىلدايتتى.
قاغىنىڭ كۆزىگە قاراپلا لەيلىگۈلنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. قاغى-
نىڭ كۆزلىرى لەيلىگۈلنىڭ ئېرىنىڭ كۆزلىرىگە ئوپئوخشايتتى.
شۈنچىلىك سوغۇق، ئۆچمەنلىككە تولغانىدى.

قاغىنىڭ قۇلاق - مېڭىنى يېگۈدەك سەت ئاۋازىدىن لەيلىگۈلنىڭ
بىردىنلا ئاچچىقى تۇتتى. قولىغا چىققان يوغانلا بىر ئوتۇننى قاغىغا
قارىتىپ ئاتتى. ئوتۇن قاغىنىڭ بىر يېنىغا ۋاقلا تەگدى. قاغا ۋارقى-
راپ سەت قاقىلدىغىنىچە ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر تال قاپقارا پېيى

لەپىلدىگىنىچە لەيلىگۈلنىڭ ئالدىغىلا چۈشتى. بۇ پەي لەيلىگۈلنىڭ ئېرىنىڭ قارا پايىنىغىلا ئوخشايتتى. لەيلىگۈل پەينى قولىغا ئېلىپ تامنىڭ تۆشۈكىگىلا قىستۇرۇپ قويدى.

لەيلىگۈل كۈن بويى باغنى ئايلىنىپلا يۈرەتتى. شۇنداق قىلسىلا ئۇنىڭ يالغۇزسىرىغان كۆڭلى بىر ئاز تەسكىن تاپاتتى. باغدىكى ھەممىلا نەرسە — ھەربىر تۈپ گىياھغىچە ئۇنىڭغا بوۋىسىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ ئاستا لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان يوپۇرماقلاردىمۇ بوۋىسىنىڭ سىيماسىنى كۆرەتتى.

يەنە بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە لەيلىگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىسىغا چىقىپ نىمە قىلارىنى بىلمەي جايىدا تۇرۇپلا قالدى. باغدىكى پۈتكۈل دەل - دەرەخلەردە سان - ساناقسىز قاغىلار سەپ - سەپ بولۇپ قونۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ئىشىك ئالدىدىكى دەرەختە چوڭ بىر قاغا بىر توپ قاغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراتتى. لەيلىگۈل تۇنۇگۇنكى شۇم قاغىنى تونۇدى. بۇ شۇم قاغا لەيلىگۈلنى كۆرۈپلا سەت ئاۋازادا قاقىلداشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن، ئاۋازىدىن كۆرەڭلىك چىقىپ تۇراتتى. باغدىكى ھەممە قاغىلار تەڭ قاقىلداشقا باشلىدى. قاقىلدىغان ئاۋازدىن ئۇنىڭغا پۈتكۈل باغ تەۋرەپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. لەيلىگۈل ئاچچىقىدا تۇنۇگۇنكى ئوتۇننى ئېلىپ چوڭ شۇم قاغىغا قارىتىپ ۋاڭڭىدە ئاتتى. ئوتۇن قاغىغا ئەمەس، دەرەخ شېخىغا ۋاسسىدە تەگدى. دەرەختىكى قاغىلار پۇررىدە ئۇچۇپ يەنە بىر ئالما دەرىخىگە قونۇشۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا قاقىلداشقا باشلىدى.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە قاغىلار توپ - توپ بولۇپ ئۇچۇشۇپ نەلەرگىدۇر كېتىشتى. لەيلىگۈل باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى. دەل - دەرەخلەردىكى غازاڭلار پۈتۈنلەي چۈشۈپ تۈگىگەن. تېخى تۇنۇگۈنلا ئالتۇندەك غازاڭلار بىلەن رەڭلىنىپ تۇرغان دەل - دەرەخلەر ئاللىبۇرۇن تاقىرلىشىپ قالغانىدى. لەيلىگۈل غازاڭ سۈپۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ يوپۇرماقلارنىڭ ئالتۇن رەڭلىك ھالىتىگە ئامراق

ئىدى. غازاڭلار سۇپۇرگىگە ئىلىنىشىپ بىر يەرگە يىغىلاتتى. لەيلىگۈل كەچ كىرگۈچە باش كۆتۈرمەي غازاڭ سۇپۇردى. خىيالىدا كىم بىلەندۇر توختىماي مۇڭدىشاتتى. ئەمما، تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ زادى كىمگە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالمىدى. ئۇ بۇرۇندىن يالغۇزلۇقتىن قورقۇيتتى. شۇڭلاشقىمىكىن، قايان قارىسا بوۋىسىنىڭ قۇيرۇقىدىلا ئەگىشىپ يۈرەتتى. باغقا سەيلىچىلەر كەلگەندە ئۇ شۇنچىلىك خوش بولۇپ ئىچ - ئىچىدىن ئېچىلىپ قىيغىتىپ كېتەتتى.

كەچتە زۆھرە ئۇنى تاماققا چاقىردى. ئۇلار تاماقنى يەپ، زۆھرە بىلەن بىللە باغقا كىرىشكىنىدە باغ يەنە ئاللىبۇرۇن قاغىلارنىڭ ئۇۋۇسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. زۆھرە سەل قورقۇپ، لەيلىگۈلنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئەمما، لەيلىگۈل نېمىشقىدۇر ئانچە قورقمىدى.

ئەھۋال ھەر كۈنى شۇنداق داۋام قىلىۋەردى. قاغىلار ھەر كۈنى نامازشام بىلەن توپ - توپ بولۇپ باغقا كېلىپ، كېچىچە دەل - دەرەخ شاخلىرى ئۈستىدە تۈنەيتتى، ئاندىن تاڭ سەھەردىلا قاقىلداپ لەيلىگۈلنىڭ تاتلىق ئۇيقۇسىنى بۇزاتتى، ئاندىن كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە يەنە گۇررىدە ئۇچۇشۇپ نەلەرگىدۇر كېتىشەتتى.

بىر يىل قىش شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. لەيلىگۈلگە ئادىشى زۆھرە ئانچە - مۇنچە ھەمراھ بولغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ ئۇزۇن قىشنى لەيلىگۈل باغدا يالغۇز ئۆتكۈزدى. قاغىلارنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازى ئۇنىڭغا بىردەممۇ ئاراملىق بەرمەيتتى.

ئەتىياز كېلىپ باغ ئىچى يېشىللىققا پۈركەنگەندە باغدا قاغىلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ سانى يوپۇرماقلارنىڭ سانىدىنمۇ كۆپ ئىدى. كۈن بويى سەت ئاۋازدا قاقىلدىغىنى قاقىلدىغانىدى.

بۇ يىل مېۋىلەر ئانچە ئوخشىمىدى. قاغىلارنىڭ ئەلپازىدىن قورققاندەك، باغقا سەيلىچىلەرمۇ كەلمىدى. لەيلىگۈلنىڭ گۈللۈكى تاقىر پېتىچە قالدى، تېرىغان گۈل ئۇرۇقلىرىنى، ئەتىرگۈللەرنىڭ بەرگلىرىنى قاغىلار يەپ - چوقۇلاپ ئاراملىق بەرمىدى.

قىرىشقاندەك، يىل بويى يامغۇر ياغماي مېۋىلەر تېزلا قورۇلۇپ

تۆكۈلۈپ تۈگىدى. غازاڭلارمۇ سارغىيىپ، لەيلىگۈل يازنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمەي تۇرۇپلا ئاچچىق كۈز، ئاندىن قارا قىش يەنە باشلىنىپ كەتتى.

باغقا كىرىدىغان ئېرىق تىنىپ كەتكەنىدى.

يەنە ئەتىياز كېلىش بىلەنلا لەيلىگۈل چېلەك بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى بۇلاقتىن سۇ ئەكېلىپ دەرەخلەرگە بىر - بىرلەپ سۇ قۇيۇپ كەتتى. باھار كېلىپ پۈتۈن ئەتراپ يېشىللىققا پۈركەنگەندە، قېرىشقاندەك بۇ باغدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ ھېچقايسىسى كۆكلىمىدى. باغدىكى ھەممە دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار قۇرۇپ كەتكەنىدى. باغ چېچى چۈشۈپ كەتكەن تازدەك تاقىر ھالەتتە تۇراتتى. لەيلىگۈل ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ پۈتۈن باغنى ئارىلايتتى. ھەربىر تۈپ دەرەخكە سەپ سالاتتى. يەنە توختىماي سۇ قۇياتتى. ۋاقىت ئۆتۈۋەردى. دەرەخلەر يەنە شۇ تاقىر پېتىچە تۇراتتى. دەل - دەرەخلەرگە قارىسىلا لەيلىگۈلنىڭ ئىچى سىيرىلىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى. ئۆزىنىڭ بولۇمسىزلىقىنى ئەيىبلەپ، كۈنلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزەتتى.

بىچارە لەيلىگۈل خېلىلا جۈدەپ قالدى. ئۇ بۇۋىسىدىن كۆرۈۋالغىنى بويىچە ھەربىر تۈپ دەل - دەرەخنىڭ تۈۋىنى چاناپ ئوغۇت كۆمدى، سۇ قۇيدى. قايتا - قايتا شۇنداق قىلدى، يىل بويى تىنىم تاپماي شۇنداق قىلىۋەردى. ئۇ بارلىق ئۈمىدىنى كېلەر يىلى ئەتىيازغا باغلىدى. لەيلىگۈل باغدا ئولتۇرۇپ بىر كۈن كەچكىچە يىغلىدى، بۇۋىسىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ يەنە يىغلىدى. ئۇنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك، قاغىلار بەخىرامان قاقىلدىشىپ ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. بۇ ئاۋاز ئادەمنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يېگۈدەك يېقىمسىز ئىدى.

لەيلىگۈل كۆڭۈلسىز ھالەتتە باغنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، باغنىڭ شەرقىي تېمىغا يېقىنلا يەردە كۆكلىگەن بىر تۈپ كىچىك كۆچەتنى كۆرۈپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي تۇرۇپلا قالدى. لەيلىگۈل ئېرى يوقاپ كەتكەندىن بېرى شەرقىي تام تەرەپكە كېلىش تۈگۈل، شۇ يانغا قاراش-

تىنىمۇ قورقىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ئىپرىنىڭ شۇ جايدا ئۆرەك كولاۋاتقان ھالىتىنى ئويلىسىلا تېنىگە تىترەك ئولىشاتتى. ئۆرەكنىڭ تىندۇرۇلغان ھالىتىنى كۆرگەن چاغدىكى قورقۇنچ ئۇنىڭدا تېخىچىلا بار ئىدى. ئۇنىڭغا ئىپرى مۇشۇ ئۆرەككە كىمدۇر بىرىنى كۆمۈۋەتكەندەكلا تۇيغۇ بار ئىدى، بۇ خىل تۇيغۇنىڭ قانداقلارچە پەيدا بولغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

بۇ كوچەت بەكلا چىرايلىق ئاينىغانىدى. يوپۇرماقلىرى قېنىق يېشىل، غولى توم، مەزمۇت ئىدى. لەيلىگۈل ھەممىنى ئۇنتۇپ، كۆچەتنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ يېڭىدىن ئۇنۇپ چىققان ياڭاق كۆچىتى ئىدى.

شۇ كۇندىن ئېتىبارەن لەيلىگۈل كۇندە ياڭاق كۆچىتىنىڭ يېنىغا كېلىدىغان بولدى. ئۇ ياڭاق كۆچىتىنىڭ تۇۋىنى چاناپ ئوغۇت بېرەۋىدى، نەچچە ھەپتە ئىچىدىلا لەپپىدە بوي تارتىپ، يوپۇرماقلىرى يوغىناپ چوڭلا دەرەخ بولۇپ قالدى.

ئارىدىن نەچچە يىللار ئۆتۈپ، يىراق - يىراقلاردا داڭقى بار بۇ جاھانباغ ئۇن-تىنسىز قۇرۇپ تۈگىدى. ئەتراپتىكىلەرمۇ بىر چاغلاردىكى جەننەتتەك گۈزەل بىر باغنىڭ قانداقلارچە بىر پارچە خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغىنىنى سەزمەيلا قېلىشتى. باغنىڭ شەرقىي تېمىنى بىر يول كېسىپ ئۆتەتتى، شۇ يولدا ماڭغان كىشىلەر تاملىرى ئۆرۈلۈپ خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغان بۇ باغقا قارىغىنىدا، يول بويىدىكى بىر تۈپ تازا ئاينىغان ياڭاق دەرىخىنىڭ يېنىغا سىلىنغان كىچىككىنە كېسەك ئۆينى، ئۆيدىن چىقىپ كىرىۋاتقان بىر ئايالنى كۆرەتتى.

يىللار ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ بۇ ياڭاق دەرىخى تېخىمۇ يوغىناپ باراقسانلاپ، شاخلىرى، يوپۇرماقلىرى نە - نەلەرگىچە سوزۇلدى. لەيلىگۈلمۇ ئاپئاق چاچلىق مومايغا ئايلىنىپ قالدى. ئەمما، ئۇ كۇن بويى ياڭاق دەرىخىنى چۆرگىلەپلا يۈرەتتى. تىنىم تاپماي دەرەخنىڭ تۇۋىنى چاناپ، ئوغۇتلاپ پايپاسلاپ يۈرەتتى.

بىر كۈنى يولۇچىلار بۇ ئاق چاچلىق موماينىڭ ياڭاق دەرىخىنىڭ

ئاستىدا سىڭايان ياتقانلىقىنى كۆردى. موماي ئاللىبۇرۇن كۆز يۇمغا-
نىدى. كىشىلەر مومايىنى يۇيۇپ - تاراپ يەرلىكتە قويۇشتى.

كۇنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ جاھانباغ ھەم جاھانباغدىكى بو-
ۋاي بىلەن قىز كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ، پەقەت بۇ جاينىڭ
جاھانباغ دېگەن نامىلا قالدى. بارا - بارا بۇ جاي ئىسمى ئۆزىگە پەقەت
ماس كەلمەيدىغان، ھېچ نەرسە ئۈنمەيدىغان تاقىر سايغا ئايلىنىپ،
كېيىنچە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىد-
لەرنى ئاتىدىغان جايىغا ئايلىنىپ كەتتى. ھېلىقى ياڭاق دەرىخىنىڭ
يەنە قاچانلاردا قۇرۇپ، كىملەر تەرىپىدىن كېسىلىپ كەتكەنلىكى
ھېچكىمنىڭ ئېسىدە يوق ئىدى.

# جىگدە چېچىكى

سەلىمە ئۆزىنىڭ تويى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھاڭ - تاڭ بولغىنىچە ئانىسىغا بىر ھازا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ مەھەللە سىرتىغا چىقتى - دە، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بۈككىدە جىگدە بىلەن ئورالغان دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە نېمىشقا يالغۇز كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. پەقەت ئۆزىنىڭ توي قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىردىنلا چوپ-چوڭلا قىز بولۇپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلگىنىلا ئېسىدە ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جىگدىلىككە قاراپ ماڭغانلىقىنى بىرەرسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورققاندەك تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن قەدەم تاشلايتتى. ئۇنىڭ بۇرنىغا گۈپپىدە جىگدىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۇرۇلدى. كىمدۇر بىرى ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، شىۋىرلاپ چاقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، يۈرىكى ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. يىراقتىن دەريا سۈيىنىڭ قىرغاققا ئۇرۇلۇشى ئاڭلىناتتى. جىگدە شېخىغا قونۇۋالغان قۇشقاچلار گويا ئۆزىنىڭ كونا دوستىنى كۈتۈۋالغاندەك چۇرۇقلىشىپ سايرىشاتتى. يىراق ئۇپۇقتا ئېسىلىپ تۇرغان ئاقۇچ تاغلار ھېلى يىراققا قېچىۋاتقاندەك، ھېلى ئالدىغا كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ كىچىك چاغلىرىدا بۇ يەرگە كۆپ كېلەتتى. دەريا سۈيىگە قانغۇچە چۆمۈلۈپ، دەريا بويىدا ئاپتاپسىناتتى. جىگدە شېخىغا قۇشقاچتەك قونۇپ ئولتۇرۇپ جىگدە تېرىپ يەيتتى. ئۇ بۇ يەرگە شۇنچە ئىچىكىپ كەتكەنىدىكى، ئۆزىنى گويا دەريادا ئۈزۈۋاتقان بېلىقتەك ياكى جىگدە تېرىپ يەۋاتقان شوخ قۇشقاچتەك سېزەتتى. كېيىن ئۇ تۇيۇقسىز دەريا بويىغا كەلمەس بولدى. كەلمەس بولدىلا ئەمەس، بۇ

يەرنىڭ چوڭ قىز - يىگىتلەرنىڭ ماكانى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ، بۇ يەرگە شۈبھى ۋە قورقۇنچ بىلەن قارايدىغان بولدى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ تۇيۇقسىز جىگدە يېگۈسى كېلىپ كەتتى. ئانىسىغا تۇيدۇرماي غىپپىدە ئۆيدىن چىقىپ، يۈگۈرگىنىچە دەريا بويىغا كەلدى. ئۇ جىگدە شېخىغا چىقىشىغا، قۇلىقىغا كىملەرنىڭدۇر شىۋىرلاشقان گەپلىرى ئاڭلاندى.

— جېنىم گۈلنىسا، نېمىشقا مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرىسىز؟ ئاخشام سىزنى بەك ئۇزاق ساقلىدىم، نېمىشقا كەلمەيسىز؟

يەرگە قاراپ تىرناق تاتىلاپ ئولتۇرغان قىزنىڭ مۈرىسىنى سىلكىپ ھاسىراپ سۆزلەۋاتقان يىگىتنى سەلىمە تونۇۋالدى. بۇ، مەھەللىدىكى قادىر لەقۋانىڭ ئوغلى سادىر ئىدى.

— ئانام ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى بىلگەندىن كېيىن، مېنى پەقەت ئۆيدىن چىقارمايدىغان بولۇپ كەتتى. ھازىرمۇ ئانامنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپلا قېچىپ چىقتىم. ئەمدى ئۆيگە قانداق كىرەرمەنكىنتاڭ!

بۇ دادۇي شۇجىسىنىڭ قىزى گۈلنىسا ئىدى.

سەلىمە كۆزىنى يۇمۇۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى. يىگىت ئاستاغىنا قىزنى ئۆزىگە تارتتى. ئاندىن··· ئىزا تارتقىنىدىن سەلىمەنىڭ ۋۇجۇدىغا ئوت كەتتى. قانداقتۇر نومۇسلۇق ئىش قىلىپ قويغاندەك، بۇ ئىشنى كىمنىڭدۇر كۆرۈپ قېلىشىدىن قورققاندەك، ئىتتىك كەينىگە ياندى.

ئەنە شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىزا تارتىدىغان بولۇپ قالدى. كېيىن مەھەللىدە سادىر بىلەن گۈلنىسا توغرۇلۇق سۆز - چۆچەك تارقالدى. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، گۈلنىسانىڭ ئۆيىدىكىلەر ئۇنى سادىردەك نامراتقا بەرمەيمىز دەپ تۇرۇۋالغانىكەن. لېكىن، گۈلنىسا بىلەن سادىر دەريا بويىدىكى جىگدىلىكتە يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ، چاتاق ئىش تېرىپ قويۇپتۇ. گۈلنىسانىڭ ئانىسى ئاچچىقىغا پايلىماي قىزىنى ئۇرۇپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. سەلىمە بۇ سۆز - چۆچەكلەرنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى. تېخى تۇي

قىلمىغان گۈلنىسانىڭ قورسىقىنىڭ تومپىيىپ تۇرغانلىقىنى ئۆز كۆ-
زى بىلەن كۆردى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، سەلىمەنىڭ كۆزىگە دەريا
بويى ۋە جىگدىلىك تولىمۇ سىرلىق ھەم قورقۇنچلۇق كۆرۈنىدىغان
بولۇپ قالغانىدى. بۈگۈن بولسا ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بۇ يەرگە
كەلدى.

ئۇ بۇ جاينىڭ شۇنچىلىك خالىي ھەم گۈزەل ئىكەنلىكىنى بۈگۈن
تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاجايىپ بىر شېرىن
تۇيغۇدا تېپچەكلەپ، كۆزلىرى جىگدىلىك ئارىسىدىن كىمنىدۇر
ئىزدىگەندەك تۆت ئەتراپقا تەكشى تىكىلەتتى. تونۇش جىگدىلىك ئۇنى
تېزلا قوينىغا ئالدى. بۇرۇنقىدەك ۋىچىرلاپ، كۈلۈپ ئەمەس، بەلكى
مەنىلىك، يېقىملىق پىچىرلاپ قارشى ئالدى. ئۇ گويا سۆيگىنىنى
كۈتۈۋاتقاندەك ھېسسىياتتا قۇمدا ئولتۇردى. كۆز ئالدىغا ئۆزى ھېلى-
قى چاغدا كۆرگەن گۈلنىسا بىلەن سادىرنىڭ ھەرىكەتلىرى كەلدى.
ئۆزىنى گۈلنىسانىڭ ئورنىغا، كەلگۈسى ئېرىنى سادىرنىڭ ئورنىغا
قويۇپ، ئاجايىپ شېرىن خىياللار ئىلكىدە كۆزىنى يۇمۇپ ياتتى.
يىگىتى ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتىگە قاراپ ئولتۇرۇپ قىزارغىنىچە سۆزلەۋا-
تىدۇ:

— سەلىمە، بىلەمسىز؟ مەن سىزگە كۆيۈپ قالغاچقا، سىزنى
ئالاي دەپ ئەلچى ئەۋەتكەنمەن. مەن سىزگە بەك ئامراق. سىزنى
كېلەمدىكىن دەپ كۈندە مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇردۇم.

سەلىمە راھەتلىنىپ كۈلدى. يۈرىكىدە ئوقچۇۋاتقان ئاجايىپ
قايناق ھېسسىياتىنى كۈچ بىلەن بېسىپ ئۈن چىقارمىدى. ئۇ ئەمدى
يىگىتىنىڭ ئۆزىنىڭ قولىنى تۇتۇشىنى، ئاندىن قۇچاقلاپ سۆيۈشىنى
ئارزۇ قىلغىنىچە كۆزىنى ئاچمىدى...

سەلىمە، ھوي سەلىمە!

ئانىسىنىڭ سوزۇپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. سەلىمە قورقۇنچ
ۋە خىجىللىقتىن سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى. بىردىنلا
ئۆزىنىڭ بۇ يەردە يالغۇز ئىكەنلىكى ئېسىگە كېلىپ، يۈرىكى ئورنىغا

چۈشتى.

— مانا مەن.

سەلىمەنىڭ جىگدىلىكتىن چىقىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئانىسى-نىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى. باشقا بىرى بارمۇ دېگەندەك تۆت ئەتراپقا بىرھازا قاراپ تۇرغان-تەكەندىن كېيىن، قىزىنىڭ قولىنى سىلكىپ تارتقىنىچە ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى.

سەلىمە ئۆيگە كىرىپلا دادىسىنىڭ سۇرلۇك قاپىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ ئانىسىنىڭ كەينىگە مۆككىنىچە ئىچكەركى ئۆيگە كىرىۋال-دى. ئۇ دادىسىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇيتتى. ئۇ ئەمدىلا 4- سىنىپقا كۆچكەن يىلى دادىسى ئۇنى بىر ئايغىچە قازناق ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئۇنى چاقىرغىلى كەلگەن مۇئەللىمگە قەيەردىندۇر تېپىپ كەلگەن بىر پارچە خەتنى تۇتقۇزۇپ يولغا سالغاندىمۇ بوغۇلۇپ-بوغۇلۇپ يىغلىغان-يۇ، سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى. مانا ئەمدى شۇ دادىسى ئۇنى ئەرگە بەرمەكچى، تويىنى قىلماقچى. توي سەلىمە ئۈچۈن خۇ-شاللىق ئېلىپ كېلەمدۇ ياكى خاپىلىقمۇ، بۇنى بىلمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭ بىلىدىغىنى، توي بولغان قىز ئۆمرىدە كىيىپ باقمىغان ئې-سىل كىيىملەرنى كىيىپ باشقا بىر ئۆيگە كېتىدۇ. بەلكىم توي سەلىمە بايا دەريا بويىدا ئويلىغىنىدەك تولىمۇ شېرىن ۋە كۆڭۈللۈك بولىدىغاندۇ؟ مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سەلىمە ئاشۇ زالىم دادىسى-نىڭ ھومىيىپ قاراشلىرى، يىرتقۇچ ھايۋاندەك ھۆركىرىشىدىن قۇ-تۇلسا بولغىنى. سەلىمە ئاشۇلارنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ تېزرەك توي بولۇشىنى تىلەپ قالدى.

* * *

بۈگۈن سەلىمەنىڭ توي بولدى. ئانىسى ئۇنى ئەتىگەندە يۇيۇندۇ-رۇپ، ئەمدىلا مۇرىسىگە چۈشكەن چېچىنى قولاق تۇۋىدىن ئىككى ئۆرۈپ قويدى، ئاندىن ئۇنى ئىچكەركى ئۆيگە ئەكىرىپ، تاكى ئۇنى

يۆتكەپ كېتىشكە كىرمىگۈچە سىرتقا چىقىشقا بولمايدىغانلىقىنى قايتا-قايتا جېكىلىدى. سەلىمە ئۆيدە يالغۇز قالدى. ئانىسى سېلىپ بەرگەن كۆرپە ئۈستىدە زەدىۋالغا يۆلىنىپ بىر پەس ئولتۇردى. ئېرىنىڭ تەقى-تۇرقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقماقچى بولۇپ خېلى خىيال قىلىپ باقسىمۇ ھېچنېمە كۆز ئالدىغا كەلمىدى. ھەي ئىسىت، توي خېتى ئالغىلى بارغان كۈنى ئانىسىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېرىگە قاراپمۇ سالمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ تەكچىدىكى ئەينەكنى قولىغا ئېلىپ قارىدى. ئەينەك ئىچىدىن دۇپدۇگىلەك، كىچىككىنە يۈزىنى، ئارانلا مۇرىسىگە چۈشكەن سېيىلەكلىرىنى كۆردى. 18 ياش، ھېلىقى كۈنى كاتىپ كەنتتىن قىلىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇشقا قاراپ 18 ياشقا كىرىپسىز، دېگەنىدى. مۇبادا شۇ چاغدا ئانىسى چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى تارتىۋالمىغان بولسا، ئۆزىنىڭ تېخى ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەنلىكىنى ئېيتىپ سالار ئىكەن. ئانىسىنىڭ كېيىن ئېيتىپ بېرىشىچە، ھۆكۈمەت قىزلارنىڭ 18 ياشتىن بۇرۇن توي قىلىشىنى قاتتىق چەكلەر ئىمىش. شۇڭا، بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كەنت بوغالتىرى بولغان دادىسى بۇنىڭدىن بەش يىل ئاۋۋالقى چوڭ نوپۇس تەكشۈرۈشتە، ئۇنىڭ يېشىنى ئىككى ياش چوڭايتىۋالغانىكەن. شۇڭا، ئۇلار ئانچە قىينالمايلا توي خېتىنى ئالالاپتۇدەك. سەلىمە ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. قىزىق ئىش. ئەجەبا، 18 ياش قىزلار ئۈچۈن شۇنچە مۇھىممىدۇ؟… سەلىمە يالغۇز ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىكتى. بىردىنلا ئۆزىنىڭ تويىغا دوستلىرىنى چاقىرمىغانلىقى ئېسىگە چۈشتى. ئۇلارنى چاقىرغان بولسا سەلىمە بۇنچە زېرىكىپ تىت-تىت بولۇپ كەتمىگەن بولار ئىدى.

* * *

ئاينۇر، بۈۋى نىيازخان، ئاتىخان… يەنە زەينەپ، يەنە… ھە راست، ئۇلار تېخى مەكتەپتە ئوقۇۋىدىغان تۇرسا، چاقىرغان بىلەنمۇ كەلمەيدۇ-دە. مەكتەپتە ئوقۇمايدىغانلاردىن پەقەت ئايىمخان بىلەن بىلىقىزلا بار ئىكەن. شۇلارنىمۇ بولسا چاقىرىپ كىرسە قانداق بولار-

كىن؟ ئۇ ئانىسىغا ئېيتىپ ئۇلارنى چاقىرتىپ كىرىش قارارىغا كەل-
دى. ئاۋۋال ئىشىكتىن بېشىنى ئاستا چىقىرىپ ھويلىغا قارىدى.
ھويلا مېھمانغا لىق تولغان. ئانىسى تەمتىرىگىنىچە مېھمانلار ئارىسىدا
ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرىدۇ. سەلىمە دەسلەپتە خىجىل بولغاندەك
بولدى، كېيىن ھېچنېمىنى ئويلىمايلا بوسۇغا ئاتلاپ ئۆيدىن چىقتى.
ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. دەرۋازىدىن چىقىشىغا سىرتتىن
كىرىۋاتقان بىر نەۋرە ئاچىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئاچىسى
ئۇنى كۆرۈپلا ۋارقىرىۋەتتى.

— ۋاي ئانامەي، تويى بولغان قىز تۇرۇپ نېمە ئىش قىلىپ
يۈرىسەن بۇ يەردە، ئىزا تارتمايدىغان قىلىن!

مېھمانلار لاپپىدە ئۇنىڭغا قارىغاندەك بولدى. ئۇ نومۇس - ئىزا-
دىن يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولۇپ، يۈزىنى تۇتۇپ يۈگۈرگىنىچە
ئۆيگە ئۆزىنى ئاتتى.

ئۇھ! خۇداغا شۈكۈر. ئاخىر ئۇنى كۆچۈرۈپ مېڭىشقا تەرەددۇت
قىلىشتى. ئۇ ئانىسى كىيدۈرگەن تويلۇق كىيىملەرنى كىيىپ، چوڭ
رومال بىلەن يۈزىنى چىڭ ئوراپ، ئانىسىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە
يالغاندىن يىغلاپ، كىچىك تراكتوردىكى مېھمانلار ئارىسىغا ئورۇنلاش-
تى. ئۇ يېنىك تىنىدى. ئۆزىنى گويا باشقا بىر گۈزەل دۇنياغا كېتىپ
بارغاندەك خۇشال، يەڭگىل سەزدى.

يېڭى ھويلىغا كىرىش بىلەنلا ئۇنىڭ بۇرنىغا ياتلا بىر پۇراق
ئۇرۇلدى. ناتونۇش ھويلا كۆزىگە خېلى ئىسسىق كۆرۈندى. ئۆز
ھۇجرىسىدا ئۆزىگە «يەڭگە» بولغان بىر نەۋرە ئاچىسىنىڭ يېنىدا
ئولتۇرۇپ ئۆيگە ئاستاغىنا سەپسالدى. ئېلېكتر چىرىغىنىڭ يورۇقىدا
ئويۇققا تىزىلغان چىنە - قاچىلار، ۋالىلداپ جۇلالىنىپ تۇرغان تاۋار
يوتقان - كۆرپە كۆزىگە باشقىچە چىرايلىق كۆرۈندى. بىر خىل
ئىسسىق ئېقىم پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارالدى. تاتلىق خىيالىي تۇيغۇ
بىردىنلا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ئىسكەنجىگە ئالدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆز-
نىڭ ئۆيى، يەنە تېخى ئېرى بار ئۆي. ئۇ خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ،

قاچانلاردا يالغۇز قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى نېمىدىندۇر قورققاندەك تۇيۇقسىز تىترەپ كەتتى. كۆزلىرى ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقان ئەرگە تىكىلدى. ئەر ئۇنىڭ خىيالىدىكى ئەرگە ئوخشىمايدىغاندەك قىلاتتى. ئەر يەر ئاستىدىن ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان قىزنى كۆرمىگەندەك، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن ئۈن - تىنسىز يۇشۇلدىغىنىچە ئايغىنى سېلىپ سۇپا ئۇستىگە چىقتى، ئاندىن ئۇچىدىكى كىيىملەرنى بىر - بىرلەپ سالدى. سەلىمە ئەرنىڭ زادى نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي، كالتە ئىشتان بىلەن تۇرغان ئادەمگە چەكچىيىپ قاراپ قالدى. ئەرنىڭ يۈڭ بېسىپ كەتكەن قاپقارا مەيدىسى، ئالدىغا ساڭگىلاپ چۈشكەن قورسىقى، ئومۇمەن پۈتۈن تۇرقى بىر قارىسا ئېيىققا، يەنە بىر قارىسا سەلىمە كىنولاردا كۆرگەن كاللا كېسەر جاللاتقا ئوخشايتتى. سەلىمەنىڭ تېنى شۈركۈندى. بايا ۋۇجۇدىغا ياماشقان تىترەك تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى. ئەرنىڭ ئالچاڭلاپ مېڭىپ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە بولسا پۈت - قولىدا جان قالمىدى. گويا ئاشۇ چۈپۈرلۈق يوغان قول ئۇنىڭ گېلىنى بىرلا سىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ قويىدىغاندەك، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئاستا كەينىگە داجىدى. ئۇ ئەمدى تامغا چاپلىشىپ قالدى. ئالدىغا سوزۇلغان يوغان قولنى كۆرۈپلا بار ئاۋازى بىلەن چىرقىراپ يانغا ئۆزىنى ئاتتى. ئەر بولسا سەلىمەگە بۆرىدەك تاشلىناتتى. سەلىمە خېلى ئۇزاققىچە ئۆينىڭ ئىچىدە قېچىپ يۈردى. ئاخىر سەلىمەنىڭ جەينىكى ئەرنىڭ بۇرنىغا تېگىپ كېتىپ، ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. ئۇ يۈزىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. سەلىمە شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى ئېچىپ، خۇددى باغلاقتىن بوشانغان موزايدەك ئۆزىنى تالاغا ئاتتى.

سەلىمەنى قاراڭغۇلۇق ئۆز قويىنغا ئالدى. ئۇنىڭغا كەينىدىن ھېلىقى يىرتقۇچ ھايۋان قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، كەينىگە قاراپ بېقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، تېز - تېز يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بولۇپ نەپەس ئالالماي

قالدى. بىر كەمدە نېمىگىدۇر پۈتلىشىپ يەرگە يىقىلدى. ئۇ ئىتتىك
كەينىگە قارىدى. بىر كىمنىڭ قوغلاپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ يۈرى-
كى ئورنىغا چۈشتى. ئۇ دېمىنى ئېلىپ ئەتراپقا قارىدى. پۈتۈن
ئەتراپ قاراڭغۇلۇق قوينىدا ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەندى. ياز كۈنلىرى
بولغىنىغا قارىماي چېكەتكە، پاقىلارنىڭمۇ، ھەتتا پاشىلارنىڭمۇ ئاۋازى
ئاڭلانمايدۇ. ئەتراپ شۇنچىلىك تىنچكى، سەلىمەنى ئىختىيارسىز
سۈر باستى. ئۇ ئۆزىنىڭ نەدە، ئۆيىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئىلغا
قىلالمىدى. باياتىنقى قورقۇنچ يەنە قوزغىلىپ بەدىنى جالاقلاپ تىتى-
رەشكە باشلىدى. خېلى ۋاقىت ئۆتتى. نەم توپا سەلىمەنىڭ بەدىنىنى
مۇزلىتىشقا باشلىدى. ئەمدى يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋېرىشكە بولمايت-
تى. مۇبادا ھېلىقى ئەر كەينىدىن قوغلاپ كېلىپلا قالسا... سەلىمە
ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى قاقتى. ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇ
كىيىملىرىنىڭ يىرتىلىپ جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەنلىكىنى، مۇرى-
سى، كۆكرەكلىرىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى، ئېتىكىنىڭ نەچچە پار-
چە بولۇپ يىرتىلغانلىقىنى كۆردى. كۆڭلىكىگە ئىچى ئاغرىپ، كۆز-
لىرىگە غىل - غىل ياش كەلدى. لەۋلىرىنى ئۇمچەيتكىنىچە ئاستا
ئالدىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. توساتتىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاپئاق بىر
تام پەيدا بولدى. مېڭىشتىن توختاپ، كۆزىنى يوغان ئېچىپ ئاق تام
يېنىدا تۇرغان ئىككى - ئۈچ تۈپ دەرەخنى كۆردى. ئۇ دەسلەپ ھېچ
نەرسىنى ئىلغا قىلالمىدى. ئاق تامنىڭ يەنە بىر يېنىغا ئۆتكەندىلا
ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قەبرە ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردىيۇ، تۇرغان جايىدا
مىخلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە دەسلەپتە ئۇ كىچىكىدە مومىسىدىن
ئاڭلىغان جىن - ئالۋاستىلار كۆرۈندى، ئاندىن بايا ئۇ ئۇقماي دەس-
سەپ سالغان قەبرىلەرنىڭ ئىگىلىرى ئاپئاق كېپەنگە يۆگىنىپ ئۇنىڭغا
يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. ھېلىقى جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ئارى-
سىدا ئۇنى بايا بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ھېلىقى مەخلۇقمۇ بار
بولۇپ، ئۇ ھەممىسىنىڭ ئالدىدا سەلىمەنى قاپساپ كېلىۋاتاتتى. سە-
لىمە شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق ئاۋازدا چىرقىرىدىكى، ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ،

گۆپپىدە يىقىلغاندا پەيدا بولغان تىترەشمۇ ئېغىر تىنىپ ياتقان زېمىننى ئويغىتالمىدى.

* * *

سەلىمە روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كېلىندى. ھېلىقى كۈنى ئەتىگەندە تۇپراق بېشىغا دۇئا قىلغىلى كەلگەن بىر ئادەم سەلىمەنىڭ قەبرىستانلىقتا ھوشسىز ياتقىنىنى كۆرۈپ ئۆيىگە ئەكېلىپ قويغان كۈندىن ئېتىبارەن سەلىمەگە «جىن» چاپلاشقىنى مەلۇم بولدى. ئۇ ئەركەك زاتىنى كۆرسىلا چىشلىرى كىرىشىپ، كۆز قارىچۇقى ئارقىغا تارتىشىپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ، تىللاپ، قىپقىزىل ساراڭلا بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوبدانلا چۆچۈدى. ئەر تەرەپمۇ سەلىمەنىڭ «ساراڭ»لىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئانچە تارتىشمايلا بولدى قىلدى. سەلىمەنىڭ ئاتا - ئانىسى بىرقانچە قېتىم ئۇنى داخانلارغا ئوقۇتقان بولسىمۇ، قىلچىمۇ پايدىسى بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاخىر ئۇنى «ساراڭلار دوختۇرخانىسى»غا ئاپىرىپ قويۇشتى.

دوختۇرخانا ئۇ ئۆمرىدە كۆرگەن ئەڭ گۈزەل جاي ئىدى. پاكىز، ئازادە مۇھىت ئۇنىڭغا تېز تەسىر قىلىپ نېرۋىلىرى تىنچلاندى. ئەمدى ھەممە يېرى ئاپئاق، تىنچ ياتقىدا يېتىپ ئەر دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈشلىرىنى قوبۇل قىلمىسىمۇ، ئەمما يېشىل چىنار، قارىغاي دەرەخلىرى ئارىسىدا پارقىراپ كۆرۈنىدىغان سىلىق ئاسفالت يولدا كېتىۋېتىپ، كېسەل ئەرلەر ياكى ئەر دوختۇرلار ئۇچراپ قالسىمۇ كېسىلى قوزغالمايتتى. چۈنكى، ئۇ بۇ يەردە ئۆمرىدە ھېس قىلىپ باقمىغان ئىللىقلىق، مېھرىبانلىقنى ھېس قىلاتتى. سېستىرا قىزلارنىڭ سىلىق مۇئامىلىسى، بولۇپمۇ بۇدۇرچاچلىرى پوسمىسىدىن چىقىپ قالىدىغان ياش مەسئۇل دوختۇرنىڭ ئاجايىپ يېقىملىق كۈلكىسى ئۇنىڭغا ئالەمچە خۇشاللىق بېغىشلايتتى. ئۇ ئاشۇ دوختۇرنىڭ كۈندە

نەچچە رەت يوقلاپ كىرىشىنى، كىرگەندە يېنىدا ئۇزاقراق تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. دوختۇر يىگىتكە ئىختىيارسىز ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىپ، ئۇنىڭ كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايىنى كۆڭۈل ئېكرانىغا ئويۇۋالماقچى بولاتتى. ئۆمرىدە ئەرلەرنىڭ كۈلگىنىنى ئانچە كۆرۈپ باقمىغان، دادىسى، ئاكىسى، ئىنىلىرىنىڭ چىرايىدىكى ئاچچىق ئىپادىلەرگە كۆنۈپ كەتكەن قىزغا بۇ كۈلكە شۇنچە سېھىرلىك ۋە مېھىرلىك تۇيۇلغانىدى. سەلىمەنىڭ كېسىلى دورا، ئوكۇلدىن كۆرە بۇ يېقىملىق كۈلۈمسىرەشنىڭ تەسىرىدە ياخشى بولۇپ قالدى. ئۇ ئاندىسىغا ئۆزى ئەڭ ئامراق ھاۋا رەڭ كۆڭلىكىنى ئەكىرگۈزۈپ كىيدى. چېچىنى قايسىبىر سېستىرا قىزغا ئوخشىتىپ كەينىدىنلا بىر بوغدى. ئۇنىڭ ئاپئاق كارىۋات ئۈستىدىكى شۇ تۇرقى بۇلۇت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇچۇۋاتقان پەرىزاتقىلا ئوخشاپ قالدى. يەڭگىل ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ كۆڭلەكتىن سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئالمىدەك كۆكسى لىپىلداپ، ئاق قۇدەك ئۇزۇن ئاپئاق بوينى ئالدىغا سوزۇلدى. ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان گۈلنى ئەسلىتىدىغان لەۋلىرى يىمىرلىپ، قويۇق كىرپىكلىك چولپان كۆزلىرى ئىشىككە تەلمۈردى. ناۋات رەڭ يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ لالە رەڭگىگە كىردى. دوختۇر يىگىت ئىشىكتىن كىرىپلا كۆز ئالدىدىكى سۈرەتكە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. ئۇ قىزغا كۈندىكىدىنمۇ بەكرەك ئىلتىپات كۆرسىتىپ چىقىپ كەتتى.

دوختۇر يىگىت ئەمدى سەلىمەنى كۆپرەك يوقلايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ كۈندە نەچچە قېتىم، ھەتتا دەم ئالغان كۈنلىرىدىمۇ كېلىپ قىزدىن ئەھۋال سوراپ كېتىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن سەلىمە شۇنچىلىك خۇشال ئىدىكى، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدەك ياخشى، كۆيۈمچان ئادەم ۋە بۇ يەردەك جەننەت يەر يوق ئىدى. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن دوختۇر يىگىت سەلىمەنى يەنە يوقلاپ كىرىپ بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، قايتار ۋاقتىدا:

— كەچتە مەن دىجورنىلىق قىلىمەن، ئىشخانامغا چىقىڭ، بولا-

دۇ؟— دەپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى.

سەلىمە كۆڭلىنىڭ كەچ بولۇشىنى كۈتۈپ تاقەتسىز بولدى. كەچتە ئۆزىنى باشقىدىن تۈزەشتۈرۈپ، سۈتتەك يورۇق ئىشخانىغا كىرىپ، خەت يېزىۋاتقان دوختۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. دېرىزىدىن كىرىۋاتقان سالقىن شامال ئۇنىڭ يۈزىنى، چاچلىرىنى سۆيۈپ راھەتلەندۈرسە، ئۆزى ئەڭ ئامراق كىشىسىنىڭ يېنىدا بولۇشى ۋۇجۇدىنى مەستخۇش قىلاتتى. بۈگۈن تولۇن ئاي باشقىچە نۇرلۇق، يۇلتۇزلار باشقىچە جۇلالىق، باغدىكى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرىمۇ باشقىچە يېقىملىق، ئەتراپىنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسىمۇ باشقىچە نەپىس، سەلىمەنىڭ ھېسلىرىمۇ باشقىچە تاتلىق ھەم شېرىن ئىدى.

— ئايغا قاراۋاتامسىز؟

سەلىمە قولىقى تۈۋىدە ئاڭلانغان بۇ سۆزدىن چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلدى. يىگىتنىڭ سەلىمەگە چاپىنىنى يېپىپ قويۇش ئۈچۈن ئاپارغان قولى ئۇنىڭ مۈرىسىدە تۇرۇپ قالدى. يىگىت ئالدىرىماستىن چاپاننى ئۇنىڭغا يېپىپ قويۇپ، يەنە سورىدى:

— ئاي گۈزەلمىكەن؟

— ھەئە، بەك گۈزەل ئىكەن، بولۇپمۇ بۈگۈن.

— لېكىن، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئايدىنمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىڭىزنى بىلەمسىز؟

— مەن... مەن...

سەلىمە ھودۇقۇپ كەتتى. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق گەپ ئاڭلارنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. يىگىتنىڭ سۆزلىرى ئۇنى مەستخۇش قىلىپ قويدى.

— راست، سىز ئايدىنمۇ گۈزەل. قاراڭ، ئاينىڭ يۈزىدە داغ بار، لېكىن سىزنىڭ يۈزىڭىزدە يوق. كۆزلىرىڭىز ئاشۇ يۇلتۇزلاردىنمۇ نۇرلۇق، چىرايلىق، بۇرنىڭىز، لەۋلىرىڭىز، بويىڭىز... ئاھ! سىز بەك گۈزەل، بەك چىرايلىق... بەك...

سەلىمە يىگىتنىڭ ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ سۆيۈشلىرىدىن مەست بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ نەپەسى، يۈرىكى، ۋۇجۇدى پەقەت ئاشۇ قىزغىن سۆيۈشتىن كەلگەن راھەتنىلا، ئۆمرىدە ھېس قىلىپ باقمىغان ئاجايىپ تاتلىق شېرىنلىكنىلا ھېس قىلاتتى. يىگىتنىڭ لەۋلىرى، بەدىنى ئوتتەك ھارارەتلىك، ھەتتا سەلىمە بىلىدىغان ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىنمۇ راھەتلىك ئىدى. سەلىمە شۇ دەقىقە، شۇ مىنۇتلاردا قانداقلارچە ئۆزىنىڭمۇ يىگىتكە چىڭ چاپلىشىپ كەتكىنىنى، قانداقلارچە كارىۋاتقا چىقىپ قالغىنىنى، ھەتتا چىراغنىڭ قاچان ئۆچۈرۈلۈپ كەتكىنىنى سەزمىدى. ئۇ پەقەت مەستخۇشلۇق ئىچىدە تاتلىققىنا ئىڭرايتتى.

* * *

سەلىمە دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقتى. ئۆزى خالاپ ئەمەس، ئاتا - ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئۆزىگە زور خۇشاللىق ۋە بەخت ئاتا قىلغان بۇ گۈزەل ماكاندىن كۆزى قىيمىغان ھالدا، يىغلاپ تۇرۇپ قايتىپ چىقتى. ئۇ دەسلەپتە يەنە ساراڭلىق قىلىپ ئۇزاقراق تۇرۇپ قېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، دوختۇرخانا خىراجىتىنىڭ كۆپلۈكىنى ئويلاپ ئىلاجسىز دادىسىغا ئەگەشتى.

سەلىمە دوختۇرخانىدىن تاتلىق خىيال، گۈزەل ئارزۇ ۋە ئازراق تەشۋىشنىمۇ بىللە ئېلىپ چىقتى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ كېيىنلى پۈتۈنلەي ساقىيىپ، بارغانسېرى تولۇپ سەمرىشكە باشلىدى. بارا - بارا ئۇنىڭ ھامىلىدارلىقى مەلۇم بولدى. ئاتا - ئانىسى بۇنى سەلىمەنىڭ ئېرىگە مەلۇم قىلىۋىدى، ئەر بالىنىڭ ئۆز بالىسى ئەمەسلىكىنى كېيىنپلا ئېيتىپ، ئىككىنچى بۇ ئۆيگە ئاياغ باسمىدى. بۇ سۆزلەر سەلىمەنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئېيتقۇسىز ئاھانەت تۇيۇلغان بولسىمۇ، سەلىمە ھېچبىر خىيالىغا كەلتۈرمىگەندەكلا ئىدى. ئۇ تېخى بۇرۇنقىدىنمۇ چىرايلىقلىشىپ، كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇ-

دىدىن قانداقتۇر بىر خۇشاللىق، بەخت تۆكۈلۈپ تۇرغاندەك بولۇپ قالدى. ئاتا - ئانىسى بۇنىڭدىن ھەيران قېلىپ، ئۇنى سوراق قىلماق- چى بولدىيۇ، يەنە ئۇنىڭ ساراڭلىقى قوزغىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ جىم يۈرۈشتى.

سەلىمە بۈگۈن يەنە جىگدىلىككە بېرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قىشتىن بېرى تاتلىق ئۇيقۇدا ئەللەيلىنىپ ياتقان ھېسسىياتى جىگدە پۇرىقى ئەتراپقا تارىلىش بىلەن بىردىنلا ئويغىنىپ جانلىنىپ كەتتى. پات - پات تەۋرەپ قويىدىغان كەپسىز ئوغلىنى سىيلىغىنىچە جىگدىلىككە كەلدى. ئۇ ئەتراپىدىكى ھەممىلا نېمىگە ئاجايىپ سۆيۈنۈش ئىچىدە نەزەر سالاتتى. جىگدە چېچەكىنى ئاستا ئۈزۈۋېلىپ پۇرىدى. لەۋلىرى- گە تەگكۈزۈپ سۆيدى. ئاخىرىدا بۇدۇر چاچ دوختۇر يىگىت ئېسىگە كېلىپ كۆزلىرىگە غىلىلدە ياش ئالدى. توۋا، ئۇنى كۆرمىگىلى تۇپتوغرا يەتتە ئاي بوپتۇ، ھېلىمۇ سېغىنىش، كۈتۈش ئۇنى يەنە ئەقلىدىن ئاداشتۇرۇۋەتمەپتۇ. سەلىمە دوختۇرخانىدىن چىقىش ئالدىدا يىگىت ئۇنىڭغا ۋەدە بەرگەن. قىزنى ئىزدەپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيت- قان. لېكىن، تا ھازىرغىچە ئۇنى ئىزدەپ چىقمىدى. ئەجەبا، ئۇ سەلىمەنىڭ ئۆزىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ ۋە ياكى ئۇنى شۇنچە تېز ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ؟...

سەلىمەنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ جىگدىگە يۆلى- نىپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدىنى شۇنداق قاتتىق سېغىنىش چىرمىۋالدىكى، ئۇ ئۆزىدىكى بۇ كۈچلۈك ھېسسى- ياتقا بەرداشلىق بېرەلمەستىن ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، چېچىنى چاققانلىق بىلەن تارىدى. دادىسىنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئانىسىغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ كەچ كىرگەندە ئاران شەھەرگە يېتىپ كەلدى. يىراق تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدە بىر كېچىنى تولىمۇ تەستە ئۆتكۈزۈپ، سەھەردىلا بۇدۇر چاچ يىگىتنىڭ يېنىغا — شەھەرلىك روھىي كېسەل- لىكلەر دوختۇرخانىسىغا قاراپ ئۈچتى.

كېچە ـ كۈندۈز سەلىمەنىڭ خىيالىدىن كەتمەيدىغان بۇ ماكان يەنىلا شۇنداق گۈزەل ۋە مېھرىلىك ئىدى. دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازى-سى كۆرۈنۈش بىلەن دۇپۇلدەشكە باشلىغان يۈرىكى ئۇ تاكى دەرۋازى-دىن ئاتلاپ يېشىل بوستانلىقلار بىلەن بېزەلگەن ئاسفالت يولغا چۈش-كەندىمۇ پەسكويغا چۈشمىدى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ تومپايغان قورسى-قى ۋە سۇس داغ چۈشكەن چىرايىدىن نومۇس ھېس قىلىپ قالدى. مۇبادا ئۇ سەلىمەنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرسە بىردىنلا ئۈنىڭدىن رايى يېنىپ كېتەرمىكىن؟ بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلسى-چۇ؟ خۇشال بولامدۇ ياكى ... ئۇ چوقۇم خۇشال بولىدۇ. بۇ دۇنيادا پەرزەنت كۆرۈشنى خالىمايدىغان كىم بار؟ ئۇ كېسىلىڭىز رەسمىي ساقايغاندا سىزنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ توي قىلىمەن دەپ قايتا-قايتا ئېيتقانىدىغۇ؟ ...

سەلىمە ئىشخانىغا ئۇسۇپ كىرىشتىن ئۆيىلىپ، دەرەخزارلىق ئارىسىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ يىگىتنىڭ چىقىشىنى كۈتۈشكە باشلىدى. يىگىت ئاخىر چىقتى. بىر توپ سېستىرالار بىلەن كۈلۈپ پاراڭلاشقىنىچە سەلىمە تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. ئاھ! ئۇنىڭ كۈ-لۈشلىرى يەنە شۇنچە يېقىملىق ھەم مېھرىلىك. ئاق پوسمىسىدىن چىقىپ تۇرغان بۇدۇر چاچلىرى يەنە شۇنچە يارىشىملىق ھەم سېھىر-لىك...

سەلىمە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ يە-گىتنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەتراپتا ئادەم بارلىقىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ قېنىپ ـ قېنىپ قۇچاقلىغۇسى، ئۆزىنىڭ شۇنچە ۋاقىتتىنى ئىنتىزارلىق، كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېيتىپ، يىغلىۋالغۇسى كەلدى.

— سىز... سىز كىمنى ئىزدەيسىز؟ كېسەل يوقلاپ كەلگەن بولسىڭىز ئاۋۇ ياققا بېرىڭ.

سەلىمە يىگىتنىڭ ئۆزىنى ئازراقمۇ تونۇيالمىغانلىقىدىن ھەيران قالدى. توۋا، ئاشۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە سەلىمە شۇنچە تونۇغۇ-

سىز بولۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ئۇنىڭ كۆزىگە لىغىرلاپ ياش كەلدى. تىترەپ تۇرغان لەۋلىرى ئارىسىدىن سۆز تولىمۇ تەستە چىقتى.

— مەن... مەن... مەن سىزنى ئىزدەپ كەلدىم. مەن سە... سەلىمە...

يىگىتنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، ئاندىن تەرى شۇنداق سەت تۇرۇلدىكى، سەلىمە قورقۇپ كەينىگە ئۇچۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى. يىگىتنىڭ چىرايى ئۇ ئەزەلدىن قورقىدىغان دادىسى، ئاكىلىرىنىڭكىدىنمۇ قورقۇنچلۇق، سەت ئىدى. سەلىمە ئاشۇ چىرايىنىڭ ئىلگىرى ئاجايىپ يېقىملىق كۈلكە بىلەن ئۆزىنى ئەللەيلىگەنلىكىگە، ئەركىلەتكەنلىكىگە، ئۆزىگە چەكسىز خۇشاللىق، شېرىن، تاتلىق تۇيغۇ بېغىشلىغانلىقىغا ئىشىنەلمىدى. ئەجەبا، سەلىمە بۇ سۆرۈن تەلەتنى خاتا هالدا شۇ يىگىت دەپ تونۇپ قالغانمىدۇ؟ ئۇنىڭ بۇدۇر چېچى... يارىشىملىق بۇرۇتى...

— مەن ... مېنىما... سىز مېنى نېمىشقا ئىزدەيسىز؟ مەن سىزنى تونۇمايدىغان تۇرسام، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدىيا؟

— توختاڭ! مەن... مەن سىزنى سېغىنىپ كۆرگىلى كىردىم. سىز مېنى يوقـلاپ چىقىمەن دەپ قويۇپ يوقلاپمۇ چىقمىدىڭىز، — سەلىمە هەم قورقۇنچ ئىچىدە، هەم سېغىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى، — مەن، مەن سىزنى بەك ساقلىدىم... سىزگە بالىمىز بولغانلىقىنى بۇرۇنراق ئېيتاي دەپ ئالدىرىدىم. مانا قاراڭ، قورسىقىم چوڭ بولۇپ قالدى. ئۇ چوقۇم سىزگە ئوخشاش بۇدۇر چاچ...

سەلىمە گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. ئۇ يىگىتنىڭ ئۆلۈكتەك تاتىرىپ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئەتراپتىكى سېستىرا قىزلارنىڭ هاڭۋاقتىنىچە قاراپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئېسىدە يوق يات ئادەم بار يەردە بۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ سالغانلىقىنى ئويلاپ پۇشايمان قىلىپ لېۋىنى چىشلەپ قويدى.

— ساراڭ... سا... راڭ. بۇ هېلىقى سەلىمە دېگەن ساراڭ شۇغۇ،

ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭلار جۇمۇ. بۇ ھېلىقى... ھېلىقى ئۆتكەن يىلى مۇشۇ يەردە داۋالىنىپ، ساقىيالماي كەتكەن ساراڭ. ھۇ ساراڭ...

سەلىمە كۆتۈلمىگەن زەربىدىن تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭغا پۈتۈن زېمىن چۆرگىلەۋاتقاندەك، ئۆزى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان-دەك، سانسىز تاش - داشقاللار ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلداپ چۈشۈۋاتقان-دەك، ئۆزى بارا - بارا شۇ تاش - قۇملارنىڭ ئاستىدا قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

ئۇ يىگىتنىڭ «بۇ ساراڭنى ھەيدەپ چىقىرىۋېتىڭلار. ئىگىسى بولمىغان ساراڭنى دوختۇرخانىغا قوبۇل قىلالمايمىز» دېگەن سۆزلى-رىنى غۇۋا ئاڭلىدى.

ساراڭ! ساراڭ! ساراڭ! ئۇنىڭ قۇلىقىغا، نېرۋىلىرىغا، يۈرە-كىگە، تومۇر - تومۇرلىرىغا بۇ سۆز بۆسۈپ كىردى. بۇ سۆز ئۇنى راستتىنلا ئەقلىدىن ئازدۇردى. ئۇ دەرۋازىنى مۇشتلاپ دوختۇر يە-گىتنى بىرھازا تىللىدى. ئاخىر ھېرىپ مەھەللىسىگە قايتتى. يول بويى بۇگۈنكى ئىشلار ئېسىگە كېلىپ بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلىدى.

سەلىمەنىڭ ئاتا - ئانىسى قىزىنىڭ شەھەرگە كىرىپ چىقىپلا يەنە بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىشتى. ئۇ ئاتا - ئانىسىنىمۇ تونۇماي بىردەم كۈلۈپ، بىردەم يىغلاپ ئۆينى بېشىغا كىيدى. دادىسى ئۇنى يەنە «روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانى-سى»غا ئاپىرىشنى ئېيتىۋىدى، ۋارقىراپ يىغلاپ قەتئىي ئۇنىمىدى.

ساراڭ! ساراڭ! بۇ سۆز سەلىمەنىڭ يۈرىكىگە بەكلا قاتتىق سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ساراڭ ئىكەنلىكىگە تەن بەردى. شۇڭا، باشقىلارنىڭ ئۇنى «ساراڭ» دەپ تىللاشلىرىغىمۇ خاپا بولمايتتى. ئۇ ئاجايىپ ئەركىن ئىدى. كۈلگۈسى كەلسە كۈلۈپ، يىغلىغۇسى كەلسە يىغلاپ، ئاچچىقى كەلسە تىللاپ ۋارقىرايتتى. ئۇ بالىسىنىڭ قورسىقىغا تېپىپ شوخلۇق قىلىشلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ، ھويلىدىكى ئۇجمە دەرىخى ئۈستىدە چۇرۇقلاپ سايرىشىۋاتقان قۇشقاچ-لارنىڭ ئۇجمە يېيىشلىرىدىن زوقلىنىپ كۈلەتتى. ئىنى - سىڭىللى-

رىنىڭ ۋارقىراپ جاڭجاللىششىلىرىنى، چۈجە خورازنىڭ ھۆرپىيىپ سوقۇشۇشىنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلەتتى. دادىسىنىڭ ئانىسىنى بىكارلا ئۇرۇپ - تىللاشلىرىنى كۆرۈپ، بۇدۇر چاچ يىگىتنىڭ ئۆزىنى ساراڭ دەپ تىللىغانلىقى، ئۆزىنىڭ راستىنلا ساراڭ بولۇپ قالغانلىقى ئېسىگە كېلىپ، ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ھۆركىرەپ يىغلايتتى. كىمنىدۇر تىللايتتى. تازا ئاچچىقى كەلگەن كۈنلىرى ئىشىك ئالدىغا چىقىۋېلىپ يولدىن ئۆتكەن ئەرلەرنى تىللاپ، چالما ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئۈركۈپ قاچقانلىقىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى.

بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئۇنىڭ كۆڭلىدە غەشلىك پەيدا بولۇۋالدى. ئۇ كۈلەي دەپمۇ كۈلەلمىدى، يىغلاي دەپمۇ يىغلىيالمىدى. قورسىقىدىكى شوخ ئوغلىمۇ بۈگۈن جىمىپلا كەتتى. قۇشلارنىمۇ كەپسىز ئىنىسى قاچۇرۇۋەتكەن بولسا كېرەك، چۇرۇقلاشلارمۇ ئاڭلانمايتتى. ئۇ تولىمۇ كەيپسىز ھالدا سىرتقا چىقتى. ھاۋا بۈگۈن بۆلەكچىلا سوغۇق، ئاسماننىڭ تەرى كۆرۈمسىز بولۇپ، توپ - توپ قارا بۇلۇتلار سۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ جىگدە چىچىكىنىڭ پۇرىقىغا ئەگىشىپ دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى. دەريا سۈيى قاپقارا لاي - لاتقا بولۇپ، شارقىرىغىنىچە ئاقماقتا ئىدى. سەلىمە تۇيۇقسىز ئۆلۈمنى ئويلاپ قالدى. تولغىنىۋاتقان دولقۇنلارمۇ ئۇنى قوينىغا چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ سۇغا قارىغىنىچە خېلى ئۇزاق تۇردى. دەريا لېۋىگە كېلىپ پۇتىنى سۇغا تىقىپ بېقىپ، ئەندىكىپ تېزلا كەينىگە ياندى. چوقچىيىپ تۇرغان قورام تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈشنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئاشۇ قورام تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سوغۇقتا مۇزلاپ ئۆلۈشنى، مۇشۇ قېتىپ قالغانچە تاش بىلەن بىرىكىپ، مەڭگۈ مۇشۇ دەريا بويىدا جىگدە چىچىكىنىڭ پۇرىقىنى ھىدلاپ تۇرۇشنى ئويلاپ قالدى. سوغۇق شامال ئۇنى ھېلىلا ئۇچۇرۇۋېتىدىغاندەك شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. سەلىمەنىڭ گەجگىسى قورۇلۇپ توڭلاشقا باشلىدى. ئۇ بالىسىنى توڭلاپ قالمى-

سۇن دېگەندەك، قىزىل شىپۇن كۆڭلىكى بىلەن قورسىقىنى يۆگەپ چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئاۋۋال تاراسلاپ، ئاندىن شارقىراپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى. ئۇ دەريا سۈيىگە قارىغىنىچە مىدىر قىلماي ئولتۇرۇۋەردى. يامغۇر سۈيى دەريا سۈيىنى شىددەت بىلەن قامچىلايتتى. دەريا سۈيىمۇ يامغۇر سۈيىنى پۈتۈن يۇتۇۋەتمەكچى بولغاندەك ئۆرگىلەپ-چۆرگىلەپ تولغىناتتى. سەلىمەنىڭ پۈتۈن بەدىنى چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى. يامغۇر سۈيى ئۇنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن چاچلىرىدىن سىرغىپ، يۈزىنى بويلاپ ئاقتى. ئۇنىڭ يامغۇر بىلەن بەسلەشكەندەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرى يامغۇر بىلەن بىللە دەريا سۈيىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇ يىغلىدى، زېمىن ئانىنىڭ قايغۇسىغا جور بولۇپ ياش تۆكتى. يىغلاپ تۇرۇپ ئويلاندى: زېمىن ئانا نېمىشقا چېچىلىپ قاتتىق ياش تۆكىدىغاندۇ؟ ئۇنىمۇ سۆيگىنى تاشلاپ كەتكەنمىدۇ؟ «ساراڭ» دەپ تىللىغانمىدۇ؟

يامغۇر توختىدى. ئۇنىڭ كاللىسى بۇرۇنقىدەكلا قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۇ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى — قىزلارنىڭ نېمە ئۈچۈن توي قىلىدىغانلىقىنى، دوختۇر يىگىتنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆز پۈشتىدىن بولغان «ئوغلى»غا تاش يۈرەكلىك قىلغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى، ئەقلى يەتمەيتتى. قىسقىسى، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنىمۇ ئويلىيالمايتتى. ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ قورسىقى تۇيۇقسىز تەۋرەپ كەتتى. قۇلىقىغا كىچىك بالىنىڭ گۇڭگۇرلاشلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئاجايىپ ئىللىق بىر سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدىغا شۇررىدە تارالدى. بۇ سېزىم شۇنچە قۇدرەتلىك ۋە ئۇلۇغ ئىدىكى، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلۇقىنى ھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئاجايىپ تېزلا ھېس قىلدۇردى. ئۇنىڭ بۇرنىغا يەنە گۈپپىدە جىگدە پۇرىقى پۇرىدى. تۇيۇقسىز جىگدە يېگۈسى كېلىپ كەتتى. ئەپسۇس، جىگدە ئەمدىلا چېچەكلىگەنىدى. چېچەك ئۈستىگە قونۇۋالغان تامچىلار مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇراتتى. سەلىمە قۇم ئۈستىدە سوزۇلۇپ يات-

تى. جىگدە چېچەكلىرىنى ئاستا ئۈزۈۋېلىپ، قورسىقى ئۈستىگە، ئاندىن بەدىنىگە چاچتى. ئۆزىنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ھۇزۇرلىنىپ ۋىلىقلاپ كۈلدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى گۈل - چېچەك ئارىسىدا ھۇزۇرلىنىپ ياتقان پەرىزاتقا ئوخشاپ قالدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى. يەنە جىگدە شاخلىرى ۋە جىگدە چېچەكلىرىنى، يوپۇرماق ئارىسىدىن تارام - تارام تۆكۈلۈۋاتقان نۇر تالالىرىنى كۆردى. ئاشۇ جىگدە ئۈستىدە، جىگدە چېچىكى ۋە نۇر تالالىرى ئارىسىدا ئاجايىپ ئوماق بىر بالا جىگدە تېرىپ يەۋاتاتتى. بالا بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. كۆزلىرى چوڭ ۋە قارا، چاچلىرى بۇدۇر ئىدى. ئۇ بىردەم سەلىمەگە قاراپ ئاجايىپ تاتلىق ۋىلىقلاپ كۈلسە، بىردەم جىگدە چېچىكى ۋە نۇر تالالىرى ئارىسىغا سىڭىپ كېتەتتى.

# يېشىل ئارمان

قولۇمغا ئاجرىشىش قەغىزىنى قانداق ئالغىنىمنى، سوت مەھكىمىسىدىن قايسى تەرزدە قايتىپ چىققىنىمنى بىلمەيمەن. بەلكىم ئاق قەغەزگە ئۇزاتقان قوللىرىم تىترەپ، چىرايىم تاتىرىپ كەتكەندۇ ۋە بەلكىم يۈرىكىمدىكى ياشلار كۆزلىرىمدىن يامغۇردەك تۆكۈلۈپ چۈشكەندۇ...

كىشىلەر ئاق رەڭنى پاكلىقنىڭ بەلگىسى دەيدىكەن. مېنىڭچە، ئۇ يوقلۇقنىڭ بەلگىسى. بىر پارچە ئاق قەغەز، ھېچنېمە يوق ئاپئاق ئۆي، ئاق كىيىم، ئاق بايراق ئادەمگە زادى قانداق تەسىر بېرىشى مۇمكىن؟ ئۇنىڭ كىشىگە بېرىدىغىنى پەقەت يوقلۇق، ئۆلۈم ۋەھىمىسى، خالاس.

— ئانا، دادام بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىڭىزما؟

ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگىنىگە قارىماي، خېلى ئىشلارنى بىلىپ قالغان قىزىمنىڭ كۆزىگە قارىيالا بېشىمنى لىڭشىتتىم. بىرنەرسە دېيىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. كۆز يېشىم، تاتارغان چىرايىم ئۆيدىكىلەرگە ھەممىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

يۈرىكىمدە ئاجايىپ ئاچچىق بىر ئۈمىدسىزلىك بار ئىدى. ئاق قەغەزنى پۈرلەپ ئۇششاق يىرتىپ تاشلىۋەتسەممۇ، ھېلىدىن - ھېلىغا كۆز ئالدىمدا ئەرۋاھتەك ئۇچۇپ يۈرەتتى. تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى. سەككىز يىللىق ئائىلەم، تۇرمۇشتىن كۈتكەن بارلىق ئۈمىدلىرىم توزۇدى. سۈنىڭ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك غايىب بولدى. مەن تولىمۇ ئۇزۇن چۈش كۆرۈپ ئويغانغاندەك مەڭدەپ قالدىم. يۈرىكىمدە ئاچچىق ئازاب، ۋۇجۇدۇمنى ئىسكەنجىگە ئالغىنى ھەممە نەرسىسىدىن

ئايرىلغان بىچارىلىك...

بۇ ئىشلار شۇنچە تاسادىپىي يۈز بەردىكى، مەن ھېچقاچان ھايا-تىمدا بۇنداق ئازابقا يولۇقارمەن دەپ ئويلاپ باقمىغان، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشاشنى بىرەر قېتىممۇ خىيال قىلىپ باقمىغانىدىم. قىس-قىسى، ئۇ مېنىڭ ھاياتىمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

مۇبادا ئاشۇ ئىپـلاسلىقلارنى ئـۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام... پۈرلەشكەن كىرلــىك، يوشۇرۇشقا ئۈلگۈرمىگەن يالىڭاچ بەدەن، قورقۇنچتىن چەكچەيگەن كۆزلەر... مېڭەمدە ۋاسىلداپ ئوت چاقناپ كەتكىنى، پۈتۈن بەدىنىمنىڭ لاغىلداپ تىترەپ، بار ئاۋازىم بىلەن نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرىغىنىم غۇۋا ئېسىمدە.

ئىككى - ئۈچ ئايالنىڭ ھويلىغا كىرگەنلىكىنى، نېمىلەرنى دې-گەنلىكىنى ھەم ئۆزۈمنىڭ نېمە دەپ ۋالاقلاپ كەتكىنىمنى، ئۇ ئىپ-لاسلارنىڭ بۇ قېيىن ئەھۋالدىن قانداق قۇتۇلغىنىنى ئەسلىيەلمەي-مەن. ئاشۇ ئىشتىن كېيىن بىز يۈز تۇرانە بولۇشمىدۇق. ئۇنىڭ ماڭا قارايدىغان يۈزى، مېنىڭ ئۇنىڭغا قارايدىغان كۆزۈم يوق ئىدى. ئۇ ئىپلاسلىقلارنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتىشىم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئوماق ئىككى بالامنى ئالدىمدا قويۇپ چوڭلارنىڭ نەسىھەتلىرى-نى ئويلىنىپ كەتتىم. ھەرقانچە ئويلانساممۇ ئۇنىڭ ئاشۇ ئېقى چوڭ ۋاپاسىز كۆزنگە (ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئېقىنىڭ چوڭلۇقىنى ئاشۇ كۈنى تۇيۇقسىز ھېس قىلغانىدىم) مەڭگۈ قارىشىمنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى-نى ھېس قىلدىم. ئىشلار ئاق قەغەز بىلەن تېزلا ھەل بولدى. ئاق قەغەز ھەممە نەرسىلىرىمنى، مېنىڭ تۇرمۇشتىن كۈتكەن بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى، ئاجايىپ تاتلىق گۈزەل ھېس - تۇيغۇلىرىمنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاك - پاكىز يوقىتىۋەتتى.

— ئانا! دادام خوتۇن ئالدىغان بوپتۇ.

ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ كېلىشىم بىلەنلا قىزىم قۇچىقىم-غا يامىشىپ شۇ گەپنى قىلدى. دەماللىققا تاسادىپىيلىق ھېس قىلغان-دەك تۇرۇپلا قالدىم.

— قۇرۇق گەپ قىلماڭ، كىم دېدى بۇ گەپنى سىزگە؟

— چوڭ ئانام شۇنداق دەپ، بېشىمنى سىلاپ بىرمۇنچە يىغلىدى. مېنىڭ دادام يوق بولىدىغان بولدى ھە ئانا،— دادام ئالغان خوتۇن ئاكامنى ئۇرىدىكەن، بىز ئۇنى ئەكېلىۋالايلى! ماقۇل دەڭ ئوبدان ئانا!

يۈرىكىم شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولدى. قىزىمغا قارىغىنىمچە زۇۋانسىز تۇرۇپ كەتتىم. يۈرىكىمدە ئانىلىق ھېسسىياتىم شۇنداق تاشقىنلىدىكى، قىزىمنى باغرىمغا باسقىنىمچە تۆكۈلۈپ يىغلاپ كەتتىم. ئوغلۇم مەندىن خېلى بۇرۇنلا ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئاشۇ ئىشتىن كېيىن مەن ئاچچىقىمدا ئۇنى دادىسىغا تاشلاپ قويۇپ، قىزىمنى ئېلىپ ئاتا - ئانامنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنىدىم. ئۇنى كۆرگۈم كەلسىمۇ چىداپ تۇرۇپ كۆرگىلى بارمىدىم. ئاجرىشىدىغان چاغدا دادىسىغا بۆيرۇلغان ئوغلۇمغا چىدىماي باغرىمغا بېسىپ يۈم - يۈم يىغلىدىم. ئەمما، ئۇ كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپلا تۇردى. كىچىك چاغلىرىدا بىر يەرگە ماڭسام «ئانا!» دەپ يىغلاپ ئەگىشىپ تۇرىدىغان ئوغلۇم مەتتىدە يىغلاپمۇ تاشلىمىدى ۋە كەينىمدىن ئەگىشىپمۇ قويمىدى. كېيىن مەكتەپكە ئىزدەپ بېرىۋىدىم، نېمىشقىدۇر ئالدىمدىن قېچىپ كەتتى. يۈرىكىم مۇزلىغاندەك بولدى. ئادەملەر ئارىسىدا ئۆزئارا مېھىر - مۇھەببەتنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئوغلۇمغا بىر مەزگىل قارىمىغىنىم بەدىلىگە ئۇنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىدىن، «ئانا!» دەپ تاتلىق چاقىرىشىدىن ئايرىلىپ قالغىنىمنى ھەربىر ئويلىسام تومۇر - تومۇرلىرىم مۇزلايدۇ، نەچچە كۈنگىچە كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمايدۇ.

— ماقۇل قىزىم، ئەتە سىزنى ئاكىڭىزنىڭ قېشىغا ئاپىراي، ئۇنى بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى دەڭ، ئۇنى بىز ئەكېلىۋالايلى، ئۈچىمىز ئايرىلماي بىللە تۇرايلى. ئۇ چوڭ بولغاندا بىزنى باقىدۇ، قوغدايدۇ، ئۇ يېنىمىزدا بولسا بىز ھېچنېمىدىن قورقمايمىز.

قىزىم ئالللىبۇرۇن باغرىمغا يېپىشىپ ئۇخلاپ كەتكەنىدى. مەن

ئۇنىڭغا يىغلاپ تۇرۇپ يەنە نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلدىم. ئانام چاقىر-غاندىلا كۆز يېشىمنى سۈرتۈپ ئېسىمگە كەلدىم.

* * *

ئۇنىڭ تويى كۈنىدىن ئاللىبۇرۇن خەۋەردار بولغانىدىم. خىزمەت-داشلىرىمنىڭ مېنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ پەس ئاۋازدا كۇسۇلدىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرىمەن. بۇگۈن قەستەن كۆپرەك ئىش پىلانلىدىم. ئىككى سائەت دەرس ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، تەكشۈرىدىغان تاپشۇرۇقلارنى ئالدىمغا يايدىم، كېيىنكى ھەپتىسىگە دەرس تەييارلىدىم.

— يۇرۇڭ، بىللە قايتايلى!

مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىققاندىن كېيىنلا ئۆزۈمنىڭ «قارا كۆز» گۈلنار بىلەن بىللە قالغىنىمنى سەزدىم. ھەددىدىن زىيادە بۇ ياسانچۇق ئايالنى ئانچە ياقتۇرمىغىنىمغا قارىماي ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرمىدىم، كۆڭلۈم ئادەم خالاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغىنىمچە ۋېلىسىپىتىمنى يېتىلىدىم.

— زۇمرەت، ئېرىڭىزنىڭ كىم بىلەن توي قىلغانلىقىنى بىلەم-سىز؟ — ئۇنىڭ بۇ سوئالى تولىمۇ ئادەتتىكىچە ھەم كۆلكىلىك تۇيۇل-دى. مەن بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ بۇگۈننىڭ ئۆزىدىلا ئاجايىپ سالماق، تەمكىن بولۇپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.

— ياق، بىلمەيمەن، بىلىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— بىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، ئەمما بىلىپ قويسىڭىز زىيىنى يوق. ئۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم بولىدۇ، ئۆزى قەۋەتلا چىرايلىق، شوخ نەرسە. ئاڭلىسام، ئانچە كۆپ تويلۇق ئالدۇرمايلا تېگىپتۇدەك. ھازىر قىزلار ئەقىللىق بولۇپ كەتتى، تەييار تۇتۇقلۇق ئۆيى بار ئەرلەرنى قولدىن بەرمەيدۇ. قاراڭ، بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىنى، ئېرىڭىز خېلى بىلىملىك زىيالىي تۇرۇپ، ئۇياقتىن ئاجرىشىپ، بۇياقتىن سىزگە

كۆز- كۆز قىلغانىدەك خوتۇن ئېلىنىشلىرىنى، ئەسلىي سىز ئاۋۋال توي قىلىۋالسىڭىز ياخشى بولاتتى.

— شۇنداقمۇ؟ — ئۇنىڭ سۆزلىرى ئىختىيارسىز كۆلكەمنى قىستىدى، — مەن ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىشنى پەقەت ئويلىماپتىمەن. بەسلەششەكمۇ ئۇنى يېڭەلمەيمەنغۇ دەيمەن.

— راست دەيسىز، توي دېگەن ئويۇن ئەمەسقۇ بەسلەشكىلى. مەنمۇ تۇنجى ئېرىمدىن ئاجرىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىمەن دەپ ئىككىنچىسى بىلەن تازا ھەشەمەتلىك توي قىلدىم. ھەي قويۇڭ، ئايال كىشى قانداقلا بولمىسۇن كۆزىنى يۇمۇپلا تۇنجىسى بىلەن ئەپ ئۆتكىنى ياخشى ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئاجرىشىپ كەتتىم، ئەمدى توي قىلىش ھەم ئاجرىشىشلاردىن قورقمايدىغان بولۇپ كەتتىم. ئەرلەر بىلەن تولا ئارىلىشىپ ئەرلەرگىمۇ ئىشەنمەس بولۇپ قالدىم. چىرايلىق خوتۇن - بالىلىرى بار ئەرلەرنىڭ كەچلىرى قانداق يەرلەردە نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغانلىقىنى سىز بىلمەيسىز. بەزىدە ئاشۇنداقلار بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ، ئىختىيارسىز ئۇلارنىڭ ئاياللىرىغا ئىچىم ئاغرىپ قالىدۇ. بۇ دۇنيادا ئەرلەر ئەڭ شەخسىيەتچى كېلەمدىكىن دەيمەن، بولۇپمۇ ئۇلار ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆز نەپسىدىن غالىب كېلەلمەيدىكەن. سىزنىڭ ئائىلىڭىزنى مىسالغا ئالايلى، ئېرىڭىز بىلىملىك، ئۆز ئىززەت - نەپسىگە ھۆرمەت قىلىدىغان ئەر. سىز شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئاياللار كېسىلى بىلەن داۋالىنىدىڭىز، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھەرقانداق ئەر ئاشۇنداق قاملاشمىغان ئىشنى قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. ئەگەر سىز بۇ ئىشنى داۋراڭ سېلىپ يېيىۋەتمىگەن بولسىڭىز...

— بولدى قىلىڭ! — ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىغۇم كەلمەي گېپىنى بۆلۈۋەتتىم. بىر خىل ئاچچىق تۇيغۇ پۈتۈن بەدىنىمگە تاراپ كەتكەندەك بولدۇم.

— قاراڭ، ئۇلار توي كۆچۈرۈپ مېڭىپتۇ.

قېرىشقاندەك چوڭ يول ئۈستىدىلا ئۇلار توي كۆچۈرۈپ ماڭغان

ماشىنا سېپى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغانىدۇق. ئۆزۈممۇ سەزمىگەن هالدا مۇنداقلا قاراپ سالدىم. دەماللىققا كۆزۈمگە چېلىققىنى ئاق بادام دوپپا، مەيدىسىدىكى قىزىلگۈل، ئۇنىڭ يېنىدا ئاپئاق توي كۆڭلىكى كىيگەن قىز... ماشىنا يېنىمىزدىن بەكلا تېز ئۆتتى. ئۇنىڭ مېنى كۆرمىگىنى ئېنىق، يېنىدا يېڭى خوتۇنى تۇرغان يەردە كۆزىگە هېچ نەرسە كۆرۈنمەس ئۇنىڭ. مەن تويۇم بولغاندا توي كۆڭلىكىمۇ كىيمىگەنىدىم. ئۇ چاغلاردا توي كۆڭلىكى كىيىش ئانچە ئومۇملاشمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىكلىكىمدىن بولسا كېرەك، چىرايلىقراق ياسىنىشمۇ ئېسىمگە كەلمەپتىكەن. هازىر قىزلار توي ئۈچۈن ئالايىتەن توي كىيىمى بۇيرۇتىدىكەن، مەخسۇس گىرىمچىك تەكلىپ قىلىپ بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەن. ئاپئاق كۆڭلەك شۇنداق يارىشىدىكەنكى، قىزلارنىڭ هاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل، چىرايلىق بولغان كۈن توي كۈنى دېسە لاپ گەپ بولماس دەيمەن. مەن تويلارغا بارسام، تويى بولغان قىزلارنىڭ گۈزەللىكىگە مەستلىكىم كەلسىمۇ، ئىختىيارسىز هالدا قىزنىڭ كۈلكىدىن نۇرلانغان چېهرىدىن يەنە قانداقتۇر هەسرەت بۇلۇتلىرىنى كۆرگەندەك بولىمەن. ئاق رەڭگە بولغان خاتا تۇيغۇنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ئاق كۆڭلەك ئىچىدىكى قىز ماڭا نېمىسىندۇر يوقىتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقاندەك، باللىق، ياشلىق چۈشلىرى بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

ماشىنا سېپى داقا - دۇمباق چېلىپ، ئاستا ئۇزاپ كېتىۋاتاتتى. شۇ مىنۇتتا يۈرىكىمدە شۇنداق چۈشىنىكسىز تۇيغۇلار بار ئىدىكى، ئۆزۈمنىڭ يول بويىدا ۋېلىسىپىتنى تۇتۇپ تۇرغىنىم هەر هالدا ئېسىمدە ئىدى. گۈلنار بىلەن خوشلىشىپ مېڭىۋىدىم، ئۇ ۋېلىسىپىتنىڭ رولىنى تۇتۇۋالدى.

— توختاپ تۇرۇڭ! مەن بۈگۈن سىزنى بىر يەرگە ئاپىرىمەن. قورقۇپ كەتمەڭ يەنە، پەقەت رېستورانغا كىرىپ تاماق يەپ، مۇزىكا ئاڭلاپ چىقىمىز.

— ياق، مەن بارمايمەن، ئۆيگە قايتمىسام بولمايدۇ.

— مۇشۇ ھالەتتە ئۆيگە قايتسىڭىزمۇ ئۆيىڭىزنىڭ تۆت تېمىغا يەم بولىسىز. ئەڭ ياخشىسى، سىز بۇگۈن مۇزىكا ئاڭلاپ، كۆڭۈل ئېچىپ ئۆتكۈزۈڭ. ئىككى بالىڭىزنىڭ دادىسى بولمىش ئېرىڭىز سىزگە كۆز - كۆز قىلىپ خوتۇن ئېلىپ يۈرسە، سىز بىرەر قېتىم رېستورانغا كىرىپ ئويناپ چىقسىڭىز نېمە بوپتۇ. يۈرۈڭ، ۋاي يۈرۈڭە!

مەن ئۇن - تىنسىز ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. كاللام قۇپقۇرۇق ئىدى. مۇشۇ تۇرقۇمدا كىم مېنى نەگە باشلىسا مېڭىشىم مۇمكىن ئىدى.

— قېنى قىزلار، مەرھەمەت!

رېستوران ئالدىدا بىزنى كۈتۈپ تۇرغان دوغىلاق يىگىتنى گۈلنار «يىگىتىم» دەپ تونۇشتۇردى. «كارۋان رېستورانى» دېگەن ۋۇۋىسكىدىن ئەيمەنگەندەك تۇرۇپ قالدىم. توساتتىن بۇ ياسانچۇق ئايال بىلەن بىرگە تۇرۇشنى بىئەپ ھېس قىلىپ قالدىم. ئەمما، قايتىپ كېتىشنى ئويلاپ بولغۇچە ئۆزۈمنى رەڭگارەڭ نۇرلار ئارىسىدا كۆردۈم.

بىر جوزىدا ئولتۇرغانلار مەن ناتونۇش مېھمانلار ئىدى. ئەزەلدىن تارتىنچاقلىقىم بۇ سورۇندا يەنە ئۆزىنى كۆرسەتتى. ئۆزۈمنى بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك، يات ھەم تار بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.

— ئېلىڭ، تارتىنماڭ!

گۈلنار يېنىمدىلا ئولتۇراتتى. باشقىلار تاماق يېگەچ ئاللىقانداق پاراڭلارغا چۈشكەندى. مەن مۇزىكا ئاڭلىغاچ ئەتراپىمغا قاراۋېتىپ نېرۋىلىرىمنىڭ بارا - بارا بوشىشىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. رېستوران ئىچى ھەقىقەتەن باشقىچە بىر دۇنيا ئىدى. بۇ يەردە ھەممە نەرسە — مۇزىكا، تاماق، ئەر - ئايال، مۇڭ - ھەسرەت، قىزغىنلىق، سەۋدايىلىق... ھەممىسى بار ئىدى. كىشىلەر بۇ يەردە تاشقى دۇنيانى، ھەتتا ئائىلىسىنىمۇ ئۇنتۇپ ئوينايتتى، ئىچەتتى، مۇزىكا دۇنياسىغا غەرق بولاتتى. رەڭگارەڭ چىراغ ئاستىدا ساراڭلاردەك چۆرگىلەيتتى، سەكرەيتتى، پۇخادىن چىقاتتى.

سورۇندىكىلەر خېلىلا قىزىپ قالغانىدى. ھەممىدىن بەكرەك گۈلنارنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ باشقىچە خۇشخۇيلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ باياتىندىن بېرى ئەرلەرنىڭ ماڭا تەڭ-لىگەن رومكىلىرىنى ماڭا ۋاكالىتەن ئىچىۋەتتى. ئەگەر ئۇنداق بول-ماي بەكرەك زورلاشقىنىدا ئىدى، ئاللىبۇرۇن گۈلنارنىڭ يۈزىنىمۇ ئايىمايلا سورۇندىن چىقىپ كەتكەن بولار ئىدىم. ئاياللارنىڭ ھاراق ئىچىشىنى ياقتۇرمايتتىم. ئۇلار جوزىغا ھاراق بوتۇلكىسىنى تىكلە-گەندىلا بۇ يەرگە كىرگىنىمگە پۇشايمان قىلىشقا باشلىغانىدىم. ئۆ-زۈمنى ئىلاج بار ناخشا - ئۇسسۇللاردىن ھوزۇرلىنىۋاتىمەن دېگەن تۇيغۇ بىلەن بەزلەۋاتقىنىمغا قارىماي، ئىچ - ئىچىمدىن بىرخىل تىترەك چىقاتتى.

— بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، مۇشۇ بىر رومكىنى ئىچىۋېتىڭە!

باياتىندىن بېرى مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي، تولا ھاراققا زورلاپ بىزار قىلىۋەتكەن، يۈزلىرى قىپقىزىل، كۆزلىرى سېمىزلىكتىن يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان بۇ ئەرنىڭ قوللىرى ئالدىمغا، ھەتتا ئاغزىمغىچە سوزۇلۇپ كەلدى. گۈلنارنى «يىگىتى» ئاللىبۇرۇن تانسىغا تارتىپ كەتكەنىدى. ھاراقنىڭ قاڭسىق پۇرىقىدىن ئۆنگكسىزمۇ كۆڭلۈم ئاي-نىپ تۇراتتى. چاققانلىق بىلەن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ، قولىنى بوشلا ئىتتىرىۋەتتىم.

— كەچۈرۈڭ، مەن ئىچەلمەيمەن.

— ئەمىسە تانسا ئوينايلى!

دۇنيادا شۇنداق بىزەڭ ئادەملەرمۇ بار ئىكەن. ئىلاجسىز ئورنۇم-دىن تۇردۇم. تانسىنى خېلى ياخشى ئوينايتتىم، ئەمما چۆرگىلەپ، شوخ ئوينايدىغان بۇ مۇزىكىنى مۇشۇ كالامپاي ئادەم بىلەن تۈگەتمە-كىنىم تولىمۇ تەسكە چۈشىدىغاندەك قىلاتتى. بىردىنلا كاللامغا رېستو-راندا تونۇش بىرەرسىمۇ بارمىدۇ؟ مېنى كۆرۈپ نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟ دېگەن خىيال كېلىشى بىلەنلا پۇت - قولۇم تېخىمۇ تىترەشكە باشلىدى. ئۆزۈمنى شۇنچە تارتىپ ئويناۋاتقىنىمغا قارىماي، قوپال

چۆرگىلەشتىن بېشىم قېيىپ، ئۇ ئەرگە سەل يۆلىنىپ قالغان بولسام كېرەك، ئۇنىڭ قوللىرى سەل ھەددىدىن ئېشىپ، بېلىمنى سەل چىڭراق قورۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ھاراق پۇرى-قى، پۇشۇلداپ تىنىشلىرى كۆڭلۈمنى شۇنداق ئاينىتتىكى، ئۇنىڭ ھەددىدىن ئاشقان قىلىقى قوشۇلۇپ بىردىنلا ھۆ تۇتتى. ئۇنىڭ قولى-دىن يۇلقۇنۇپ چىقىپلا ھېچنېمىگە قارىماي سىرتقا چىقىپ كەتتىم.

ئاسماننى ئاللىبۇرۇن يۇلتۇزلار قاپلاپ كەتكەنىدى. رېستوران ئالدىدا كۈچلۈك چىراغ يورۇقىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ دەرھال چەتكە ئۆتتۈم، تېخىچە كۆڭلۈم ئاينىپ تۇراتتى. بىردىنلا ئىچ - ئىچىمدىن يىغا قاپسىدى، يول بويىدىكى چىنارغا يۆلەنگىنىمچە يىغلاپ تاشلىدىم. بۈگۈن قانداق كۈن بولغىيتتى؟ نېمىشقا ئېزىپ - تېزىپ ئۆزۈم ياقتۇرمايدىغان ئادەملەر توپىغا قېتىلىپ قالدىمكىن؟...

— زۈمرەت! زۈمرەتمۇسىز؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز بۇ يەردە؟

ناتونۇش ئاۋاز، ناتونۇش ئەردىن چۆچۈپ كەينىمگە داجىدىم، ئۆكسۈشلىرىم تېخىچە بېسىلمىدى.

— يىغلاۋاتامسىز؟

يەنە شۇ ناتونۇش ئاۋاز، بىردىنلا كۆڭلۈمگە قورقۇنچ چۈشتى. بۇ ئادەمنىڭ ئالدىدا دەرھال قېچىپ كېتىشنى ئويلىدىم. ئەمما، قورقۇنچ بىلەن تەڭ پۇت - قولۇمدا جان قالمىغانىدى.

— زۈمرەت مېنى قاراڭغۇدا ئېنىق كۆرەلمىدىڭىز ھەقاچان، مەن ئەسقەر. ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان چاغدا سىز بىلەن ئۇرۇشقان ھېلىقى جېدەلخور ئەسقەر.

كۆز ئالدىمدىكى بەستلىك گەۋدىنى راستتىنلا تونۇدۇم. يۈرىكىم بىر ئاز ئورنىغا چۈشتىيۇ، بىردىنلا يەنە ئۇنىڭ ئالدىدىن قېچىپ كەت-كۈم كەلدى. بۈگۈنكى بۇ ھالەتتە ھەرقانداق تونۇش - بىلىشنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشنى خالىمايتتىم. مەن كۆز يېشىمنى سۈرتۈش-نىمۇ ئۇنتۇپ، ئۈنسىز قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم.

— ئاغىنىلەر بىلەن رېستوراندا ئولتۇرغانىدۇق. سىز كىرگەن

چاغدا كۆرگەن، قارىسام سىز... سىزنى قانداق قىلىپ شۇنداق خەقلەر بىلەن كىرىپ قالغاندۇ دەپ ئويلىدىم. سىز بىر نەرسىدىن خاپا بولغاندەك چىقىپ كەتتىڭىز. شۇڭا، مەن كەينىڭىزدىن چىقتىم.

مەن ئۇچۇن ھەقىقەتەن ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولغانىدى. ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت كۆرۈشمىگەن بۇ ساۋاقدىشىم بىلەن بۇنداق ھالەتتە كۆرۈشۈپ قېلىشىمنى پەقەت ئويلىمىغانىدىم.

— ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويايمۇ؟

بېشىمنى لىڭشىتتىم. ۋېلىسىپىتىمنى گۈلنار بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويغانىدى. ئۇنى ساقلىغۇمۇ يوق ئىدى.

كېچىنىڭ ئادەمگە نەشتەردەك سانجىلىدىغان سوغۇقى بار ئىدى. كوچىلۇك شامال يوپۇرماقلارغا رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇرۇلۇپ، ئۇلار-نى بەرگىلىرىدىن ئۈزۈپ يىرقىرىتىپ يەرگە تاشلايتتى. غازاڭلارنىڭ نالە - پەريادىدىن ھاسىل بولغان شاۋقۇن ئەتراپنى قاپلىغانىدى. جىمىرلاپ چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئارىسىدا ئېسىلىپ تۇرغان ئاي مەيۇس، غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئاينىڭ يۈزلىرىدىكى داغلار ئۇنىڭ ھۆسنىگە تەسىر يەتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە ۋۇجۇدىدىن تەلپۈ-نۈش، ئادەمنىڭ يۈرەك - باغرىنى تىترىتىدىغان مۇڭ - ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىدى.

ئەسقەرنىڭ ئايغىدىن قاتتىق ئاۋاز چىقاتتى. ئۇنىڭدىن ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرىدىغان ئەركەكلەرگە خاس يات پۇراق كېلەتتى. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم يات بىر ئەركەك بىلەن قاراڭغۇدا يالغۇز مېڭىشىم بولغىنىغا قارىماي، ئۆزۈمنى ئۇنىڭ يېنىدا شۇنداق بىخەتەر سېزەتتىم. ئۇ مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆزۈم تولىمۇ ياقتۇرىدىغان ساۋاقدىشىم بولغىنى ئۈچۈن شۇنداقتۇر بەلكىم.

— سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزدىن بۇرۇنلا خەۋەر تاپقانىدىم. سىزنى بىرقانچە قېتىم يولدا ئۇچراتتىم، بۇرۇنقىدەكلا قارىماي ئۆتۈپ كەتتى-ڭىز، ھەي، ئىسىت دەيمەن، سىز ئۆز ۋاقتىدا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن بولسىڭىز گەپ يوق ئۆتۈپ، ئەڭ داڭلىق ئالىي

مەكتەپكە بارالايتتىڭىز. ئۇ چاغدا سىز ئەكرەم مۇئەللىمگە تېگىمەن دەپلا...

ئۇنىڭ قوپاللىقى يەنىلا ئۆزگەرمىگەنىدى. ئۇ ئەينى چاغدا قولىنى شىلتىپ مېنى تازا تىللىغانىدى.

— سىز ئەقلىڭىزدىن ئېزىپسىز، ساراڭ بوپسىز، ئەرگە تېگىمەن دەپلا مەكتەپتىن چىقىۋالغان بارمۇ؟ سىزنىڭ ئەقلىڭىز نەگە كەتتى؟ بۇگۈندىن باشلاپ سىزدەك ساۋاقدىشىم يوق.

ئۇنىڭ قوپال سۆزلىرىدىن مەن نەچچە كۈنگىچە بېشىمنى يوتقانغا پۈركۈپ يىغلىغانىدىم.

شۇ ئوقۇغۇچىلىق دەۋر ئاجايىپ گۈزەل، بىغۇبار چاغلار ئىكەن. ئەسقەر شۇ چاغلاردىمۇ سىنىپ بويىچە ھەممىدىن ئېگىز، ئاچچىقى يامان، تۈرگۈن ئىدى. ئۇ سىنىپ باشلىقى بولغاچقىمۇ ھەممە باللار ئۇنىڭدىن تەپ تارتاتتى. ئۇنىڭ قىزىق قىلىقلىرى بار ئىدى. سىنىپتىكى قىزلارنىڭ باشقا سىنىپتىكى ئوغۇللار بىلەن ئارىلىشىشىنى قاتتىق چەكلەيتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ئوغۇل باللىقى ماڭا ياقاتتى. سىنىپتىكى ئوغۇل - قىزلار ئاجايىپ ئىناق ئىدۇق. ھېيت-بايراملاردا توپلىشىپ ئويۇنغىلى چىقاتتۇق. ئوغۇل - قىزلار جۈپ - جۈپ بولۇپ ۋېلسىپىتكە مىنگەشكىنىدە ئەسقەرنىڭ ۋېلسىپىتىنىڭ كەينى تەبىئىي ھالدا ماڭا قالاتتى. دەسلەپكى يىللار قىزىقىش، قىزغىنىش، ئويۇن - كۈلكە، نازۇك، سىرلىق خىيال بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. شۇ يىلى يېڭىدىن ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلگەن بىر مۇئەللىم بىزگە ئەدەبىيات دەرسى ئۆتتى. كۆزلىرى قاپقارا ھەم چوڭ كەلگەن بۇ ياش مۇئەللىمنىڭ ئاجايىپ يېقىملىق قاراشلىرى، ئۆرغۈلىرى دانە، تولىمۇ سالماق ھەم جاراڭلىق ئاۋازى بار ئىدى (ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئېقى يوغان ئىكەنلىكىنى ئۇ چاغلاردا سەزمىگەنىكەنمەن). مەن مۇئەللىمگە ئىختىيارسىز ئامراق بولۇپ قالدىم. مۇئەللىممۇ ماڭا باشقىچە ئامراقلىق قىلىۋاتقاندەك، دەرس سۆزلىگەندە كۆزىنى پەقەت ماڭىلا تىكىپ سۆزلىگەندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى، چىرايى، قول

ھەرىكەتلىرى شۇنچىلىك ئېنىق ئېسىمدە قالاتتىكى، بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ
ھەيران ئىدىم. بىزنىڭ ئاجايىپ پاك ئۇستاز- شاگىرتلىق مۇناسىۋىتى-
مىز ئانچە ئۇزاق داۋاملاشمىدى. مۇئەللىمنىڭ بىر كۈنى مېنى ياتىقى-
غا چاقىرىپ ئاستا يېنىمغا كېلىپ، قولۇمنى تۇتۇپ يۈرىكىگە تاڭغى-
نى، ئاندىن لەۋلىرىمگە، يۈزلىرىمگە، چاچلىرىمغا سۆيۈپ تۇرۇپ
«سىز بەك چىرايلىق ئىكەنسىز، مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم»
دەپ پىچىرلاشلىرى مېنىڭ بارلىق ھېس - تۇيغۇلىرىمنى ئاستىن -
ئۈستۈن قىلىپ، باشقىچە يېڭى، گۈزەل بىر دۇنياغا باشلاپ كىردى.
شۇ كۈندىن باشلاپ مېنىڭ ھېسسىياتىم ۋە خىياللىرىمدا بىردىنلا
ئۆزگىرىش بولدى. مۇئەللىمگە بولغان بۇرۇنقى شاگىرتلارچە ئامراق-
لىق، ھۆرمەت ئورنىنى ئاشىقلارچە ياخشى كۆرۈش ئىگىلىدى.
— توينى تېزرەك قىلىۋېتەيلى! سىزنى شۇنداق ياخشى كۆرگەنى-
لىكىمدىن دائىم يېنىمدىن ئايرىلماي تۇرسىكەن دەيمەن، ئۆيدىكىلە-
رىڭىزگە ئەلچى كىرگۈزەي، ماقۇلمۇ؟
— مەن... مەن ئوقۇۋاتقان تۇرسام، ئۇنىڭ ئۈستىگە...
— بولدى، ئوقۇمايلا قويۇڭ. بىزنىڭ تويىمىز ئالدىدا ھەممە
نەرسە بىر تىيىن. سىز ئوقۇمايمەن دەپ تۇرۇۋالسىڭىزلا ئاتا -
ئانىڭىز سىزنى ھەرگىز زورلىمايدۇ. سىزنىڭ توي قىلغۇڭىز يوقمۇ؟
مېنى ياخشى كۆرمەمسىز - يا؟ ئوقۇشقا بېرىپ كادىر بولغۇڭىز
بارمىدى - يا؟ خاتىرجەم بولۇڭ ئومىقىم، تويدىن كېيىن مەن سىزنى
ئۆزۈم ئوقۇتۇپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىمەن. گېپىم گەپ، ئەمدىغۇ
رازى بولغانسىز؟!
ئۇنىڭ سۆزلىرى مەن ئۈچۈن مۇقەددەس ئىدى. مەن ئۇنىڭ
پىكرى بويىچە ئارتۇقچە ئويلىنىپ تۇرمايلا، ئوقۇش پۈتكۈزۈشكە ئىك-
كى ئاي قالغاندا ئۆزلۈكۈمدىن مەكتەپتىن چىقىۋالدىم. ئۆيدىكىلەر-
نىڭ ئاچچىقلىنىشلىرى، سىنىپ مۇدىرى خانىمنىڭ بىرمۇنچە چۈشەن-
دۈرۈشى، تەربىيە بېرىپ پايپېتەك بولۇشلىرى بىكارغا كەتتى.
ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا ئىككى ھەپتە قالغاندا تويۇم بولدى.

تويي كۈنى قىز ساۋاقداشلىرىم بىرەر سائەتچە ھەمراھ بولۇشۇپلا، تەكرارغا ئۇلگۈرمىسەك بولمايدۇ دەپلا چىقىپ كېتىشتى. مەن پەقەت ئىككى - ئۈچ قىزنىڭ ھەمراھلىقىدا تاكى يۈتكەپ ماڭغۇچە يېشىم قۇرۇمىدى. كېيىن ساۋاقداشلىرىم بىر - بىرلەپ ئوقۇشقا كەتتى. سىنىپ بويىچە يېرىمدىن كۆپرەك ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئالىي مەكتەپكە ماڭغىنىنى ئاڭلىغان كۈنۈم يۈرىكىم پىژىلداپ ئېچىشىپ، ئېرىمگە چاندۇرماي توپتوغرا بىر كېچە ئۈنسىز يىغلاپ چىققانىدىم.

ئەسقەر بىلەن بىللە كېتىۋېتىپ ئۆزۈمنى گويا سەككىز يىل ئاۋۋالقى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمگە قايتقاندەك ھېس قىلدىم. بىردىنلا تۇرمۇشۇمدا يۈز بەرگەن ئىشلار تولىمۇ غۇۋا، يىراقتا قالغاندەك، قاباھەتلىك چۈش ياكى يارىماس خىيالدەك تۇيۇلدى. كۆز ئالدىمغا ساۋاقداشلىرىم بىر - بىرلەپ كەلدى. ئۇلارنىڭ خاتىرەمدىكى ئوبرازى ئاجايىپ جۇشقۇن ھەم يېقىملىق ئىدى. ئۇلارنىڭ كۈلكىلىرىدە، ئويۇنلىرىدا، شوخلۇقلىرىدا سەبىيلىك، جۇشقۇنلۇق، تەبىئىيلىك بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ بىلەن ياناتتى. ئۇلارنىڭ ئوماق يۈزلىرىدە ھەرقاچان دېرىزىگە قويۇلغان گۈل تەشتەك-لىرىدەك يانغان يېشىل نۇر جىلۋە قىلاتتى.

— ساۋاقداشلار بىر يەرگە كەلسەكلا سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىـ-شىپ قالىمىز. سىزنىڭ تويىڭىز بولغاندا مەن قەستەن ئوغۇللارنى بارغىلى قويمىغانىدىم. تازا ئەسكىكەنمەنغۇ شۇ چاغدا. ساۋاغداشلار شۇلارنى ئۇنتۇماپتۇ. خالىسىڭىز ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇڭ.

— مەنمۇ ساۋاقداشلىرىمنى سېغىنىدىم.

— مەن سىزگە ئېيتسام، ئالىي مەكتەپ ھاياتىمۇ ئاشۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىغا يەتمەيدۇ. ئۇ چاغدىكى خىياللىرىمىز، ئار-زۇلىرىمىز شۇ قەدەر گۈزەل، پاك ئىدى. ئالدىمىزدا ھامان داغدام يول باردەك ھېس قىلاتتۇق. شۇنىڭغا ئوتتەك قىزىق ھەۋەس بىلەن تەلپۈنەتتۇق. ھېس - تۇيغۇلىرىمىز شۇنچە سىرلىق، نازۇك ئىدىكى،

ئۇنى بىراۋلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇيتتۇق. ئۇ چاغلاردا مەن سىزگە يوشۇرۇن كۆيەتتىم. سىزگە ئاشىقلىقىمنى شۇنچە يوشۇرغىنىمغا قارىماي ھەممەيلەن بىلىپ كەتتىيۇ، پەقەت سىزلا ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك تۇرۇۋالاتتىڭىز. سىزگە كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى ئېيتىشقىمۇ پېتىنالمىغانىدىم.

ئاي بۈگۈن ئاجايىپ يۇمىلاق چىققان بولۇپ، ئۇ يۇلتۇزلار ئارىسىدا سۆيگىنىنى كۈتۈۋاتقان مەلىكىدەك كۆرۈنەتتى. كېچە ئاسمىنى كىشىنى ئىختىيارسىز سېھىرلىك دۇنياغا باشلايتتى. قەلبىمنى رومانتىك ھېسلارغا تولدۇراتتى، گۈزەل ئەسلىمە قوينىغا ئىتتىرەتتى. مېنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىم گۈزەل ئەسلىمە تەسىرىدە ئاستا - ئاستا شامدەك ئېرىشكە باشلىغانىدى.

— مەنمۇ سىزگە ئامراق بولۇپ قالغانىدىم. دائىم سىز بىلەنلا دەرس تەكرارلىغۇم كېلەتتى. ئەمما، بۇ خىيالىمنى سىزنىڭ ھەم باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن بەك قورقۇيتتۇم، سىزدىن قاتتىق تەپ تارتاتتىم.

— ئىسىت، نېمىشقا شۇ چاغلاردا بىر - بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى بىلمەي يۈرۈشكەن بولغىيتتۇق. كېيىن سىز ئەكرەم مۇئەللىم بىلەن... ھەي، بۇنىمۇ مەن ھەممىدىن بۇرۇن سەزگەن، ئاچچىقىمدا ساراڭ بولايلا دەپ قالغانىدىم. سىز مەكتەپتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ماڭا تەكرارمۇ خۇشياقمىدى. شۇ چاغدا تاماكىغا ئۆگىنىپ قالغانىدىم. ھازىرغىچە تاشلىيالماي يۈرىمەن. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسەم مەيلى دەپ تەكرار ۋاقىتلىرىمنى لاغايلاپ ئۆتكۈزدۈم. ئەمما، ئىمتىھاندىن تەلىيىم كەلدى. ھازىر ئويلىسام، سىنىپ مۇدىرىمىزغا رەھمەت ئېيتقۇم كېلىدۇ. مۇئەللىم ئىمتىھاندا ئەتراپىمغا دەرستە ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىكەن. ئىمتىھان مەيدانىدا ئالدىمدىكى پارتىدا پەرھات، كەينىمدىكى پارتىدا سىزنىڭ دوستىڭىز گۈلزەپەر ئولتۇرغان يەردە، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىككە غەم يەپ نېمە كەپتۇ ماڭا. كېيىن ئالىي مەكتەپكىمۇ كەتتىم. سىزدىن يوشۇر-

مايمەن، ئالىي مەكتەپتە مەن بىرنەچچە قىزلار بىلەن يۈردۈم. مانا ھازىر ئۆيدىكىلەر توي تەييارلىقىنى قىلىۋاتىدۇ. ئەمما، ھازىر ئويلى-سام ھەرقانچە قىلساممۇ سىزنى ئۇنتۇيالماپتىمەن . سىزنىڭ تۇرمۇ-شىڭىزدىكى بەختسىزلىكىڭىزنى ئاڭلاپ يۈرىكىمنىڭ قانچىلىك دەرى-جىدە ئېچىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيسىز. ھەممىدىن ۋاز كېچىپ، يېنىڭىزغا بېرىپ تەسەللى بېرىپ، دەردىڭىزگە ھەمدەم بولۇشنى ئويلاپ كەتكەنلىرىمچۇ تېخى! ئەگەر... ئەگەر سىزگىلا مۇمكىن بول-سا، مەن ھەممىدىن ۋاز كېچىشكە رازى، راستتىنلا.

ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشى بىردىنلا توختىدى. ماڭا پۇتكۈل ئالەم سۈكۈت ئىچىدە قېتىپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. چىرايىمدىكى كۈلكە ئۆچتى. يۈزۈمنىڭ لاۋۇلداپ يېنىۋاتقانلىقىنى سەزدىم، پۇتلى-رىم دىرىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزىدە يېنىۋاتقان ئاجايىپ كۈچلۈك ھېسسىياتنى كۆرگەندەك بولدۇم. يۈرىكىمدىكى نازۇك تۇي-غۇلار بىردىنلا بەختىياشلىق بىلەن ئىسيان كۆتۈردى. دەل شۇ ۋاقىتتا چوڭ يولدا بىر ماشىنا غۇيۇلداپ ئۆتتى. يۈزۈمگە ئاچچىق شامال سانجىلىپ، مېنى سەگىتكەندەك بولدى. دەقىقە ئىچىدە ئېسىمگە كەلدىم.

— سىزگە كۆپ رەھمەت، مەن... مېنى قىزىم ئۇخلىماي ساقلاپ ئولتۇرىدۇ ھەقاچان، ئۆيۈمگىمۇ كېلىپ قالدىم، خوش!

ئاۋازىمنىڭ تىترەپ چىقىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئىتتىكلا خوشلاش-تىم. دەرۋازا ئالدىغا بېرىپ كەينىمگە قارىدىم. ئۇ جايىدا قىمىر قىلماي تۇراتتى، ماڭا ئۇ گويا ئۇنسىز چاقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، يۈرىكىمگە تاتلىق بىر سېزىم تارالغاندەك تۇيۇلدى. خىياللى-رىم بەختىياشلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ئۇچراشتى. يۈ-زۈم، ۋۇجۇدۇم لاپىدە ئوت ئالدى. بىردىنلا بەختىياش خىياللىرىمدىن نومۇس ھېس قىلدىم. بېشىمنى بۇراپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتىم. ئۆيگە كىرىپلا ياستۇققا يۈزۈمنى چاپلاپ ئىختىيارسىز كۆلۈمسىرىدىم. ئۇ-نىڭ گەپلىرىنى بىر - بىرلەپ ئويلاپ چىقتىم، ئاندىن خىيالىم يەنە

ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمگە ئۇچۇپ كەتتى. شۇنداق تاتلىق خىياللارنى سۈردۈمكى، كېچىچە يەنە شۇ ئەسقەرنى چۈشەپ چىقىپتىمەن.

ئەتىسى ئويغانغىنىمدا، مەن يەنە رېئاللىقتىكى تۇرمۇشۇمغا قايتقاندىم. يېنىمدا قىزىم تېخىچە پۈشۈلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. دېرىزىدىن چۈشكەن كۈن نۇرى تەسىرىدە ئۆي ئىچىدە ئىللىقىنە ھاۋا ئېقىمى چۆرگىلەشكە باشلىغانىدى. يوتقانغا پۈتۈمنى تىقىپ، قىزغۇچ شولىغا قارىغىنىمچە ھۇرۇنلۇق بىلەن ئولتۇرۇپ كەتتىم. ئاخشامقى خىياللىرىمنى، كېچە كۆرگەن چۈشۈمنى ئويلاپ كۈلگۈم كەلدى. ئەسقەرنىڭ سەل كەيپچىلىكتە قىلغان سۆزلىرىنىڭ تەسىرىدە شامدەك ئېرىپ، ئۆزۈمنىڭمۇ قالايمىقان سۆزلەپ سالغىنىمنى دېمەمدىغان؟ ئادەم كەيپچىلىكتە نېمىلەرنى ئويلىمايدۇ، دېمەيدۇ - ھە؟! ئەمما، قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىگە رەھمەت. ئاشۇ سۆزلەر يۈرىكىمدىكى بىچارىلىكنى سۈپۈرۈپ تاشلاشقا قادىر بولالىدىغۇ ئاخىر.

*　　　*　　　*

ۋاقىت كىشىگە ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدىكەن.

ھاياتىمغا ئويلىمىغان يەردىن ئىككىنچى بىر ئەر — ئەسقەر بۆسۈپ كىردى. ئۇنىڭ بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشلىرىم بىكار كەتتى. ئۇنىڭ سەمىمىي، قىزغىن ھېسسىياتى تەسىرىدە يۈرىكىمدىكى ئۈمىدسىزلىك، ئاچچىق تۇيغۇلارنىڭ، ئارتۇقچە خىيالارنىڭ بارا - بارا ئېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئۆزۈمدە ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى رەت قىلغۇدەك جۈرئەتنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. يۈرىكىمدە يېڭىدىن ئاجايىپ تاتلىق، بەختىيارلارچە ھېسسىيات پەيدا بولدى. ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسە بۆلەكچە يېقىملىق، گۈزەل ئىدى. توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ماشىنىلارنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىمۇ مەن ئۈچۈن جۇشقۇن، جانلىق مۇزىكا ئىدى. مۇھەببەت ھەم كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم

ياخشىراق ئويلىنىشىمغا توغرا كەلدى. مەندىكى ئالدىراڭغۇلۇق، قىزلىق ھېسسىيات ئاللىبۇرۇن يوقالغان. ئۇنىڭ ئورنىنى تولىمۇ تەمكىن، سالماق ھېسسىيات ئىگىلىگەنىدى. بۇ خىل ھېسسىيات ھامان مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات يولۇمنى چوقۇم قاتتىق ئويلىنىپ بېسىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدۇراتتى.

ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىزنىڭ توي قىلىشىمىزغا قوشۇلمايدىغىنى ئېنىق ئىدى. شۇڭا، مەن ئۇنىڭغا ئېنىقلا دېدىم.

— ئەگەر ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ رەسمىي رازىلىقىنى ئالمىسىڭىز، مەن سىز بىلەن ھەرگىز توي قىلالمايمەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، چوڭلارنى چوقۇم قايىل قىلىمەن. ئۇلار مېنى ئۆيلەشكە كۆزى تۆت بولدى دەڭە! — ئۇ ماڭا شۇنداق دەپ ۋەدە بەردى.

توپتوغرا بىر ئايدىن كېيىن ئۇنىڭدىن خۇش خەۋەر ئاڭلىدىم. ئۇ ئۆيدىكىلەر بىلەن تازا قاتتىق ئېيتىشىپتۇ، ھەتتا ئاشلىق ئېلان قىلىپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن دەپ قورقۇتۇپتۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئاچچىقى يامان دادىسى «بوپتۇ، سەن شۇنچە ياخشى كۆرگەن بولساڭ، سېنىڭ رايىڭغا باقايلى، گۈلنى سۆيگەن ئادەم تىكىنىنىمۇ سۆيىدۇ، ناھايىتى بىر بالىكەنغۇ، كېيىنكى تۇرمۇشۇڭغا تەسىر يەتمىسىلا بولدى» دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى. چوڭلارنىڭ كۆڭلىمۇ چۈشىنىشلىكقۇ؟ كىم بىلىدۇ، ئۇلار ئوغلىدىن قانچىلىك زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەن، ئوماق نەۋرىلىرىنى ئەركىلىتىپ بېقىشنى ئويلىغان بولغىيتتى؟

توي تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتىم. يۈرىكىمدە تەبىئىي خۇشاللىق بار ئىدى. ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسىدە بىر خىل تەبىئىي گۈزەللىك، ھەتتا شاماللاردىمۇ تەبىئىي بىر كۈي بار ئىدى.

توينىڭ ھەممە تەييارلىقلىرى پۈتۈپ، باغاقلارمۇ تارقىتىلىپ بولدى. توينىڭ ئەتە ئېنىق بولىدىغىنىغا قارىماي، يۈرىكىمدە چۈشىنىكسىز تۈيغۇلارنىڭ پەيدا بولۇۋاتقىنىغا ھەيرانمەن. ئەسقەرنى ئۈزد-

تىپ ھويلىغا چىقتىم. ئۇ ئەمدى ئەتە توي كۆچۈرىدىغانلار قاتارىدا كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئەتىلا كۆرۈشىدىغانلىقىم ئېنىق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا پەقەت قىيمايۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. تۇۋا، مەن نېمە بولدىمكىن؟ خۇددى كىچىك قىزلاردەك ئۇنىڭغا شۇنچىۋالا تارتىشىپ كەتكىنىم قىزىق، گويا ئۇ كەتسە كەلمەيدىغاندەك.

تۇيۇقسىز ئىشىك تۇۋىدە بويىنىنى قىسىپ تۇرغان ئوغلۇمغا كۆزۈم چۈشتى، «ئانا!» ئوغلۇم يىغلىغىنىچە ئېتىلىپ كېلىپ باغرىمغا تاشلاندى. يۈرىكىمدىكى ئانىلىق ھېسسىياتىم بىردىنلا تاشقىنلىدى. ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئوغلۇمنى چىڭڭىدە باغرىمغا باستىم. ياش يۇقى كۆزلىرىگە يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدۈم. بىردىنلا ئوغلۇمنى شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى بەكلا سېغىنىپ كەتكەنلىكىمنى، ئۇنى باغرىمغا بېسىشقا تەشنا بولۇپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئوغلۇم ئېسەدىگەنىچە سۆزلىدى:

— ئانا، مەن… مەن سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇراي. دادام… دادام ئۇكاڭنى يىقىتتۇەتتىڭ دەپ مېنى ئۇردى. ھېلىقى ئايال بالا تۇغقاندى. دادام شۇ بالىسىغا ئامراق. ئۇ ئايال «دادىڭىز سىزنى باقمايدۇ، ئۇكىڭىزنى باقىدۇ. ئانىڭىزنىڭ قېشىغا كېتىڭ» دېدى. ئوينايدىغان ماشىنامنى، قىلىچىمنى ئەمدى ئۇكىڭىز ئوينايدۇ، دەپ بەرمىدى. مەن ئەمدى ئۇ ئۆيگە ھەرگىز بارمايمەن. سىزنىڭ قېشىڭىزدا تۇردىمەن، ماقۇلمۇ ئانا!

يۈرىكىم پۇچىلىنىپ كەتتى. ئوغلۇم بىلەن تەڭ تۆكۈلۈپ يىغلاپ كەتتىم. ئۇنى يەنە بىر قېتىم باغرىمغا چىڭ بېسىپ، پېشانىسىگە سۆيدۈم.

— ماقۇل، تاتلىق بالام، بىز بىللە تۇرىمىز، بىز ئايرىلمايمىز، دادىڭىز سىزگە قارىمىسا، مەن ئۆزۈم باقىمەن.

ھويلىدا قانچە ئۇزاق تۇردۇمكىنتاڭ، بىردىنلا ئەسقەر ئېسىمگە كەلدى. توغرا، ئۇنى ئۇزاتقىلى چىقمىغانمىدىم؟ ئەتراپىمغا قارىدىم، ھويلىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئىش قىلىۋاتقانلار ئارىسىدىن ئۇنى تاپالمى-

دىم، ئىتتىكلا دەرۋازا ئالدىغا چىقتىم، نېرىدىكى قايرىلىدىغان دوق-مۇشتىن ئۇنىڭ گەۋدىسىنى غىل - پال كۆرگەندەك بولدۇم. «ئەس-قەر!» ئاۋازىمنى پەقەت ئۆزۈملا ئاڭلىدىم، ئەسقەر دەقىقە ئىچىدە كۆزۈمدىن غايىب بولدى. كۆتۈرۈلگەن قولۇم ھاۋادا بىر ھازا توخ-تاپ، ئاندىن پەسكە چۈشتى.

— توي كۆڭلىكىنى كىيىۋېلىڭا، بوگۇن سىزنىڭ خۇشاللىق كۈنىڭىز، كۈلۈپ - ئېچىلىپ ئولتۇرسىڭىزچۇ!

دوستلىرىمنىڭ، خىزمەتداشلىرىمنىڭ ھە - ھۇسى بىلەن توي كۆڭلىكىنى كىيدىم.

— پاھ، بەك چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭىز، مۇبارەك بولسۇن.

تەبرىك سۆزلىرىگە بېشىمنى بوشقىنە لىڭشىتىپ، كۈلۈمسىرەپ جاۋاب قايتۇردۇم. گىرىم قىلىش ئۈچۈن ئەينەكنى قولۇمغا ئېلىپ، تامدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايىمنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتىم. كېچىچە ئوغلۇمنى باغرىمغا بېسىپ نۇرغۇن ئىشلار توغرىسىدا ئويلىنىپ كۆز يۇماي چىققىنىم سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، پۈت - قولۇمنىڭ بوشى-شىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. يۈرىكىمدىكى ھېلىدىن - ھېلىغا پەيدا بولۇ-ۋاتقان ئەنسىز تۇيغۇلار نېمىدىندۇر بېشارەت بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلدۇ. ئاچام يېنىمغا كېلىپ قۇلىقىمغا پىچىرلىدى.

— سائەت تۆتتىن ئاشتى. توي كۆچۈرىدىغانلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدا؟ ئەسقەرنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟ مېھمان ساقلىماق ئاسان بولمىسا.

كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولدى. يامان خىيالدىن ئۆزۈمنى قاچۇ-رۇپ، بېشىمنى سىلكىپ قويدۇم. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ھويلىدا بىردىنلا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. ئانامنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. نېمە ئىشلىقىنى بىلگىنىمدە، يا كۈلۈشۈمنى، يا يىغلىشىمنى بىلمەي تامدەك تۇرۇپ قالدىم. مېھمانلارنى كۈتۈۋېرىش-تىن تاقەتسىزلەنگەن تۇغقانلار ئەسقەرنىڭ ئۆيىگە بىرسىنى ئەۋەتىپتۇ. بارغانلار يوغان قۇلۇپ سېلىنغان، تويدىن ئازراقمۇ ئەسەر بولمىغان

دەرۋازا ئالدىدىن يېنىپتۇ. قوشنىلىرىدىن سورىسا، «بۇ ئۆيدىكىلەر توي بولمايدىغان بولدى، دەپ قوشنا - قولۇم، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ، بۈگۈن ئەتىگەن تۇغقان يوقلاشقا ماڭدى» دېگۈدەكمىش.

ھەممە كۆزلەر ماڭا سوئال بىلەن تىكىلگەندى. مەن كۆزلەردىن كۆزۈمنى قاچۇرۇپ، ئۇچامدىكى ئاق كۆڭلەككە قارىدىم. بىردىنلا بۇ كۆڭلەككە ئۆچلۈكۈم كەلدى. ئاچچىقىمنى كۆڭلەكتىن ئالماقچى بولغاندەك، ئۆيگە كىرىپلا كۆڭلەكنى سىلكىپ - سىلكىپ سېلىپ تاشلىدىم.

* * *

كۆز ئالدىمدا كۆز يەتكۈسىز بىر يول سوزۇلۇپ ياتىدۇ. بۇ يولدا خۇشاللىقمۇ، ئازابمۇ، كۈلكىمۇ، يىغىمۇ يوقتەك بىلىنىدۇ. يۈرىكىمدە شۇنداق بىر ھېسسىيات باركى، ئۇنىڭدا قىلچىمۇ ئىنتىلىش، تەلپۈنۈش دېگەنلەر تېپىلمايدۇ. مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ ئانا ئىكەنلىكىمنى، مېنىڭ ھاياتلىقىمنىڭ باللىرىم ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ھەرقاچان ئانىلىق ھېسسىياتىمنىڭ، ئانىلىق مەجبۇرىيىتىمنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. باللىرىمنى ئويلىغىنىمدا ھەرقاچان يۈرىكىمدە ئانىلىق ھېسسىياتىم توختاۋسىز شاۋقۇنلايدۇ، ئەڭ گۈزەل، ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ پاك بىر مۇھەببەت ھارارىتى يانىدۇ. ئانىلىق مەجبۇرىيىتىمنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلىمەن.

بىز ئادەملەر بىر ئۆمۈر شۇنداق ھېسسىيات بىلەن مەجبۇرىيەت ئارىسىدا تېڭىرقاپ ياشايمىز. مەجبۇرىيەتنىڭ ئۆزىمۇ يەنىلا ھەممىدىن يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدىغان بىر خىل مۇھەببەت. مەجبۇرىيەتنى ھېس قىلالمىغان كىشىنىڭ يۈرىكىدە ساپ ھېسسىياتنىڭ بولۇشى ناتايىن.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئەسقەرنىڭ توي خەۋىرى

كەلدى. مەن پەقەت ئاچچىق كۈلۈپ قويدۇم. توي كۈنۈمدىكى ئاشۇ رەسۋاچىلىقنى، تويغا كەلگەن مېھمانلار، ئۇرۇق - تۇغقان ھەم دوستلىرىم ئالدىدا قاتتىق ئىزاغا قالغىنىمنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇيالمايمەن. كىم بىلىدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىز يەنە قايتا ئۇچرىشىپ قالغىنىمىزدا ئۇ بۇ ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ كېتەر. ئەمما، ئەمدى ئۇنىڭ يۈزىگە قارىشىمنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئېنىق. ئۇنىڭدىن رەنجىشكە ھېچقانداق ئاساسىم يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى ئويلىشىمنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى بىلىمەن. ھەممىسى ئېنىق، ئۇنىڭ يۈرىكى مېنى سىغدۇرالىغان بىلەن ئۆزى بىلەن ھېچقانداق قانداشلىقى بولمىغان ئىككى بالىنى سىغدۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئاشۇ كۈنى بەلكىم ئارىسالدى بولغاندۇ؟ ئوغلۇمنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى كېيىنكى تۇرمۇش يولىدىكى كۆلەڭگە بولۇپ تۇيۇلغاندۇ؟ ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان مەجبۇرىيەت ھەم ھېسسىيات ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقىغاندۇ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئارزۇسىنى، ئۇزۇن تۇرمۇش مۇساپىسىنى ئويلىغاندۇ؟

تۇرمۇشۇمدا يۈز بەرگەن ئىشلار كۆز ئالدىمدا زەنجىرسىمان چۆرگىلەشكە باشلىغاندا، كاللامدا سانسىزلىغان سوئال بەلگىسى پەيدا بولىدۇ. بۇلار توختىماي پىرقىراپ، يەنە ئاچچىق ئەسلىمىلەر، تېگى يوق خىياللار ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلدۇرىدۇ. مېنىڭ ئۇلارنى بالىلىرىمغا سۆزلەپ بەرگۈم كېلىدۇ. ئەمما، ئۇلار كىچىك، ئۇلار چوڭ بولغاندا چوقۇم كىشىلىك تۇرمۇش، ساداقەت، مېھىر - مۇھەببەت، ۋاپا توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىمەن.

مۇشۇ رەڭسىز دۇنيا ئادەملەرنىڭ يۈرىكىدىكى گۈزەل، ساپ تۇيغۇلارنى، مېھىر - مۇھەببەت، ۋاپا - سۆيگۈلەرنى ئاستا - ئاستا ئۇن - تىنسىز يۇتۇپ كېتىۋاتقان بولسا كېرەك. يۈرىكىم تولىمۇ بىچارە، خۇنۇك، مەيۇس بىر روھنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ تەلمۈرگىنىچە يېشىللىق، گۈزەللىك ئىزدەيتتى. تەبىئەتتىكى ئەڭ ساپ، پاك تۇيغۇلارنى ئىزدەيتتى. مېنىڭ يۈرىكىمدىمۇ ئاجايىپ گۈزەل،

نۇرلۇق بىر يېشىل ئارمان بار ئىدى. ئۇ تەبىئەتتىكى ئاشۇ يېشىل روھ بىلەن بىرلىشىپ، يىراق - يىراقلارغا قاراپ سوقاتتى.



# روھ سەپىرى

ئۇنى كۆرگەن ئاشۇ كۇندىن باشلاپ مېنىڭ روھىي دۇنيايىم ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. تېگى - تېگىدىن سۇزۇك ئاپئاق چىرايىدىن بىر خىل نازۇكلۇق، گۈزەللىك چىقىپ تۇراتتى. ئاشۇ چىرايلىق كۆزلەردىن ھېلىلا تاراملاپ ياش تۆكۈلىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. ئەمما، لەۋلىرى كۈلەتتى. بىرخىل چۈشىنىكسىزلا ھالەتتە سۇسقىنا جىلمىيىپ كۈلەتتى. چۇۋۇلغان چاچلىرىنى ئالدىغا چۈشۈرۈۋېلىپ ھېلى ئۆرۈپ، ھېلى چۇۋۇۋېتتى.

— بۇ ئايال نەچچە كۈن ئاۋۋال ئۆزىچە مەھەللىدە پەيدا بولۇپ قالدى. بىرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك ئۆيمۇئۆي كىرىپ يۈرىدۇ. قارىسام ئۆزى بەك چىرايلىق، ئۈز چوكانكەن. ئىچىم ئاغرىپ قالدى. بىچارىنىڭ قارىغۇچىسى يوق ئىكەن. خەقلەر بوزەك تاپمىسۇن دەپ مۇشۇ يەرگە ئەكەلدىم. ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلمەيمەن.

ئۇنى بىللە يېتىلەپ ئېلىپ كەلگەن دوغىلاققىنە ئايال شۇلارنى دەپ بولۇپلا گويا كەينىدىن بىرى قوغلىغاندەكلا غىپلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— توۋا، ئەجەب چىرايلىق ئايالكەن، كۆز تەگكەندەكلا، توۋا، — يېنىمدا قاراپ تۇرغان سېستىرا قىز ئىختىيارسىز ئۇھسىنىپ قويدى.

ئۇنى قوبۇل قىلايلى، — دېدىمەن ئىختىيارسىز ھالدا.

سېستىرا قىز ئۇنى قولىدىن يېتىلەپ ئېلىپ ماڭغاندا ئۇ كۆزىنى مەندىن ئۈزمىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ چىرايلىق بوزرەڭ كۆزلىرى ماڭا تونۇشتەكلا قىلاتتى.

ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ ياتقىغا كىردىم. ياتاققا ھالرەڭ پەردە تارتىلغانىدى. ئۇ كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتقىنىچە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

سىستىرا قىز يېنىمغا كېلىپ ئاستا شىۋىرلىدى:

— مۇنداق دېسەم كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، بايا ئۇنىڭ يۈز - قوللىرىنى يۇيۇپ، چاچلىرىنى تاراۋېتىپ ئۇنىڭغا قارىغىنىمچە ھەيران قالدىم. ئۇ سىزگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن، بولۇپمۇ كۆزلىرى، كۈلۈشلىرى...

بۇ سۆزدىن ئۆزۈمچىلا ئەندىكىپ كەتتىم. سىستىرا قىز چىراي ئىپادەمگە قاراپلا گېپىنى توختىتىپ جىم بولدى.

كۆن نۇرى دېرىزە پەردىسىدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ چېھرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۇخلاۋېتىپ چۈشىدە بىرى بىلەن مۇڭدىشىۋاتقاندەك پىسىڭىدە كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى بوۋاقنىڭ كۈلكىسىدەكلا غەمسىز ئىدى. نىمشقىدۇر ئۇنىڭ يېنىدا ئۇزاقراق تۇرغۇم كەلدى. سىستىراغا چىقىپ كېتىڭ دەپ ئىشارە قىلدىم.

ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋېتىپ ئىختىيارسىز سىستىرانىڭ ھېلىقى گېپىنى ئويلاپ قالدىم. ئۇنى تۇنجى كۆرگەن چېغىمدىلا ئۆزۈمگە شۇنچە تونۇش، يېقىن ھېس قىلغىنىم ئېسىمگە كەلدى.

ئۇ توساتتىنلا لاپپىدە كۆزىنى ئاچتى. مېنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك قىزىقسىنىپ ھاڭۋېقىپ قارىدى. ئۇنىڭ شۇ قارىشى ھەممىلا

سورىدى.

— بۈگۈن يېڭىدىن كەلگەن يەتتىنچى نومۇرلۇق ئۆيدىكى ئايال.

— ھە، ئۇ ئۇخلاپ قاپتۇ، — دېدى سېسترا قىز، — خۇددى ساپساقتەكلا، شۇنداق تاتلىق ئۇخلاۋاتىدۇ.

كۈندۈزدەك يورۇق ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ ئالدىمدىكى قەغەزگە 7 دېگەن رەقەمنى چوڭايتىپ يازدىم.

مەن 70 ياشتا ئۆلۈپ كېتىمەن.

كاللامدا تۇيۇقسىزلا پەيدا بولغان بۇ خىياللادىن ھەيران قالدىم.

37 يېشىمدا نىكاھتىن ئاجرىشىمەن.

47 يېشىمدا قايتا توي قىلىمەن. شۇ چاغدا ئوغلۇم 17 ياشقا كىرىدۇ.

57 يېشىمدا ئوغلۇمنىڭ تويىنى قىلىمەن. 67 يېشىمدا ئۆتكەن ھاياتىمدىن بىر ئەسلىمە يازىمەن. ...

بۇلارنى ھېلىقى ئايال ئۇيقۇچىلىقتا جۆيلۈگەندەكلا دېگەنىدى.

* * *

يەتتە ياش ۋاقىتلىرىمدا مەن شۇنچىلىك بەختىيار، غەم - قايغۇنى بىلمەيدىغان قىز ئىدىم. كىچىككىنە بوغچامنى ئېسىپ، ئۆيىمىز بىلەن مەكتەپ ئارىلىقىدىكى قۇمساڭغۇ يولدا مەلىكىلەردەك خۇشال قىيغىتىپ ماڭاتتىم. قۇملار ئايىغىم ئاستىدا غىرسلاپ مۇزىكىدەك يېقىملىق ئاۋاز چىقىراتتى. مەن يەتتە بالا ئىچىدە بىردىنبىر ئارزۇلۇق قىز ئىدىم. مومام مېنى مەلىكەم دەپ ئەركىلىتەتتى. مومامنىڭ ئاپئاق چاچلىرى كۈمۈش رەڭلىك مەشۇت يىپلارغا ئوخشايتتى. مومام ھەر كۈنى مېنى قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ تۈگىمەس چۆچەكلىرىنى باشلايتتى. مەن ئۇيقۇچان ھالەتتە يېتىپ مومام چۆچىكىدە ئېيتىپ بەرگەن مەلىكىلەرنى چۈشۈمدە كۆرەتتىم. ھەر يىلى ئەتىيازدا مومام ئۆيىمىز ئالدىدىكى قىزىل گۈللەردىن چىرايلىق گۈلچەمبىرەك ياساپ

چاچلىرىمنى چىرايلىق تاراپ بېشىمغا كىيدۈرۈپ قوياتتى. قىن-
قىنىمغا سىغمىغان ھالدا قىزىل ئەتلەس كۆڭلىكىمنى كىيىپ مەھەل-
لىنى تولۇق ئارىلاپ چىقاتتىم.

شۇ يىلى موماي شۇنداق تۇيۇقسىزلا تۈگەپ كەتتى. مەن موما-
دىن قانداقلارچە بۇنچە تېز ئايرىلىپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ سەزمەيلا
قالدىم. ئۇزاق ۋاقىتقىچە مومامنىڭ جېدىلىنى قىلىپ قەغىش قىلغى-
نىم ئېسىمدە. ھەرقانچە قەغىش قىلسامۇ موماي قايتىپ كەلمىدى.
ئانام موماڭنى توپا ئاستىغا كۆمۈپ قويدۇق، ھەممە ئادەم زاتى توپى-
دىن يارالغان، ھامان بىر كۈنى توپا ئاستىغا كىرىپ كېتىدۇ، دېدى.

— مەنمۇ توپا ئاستىغا كىرىپ كېتەمدىم؟— دەپ سورىدىمەن.

— ھەئە، سەنمۇ، مەنمۇ، داداڭمۇ، ھەممىمىز ھامان بىر كۈنى
توپا ئاستىغا كىرىپ كېتىمىز.

— قاچانلىققا؟

— 70 ياشقا كىرگەندە،— دېدى ئانام.

* * *

ئانام بىلەن دادام دائىم نېمە ئىشلار سەۋەبىدىندۇر ۋارقىراپ -
جارقىراپ ئۇرۇشۇپ قالاتتى. گويا موماي ئۆزى بىلەن تەڭ مېنىڭ
غەمسىز بالىلىقىمنى ئېلىپ كەتكەندەك، مېنىڭ يۈرىكىم ئاستا -
ئاستا ئەنسىزلىكتىن، قورقۇنچتىن دۈكۈلدەپ سوقىدىغان بولدى.
ئانام بىلەن دادام بىزنى قارىتىپ قويۇپلا تۈگىمەس جېدىلىنى باشلايت-
تى. جېدەلنىڭ ئاخىرى ئانامنىڭ ۋارقىراپ يىغلاپ ئۆينى بېشىغا
كىيىشى، دادامنىڭ ئېغىر خۇرسىنىپ ئولتۇرۇشلىرى، بىزنىڭ قور-
قۇپ كۆزلىرىمىز چەكچەيگەن، يىغلاپ لەۋلىرىمىز ئۈمچەيگەن ھالەتتە
ئاخىرلىشاتتى.

ئاكىلىرىم ئارقا - ئارقىدىن چوڭ بولۇپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق
بولىدىغىنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ، ئوقۇشقا كەتكىنى كېتىپ،

ئاخىرىدا ئۆيدە ئۇرۇشخۇمار ئاتا - ئانام بىلەن مەنلا قالدىم.

ئۇلارنىڭ توگىمەس جېدەل - ماجىرالىرىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيتتىم ھەم بىلىشنىمۇ خالىمايتتىم. ئاشۇ جېدەل - ماجىرالار سەۋەبىدىن مەن شۇنچىلىك يۇرەكئالدى بولۇپ كەتكەنىدىم. كۈن بويى ئاتا-ئانامنىڭ يەنە جېدەللىشىشىدىن ئەنسىرەپ دەككە - دۈككە ئىچىدە قورقۇپلا يۇرەتتىم. مەن بارا - بارا شۇنچىلىك جىمغۇرلىشىپ كەتتىم. تەڭتۇشلىرىم بىلەن ئارىلىشىشتىن، بىللە ئويناشتىن قاچاتتىم. يالغۇز يەردە ئولتۇرۇپ باش چۆكۈرۈپ كىتاب ئوقۇيتتىم.

* * *

17 ياشقا كىرگەندە مەن نازۇك، ھېسسىياتچان بىر قىز بولۇپ يېتىلگەنىدىم. يېزىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2- يىللىقىدا ئوقۇيتتىم. شۇ يىلى ئۆيىمىزگە غۇلجىدىن مېھمان كەلدى. بۇ مېھمانلار ئارىسىدا غۇلجىدىكى ھاممامنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى — نەۋرە ئاكام مەردان بار ئىدى. مومام ھايات چېغىدا ئۇلار ھەر يىلى دېگۈدەك كېلەتتى. شۇنچە يىللار ئۆتۈپ مېنىڭ خاتىرەمدە مەردان دېگەن ئاشۇ ئىسىملا ساقلىنىپ قالغانىدى. ماڭا نېمىشقىدۇر بۇ ئىسىم شۇنچە ئالاھىدە بىلىنەتتى، كۆز ئالدىمغا قاۋۇل، باتۇر بىر ئەرنىڭ سىيماسى كېلەتتى.

مەردانلار كەلگەن ئاشۇ كۈنى مەن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمىدىم، شۇ كۈندىن باشلاپ كۆزۈمدىن ئۇيقۇ قاچتى. ئۇنى چىن يۇرىكىمدىن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. ئۇلار بىزنىڭ ئۆيدە پەقەت بىر ئايلا تۇردى. بىر ئاي ئۆتۈپ، ئۇ ئۆيىمىز ئالدىدىكى قومۇلارنى غىرسلىتىپ دەسسەپ ئاستا - ئاستا ئۇزاپ كەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ سىيماسى، قاملاشقان بەستى، مەغرۇر مىجەزى، پېشانىسىگە چۇشۇۋالغان چاچلىرىنى پات - پات بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويۇشلىرىغىچە يۇرىكىمگە بەكلا چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنىدى.

بىر يىلدىن كېيىن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ ئورۇمـ-چىگە كەلدىم. ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەلگەن چېغىمدا گويا ئۇ مېنىڭ ئالىي مەكتەپكە كەلگىنىمنى ئاڭلىسىلا مېنى ئىزدەپ كېلىدىـ-غاندەك، ئۇنى قايتا كۆرەلەيدىغاندەك تۇيۇلۇپ شۇنچىلىك خۇش بولغاـ-نىدىم. ئەمما، يەتتە يىللىق ئالىي مەكتەپ هاياتىم ئۇنى جىمغىنا سېغىنىش، كۈتۈش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى.

ئوقۇشۇمنىڭ ئۈچىنچى يىلى ئۇنى قازاقىستاندا تىجارەت قىلىۋېـ-تىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. مەن ئۇمىدسىزلەندىم، ئۇ مەندىن بەكلا يىراقـ-تا، يات بىر ئەلدە ئىدى. يامان يېرى، ئۇ بىر قىزنىڭ ئۆزى ئۈچۈن كۆيۈپ پىشقىنىنى، سېغىنىپ، زارىقىپ كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيتـ-تى. ئۇنىڭغا قىزلىق غۇرۇرۇمنى، ھەممىنى قايرىپ قويۇپ خەت يېزىشنى، كۆڭلۈمنى ئىزهار قىلىشنى ئويلايتتىم. ئەمما، ئۇنىڭ ئېنىق ئادرېسىنى بىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى، ھەتتا ئانىسمۇ ئۇنىڭ مۇقىم تۇرالغۇسىنى بىلمەيتتى.

مەن ئوقۇش پۈتكۈزگەن يىلى ئىيۇلنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى ئۇنىڭ قازاقىستاندا بىر سودىگەر ئايال بىلەن تويى بولدى. شۇ كۈنى بەكلا قاتتىق يامغۇر ياغدى. مەن يامغۇردا كۈنلۈكسىزلا كوچا ئايلانـ-دىم. يامغۇر بىلەن تەڭ تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىمنى ئۆزۈمدىن بۆلەك هېچكىم كۆرمىدى.

* * *

بۇ ئايالغا ئۆزۈمچىلا شۇنداق مېھرىم چۈشۈپ قالدى. ھەر ئەتىگەـ-نى ئۇنى يوقلاپ كىرگىنىمدە ئۇ دېرىزىدىن چۈشكەن نۇرغا چۆمۈلگەـ-نىچە كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتقان ياكى ئولتۇرغان بولاتتى. مېنى كۆ-رۈپلا ئاپئاق چىشلىرىنى چىقىرىپ بەكلا يېقىملىق كۈلۈمسىرەيتتى.

— مەن بۈگۈن ئېرىمنى چۈشۈمدە كۆردۈم، — دېدى ئۇ قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ، — ئۇنىڭ بىلەن بەكلا قاتتىق سوقۇشۇپ قاپتىمەن. ئۇ

مېنى ئۇرغىلى ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلسە مەن پەقەتلا قورقماي قولۇم-نى سوزۇپلا تەستىكىگە بىرنى ساپتىمەن. ھا... ھا... ئۇ پۇخادىن چىققاندەك قاقاقلاپ كۈلدى، — بىلەمسىز دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — مەن ئېرىمدىن بەكلا قورقۇيتتىم. ئۇ بىر قېتىم مېنى بەكلا قاتتىق ئۇرغانىدى. ئەمدى قورقمايمەن. راست، ئەمدى پەقەت قورقمايمەن.

ئۇنىڭ تاتارغان چىرايى تېزلا تەبىئىي ھالىتىگە كەلدى.

— ئېرىڭىز نەدە؟ — دەپ سورىدىمەن.

ئۇ گېپىمنى ئاڭلىمىغاندەك بەخىرامان ئولتۇرۇۋەردى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

بۇ سوئالنى يەتتىنچى قېتىم سورىشىم ئىدى.

ئۇ ھېچنېمە دېمەي بېشىنى چايقىدى. بۇ ئۇنىڭ سوئال سورىشى-مىزنى ياقتۇرمايمەن دېگىنى ئىدى.

مەن شۇنىڭدىن كېيىن قايتىلاپ سوئال سورىمىدىم. ئۇنىڭ كېسەل تارىخىنىڭ ئىسىم يازىدىغان يېرىگىمۇ ھېچ نەرسە يازمىدىم.

* * *

مەن ئىشلەۋاتقان بۇ دوختۇرخانىنى بېھىشباغ دەپ ئاتايتتى. ئۇ بىر روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى ئىدى. دوختۇرخانا شەھەر سىر-تىدىكى مەنزىرىسى چىرايلىق بىر جايغا جايلاشقانىدى. دوختۇرخانا ئالدىدىن چوڭ بىر ئۆستەڭ ئېقىپ ئۆتەتتى.

— ئۆستەڭ بويىغا چىقايلى! — دېدى ئۇ بىر كۈنى يالۋۇرغان-دەك. ئادەتتە بىرەر چاتاق چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ بىمارنى سىرتقا چىقارمايتتۇق. ئەمما، مەن ماقۇل بولدۇم.

ئۇ لىككىدە تۇرۇپ ئايىغىنى كىيدى، چاچلىرىنى چوققىسىدىن ئېگىزلا بوغۇپ چىرايلىق باتىلىۋالغانىدى.

— ئۆيىمىز ئالدىدا بىر ئۆستەڭ بار ئىدى، — دېدى ئۇ، — بەكلا كىچىك چاغلىرىمدا ئاداشلىرىم بىلەن لاي سۇغا چۆمۈلۈپ پۇخادىن

چىققۇچە ئۇزەتتىم، ئاندىن ئۆستەڭ بويىدىكى قۇمدا ئېغىناپ ئاپتاپتا قاقلىناتتۇق. كېيىن ئانام يەنە بىر بالا تۇغدى. ئۇ كاڭنى باقسەن دەپ ئۆيىنىغلى چىقارغۇزمايتتى. ئانامنىڭ ئاچچىقى بەكلا يامان ئى-دى.

— مېنىڭ ئانامنىڭمۇ ئاچچىقى يامان ئىدى، ئېرىمنىڭمۇ ھەم...

مەن قانداقسىگە ھېچكىمگە ئېيتىشنى خالىمايدىغان ئائىلە مەخ-پىيىتىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىۋاتقىنىمغا ھەيران قالدىم. ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىمىغاندەك، بەخىرامان سۇغا قارىغىنىچە ئۆز - ئۆزىگە بىر نەرسىلەرنى دەپ سۆزلەۋاتاتتى.

* * *

شۇنچىلىك نازۇك ھەم ھېسسىياتچان قىز ئىدىم. ئوقۇش پۈتكۈ-زۈپ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بېرى خىزمەت ئورنۇم بىلەن ياتىقىم ئارىلىقىدىكى بۈككىدە دەرەخلىك يولدا خىيالچان ماڭاتتىم. بۇ يول بەكلا چىرايلىق ئىدى، يولنىڭ ئايىغىنىڭ نەلەرگە تۇتىشىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. مۇشۇ يول ئاخىرلاشقىچە توختىماي مېڭىپ بېقىشنى، مېڭىپ - مېڭىپ بەكلا يىراقلاپ كېتىشنى ئويلايتتىم. يولنىڭ قاس-نىقىدىكى دەل - دەرەخلەر يازدا بۈك - باراقسان سايە تاشلايتتى. كۈز پەسلىدە ئالتۇن رەڭلىك غازاڭلار لەرزان ئۇچۇپ چۈشۈپ ئايىغىم ئاستىغا پاياندازدەك يېيىلاتتى. مۇشۇ يولدا كېتىۋېتىپ خىيال سۈرەت-تىم. ئاجايىپ گۈزەل تەسەۋۋۇرلارنى قىلاتتىم. خىيالىمدا مەن ئۇ-چۇنلا يارالغان بىر يىگىت يولنىڭ ئاشۇ تەرىپىدىن ئاستا مېڭىپ كېلەتتى. مېنى كۆرۈپ تۇيۇقسىزلا ھاڭ - تاڭ قالاتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالاتتىم، ئاندىن ھەر ئىككىمىز بىر - بىرىمىز-گە قاراشقىنىمىزچە كۈلۈپ كېتەتتۇق...

ئەپسۇس، خىياللىرىمنىڭ ئايىغى چىقماي تۇرۇپ مەن ئۆزۈمنى تويى بولىدىغان قىز ھالىتىدە كۆردۈم. ماڭا ئەر بولىدىغان يىگىت

دادامنىڭ يېقىن ئاغىنىسىنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى.

تويۇم ئاتا - ئانامنىڭ ئارزۇسى بويىچە كاتتا ئۆتكۈزۈلدى. ئەمما، توي كېچىسىلا ئېرىمدىن كۆڭلۈم قاتتىق ئازار يەيدىغىنىنى ھېچكىم، ھەتتا ئۆزۈممۇ خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم.

— سەن قىز چىقمىدىڭ، — دېدى ئۇ غادۇر-غۇدۇر ئاۋازدا، — سەن ئەسلىدە داشۆدىكى چاغدىلا بۇزۇلۇپ كېتىپتىكەنسەن، مەن ...

مەن چەكچەيگىنىمچە قاراپلا قالدىم. ئۇ شۇ گەپنى دەپ بولۇپلا ئۆزىنى گۇپپلا تاشلاپ ئۇيقۇغا كەتتى. شۇ مىنۇتتا ئاچچىق خورلۇقتىن ۋاككىدە يېرىلىپ كەتمىگىنىمگە ھەيرانمەن. كېچىچە يىغلاپ چىقتىم. ئەتىسى ئەتىگەندىلا بۇ ئۆيدىن كېتىشنى ئويلىغىنىمغا قارىماي نومۇس كۈچىدىن بۇ ئۆيدە بىر ھەپتە تۇرۇپ قالدىم. ئېرىم ھېلىقى سۆزى بىلەن يۈرىكىمگە ئاچچىق تىغ سانجىپ بولۇپ، ئەتىسى كەچتىلا ئەپۇ سورىدى:

— خاپا بولما، مەن تۈنۈگۈن بەكلا جىق ئىچىپ قويۇپتىمەن، ئەيىب ئۆزۈمدە، سەندە گۇناھ يوق. سېنىڭ قىز ئىكەنلىكىڭگە كۆڭلۈم گۇۋاھ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزلىق دېگەن بەك نازۇك نەرسىمىش، مەكتەپلەردە قىزلار تەنتەربىيە دەرسىدە كۈچەپرەك ھەرىكەت قىلىسىمۇ، ھەتتا ۋېلىسىپىت مىنىسىمۇ شۇنىڭغا تەسىرى بولىدىكەن. بۇنى بىلىمەن، ئەمما ئاخشام جىق ئىچىپ قويۇپتىمەن، خاپا بولما، راستىنىلا، سەن مەن ئۈچۈن پەرىشتىدەك پاك...

ئۇ مەيلى نېمە دەپ يالۋۇرسۇن، يۈرىكىم پەقەت ئېرىمىدى. ئاتا-ئانامنىڭ يېنىغىمۇ بارماي، بۇرۇنقى ياتىقىمغا كۆچۈپ بېرىۋالدىم.

تونۇش - بىلىش ھەم خىزمەتداشلىرىمنىڭ سوئال بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرالمايتتىم ھەم ھېچقانداق چۈشەنچە بېرەلمەيتتىم. ئانام ماڭا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن كۈندە دېگۈدەك كېلەتتى. ئاشۇ جاھىللىقىم بىلەن ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايلا قويدۇم. ھېلىقى گەپتىن كۆڭلۈم راستتىنلا بەك ئاغرىغانىدى. ئەمما، ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ بويۇمدا قالغىنىنى بىلگىنىمدە مېنىڭ

جاھىللىقىم، كۆڭۈل ئاغرىقىم كۆزدىكى توزغاقتەكلا توزۇپ كەتتى.

تازا شارقىراپ يامغۇر ياغقان بىر كۈنى كەچتە ياتىقىمدا يالغۇز غېرىبسىنىپ ئولتۇرغىنىمدا بىرسى ئىشىكنى چەكتى. ئىشىكنى ئاچقىنىمدا ئىشىك تۈۋىدە چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن ئېرىمنى كۆردۈم، قانداقسىگە ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ يىغلاپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن. مەن شۇ كۈنىلا ئېرىم بىلەن بىللە ئۆيگە يېنىپ كەلدىم. بىز يارىشىپ قالدۇق. ئۇنىڭغا توي كېچىسىلا بويۇمدا قالغىنىنى، بالىمىز بولغىنى ئۈچۈنلا ئۇنى ئەپۇ قىلغىنىمنى ئېيتتىم.

بالا مېھرىنىڭ شۇنچىلىك چوڭقۇر بولىدىغىنىنى بالىلىق بولغىنىمدىن كېيىن ئاندىن ھېس قىلدىم. بالام ئوغۇل ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى مەردان قويدۇم (بۇ ئىسمنى تېخىچە شۇنچىلىك ياقتۇراتتىم). ئوغلۇم ئۈچۈن ئېرىمنىڭ توي كېچىسى قىلغان ھاقارىتى ھەم ھەرقانداق قىلىقىنى تولۇق ئەپۇ قىلىۋەتتىم. كۆڭلۈمدە ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ ئوغلۇمنى ھەرگىز تىرىك يېتىم قىلمايمەن دەپ ئويلايتتىم. ئېرىم بىلەن جېدەللىشىپ قېلىشتىن بەكلا ئەنسىرەيتتىم. ھەرقانداق جېدەل - ماجىرا مېنىڭ بالىلىقىمنى ئەسلىتىپ قوياتتى. مەن قورقاتتىم. ئوغلۇمنىڭ جېدەل - ماجىرا ئىچىدە چوڭ بولۇشىنى ھەرگىز خالىمايتتىم.

* * *

جېدەل - ماجىرادىن شۇنچە قاچقىنىمغا قارىماي ئوغلۇم ئىككى ياشقا كىرە - كىرمەي مېنىڭ ئائىلەمدىمۇ جېدەلنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەس بولدى. بىز شۇنچىلىك كىچىك ئىشلار ئۈچۈنمۇ سوقۇشۇپ قالاتتۇق. ھەر قېتىم سوقۇشۇپ قالغىنىمدا يۈرىكىمگە بىر قېتىم دەز كەتكەندەك بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، مەن كېيىنكى كۈنلەردە ئېرىمنى چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. جېدەلنىڭ ئاخىرى جىق ھاللاردا مېنىڭ يول قويۇشۇم بىلەن ئاخىرلىشاتتى. مەيلى

قانچىلىك جېدەل - ماجىرا قىلىشايلى، كۆڭلۈم ئېرىمدىن قانچىلىك ئازار يېسۇن، مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتمەيتتىم. ھەممىگە ئۇنىسىز بەرداشلىق بەردىم. ئەمما، ئۆزۈم شۇنچىلىك جىمىغۇر، تېخىمۇ ئىچ مىجەز بولۇپ كەتتىم.

*　　*　　*

— مەن ئېرىمگە خىيانەت قىلدىم، — دېدى بىر كۈنى ئۇ ئۆزئۆزىگە سۆزلىگەندەك تولىمۇ بوش ئاۋازدا.

— ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ ئېرىمگە يۈزسىزلىق قىلىش نىيىتىم يوق ئىدى، راستىنىلا يوق ئىدى. ئەمما، بىر ئىش ئويلىمىغان يەردىن بەكلا تاسادىپىي يۈز بەردى. ئۇ ئادەمنىڭ ماڭا باشقىچە نىيىتى بارلىقىنى دەسلەپ پەقەت بىلمەپتىمەن، بىز بىر چىرايلىق پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق، ئۇ توساتتىنلا... بۇ تۇيغۇ بەك ئازابلىق بولىدىكەن، بىلەمسىز؟... كېيىن مەن يەنە ئەرلەر بىلەن ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچتىم. «قىزىل ئۈزۈم ھارىقى مەڭزىلىرىڭىزنى قىزارتىپ، سىزنى بەك چىرايلىق قىلىۋېتىدىكەن» دېدى بىر ئەر. ئۇنىڭ گېپىگە كۈلۈپ قويدۇم. بىلىمەن، ئۇنىڭ خۇشامەتچىلىكىنى... ئۆزۈمچە سەل پۇخادىن چىققاندەك بولدۇم. ئويلىسام، شۇنچە يىل ئېرىمگە خۇشامەت قىلىپ كەپتىمەن. قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق خۇشامەت دېگەن. مەن ئەمدى ھەرگىز خۇشامەت قىلمايمەن، ھەرگىز...

ئۇ شۇلارنى دەۋېتىپ تۆكۈلۈپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئۈن - تىنسىز ئاڭلىدىم. تەسەللىمۇ بەرمىدىم، پەقەت ئۇنىڭ گۇناھلىرىنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىققان ئاشۇ ياشلار بىلەن يۇيۇلۇپ كېتىشىنى تىلىدىم.

— مەن ئېرىمنى يېڭىۋاشتىن ياخشى كۆرۈپ قالدىم، — دېدى ئۇ بىر كۈنى، — مەن ئېرىمنىڭ يېنىغا كېتىمەن، ماقۇلمۇ؟

ئۇنى تۇتۇپ قالالمايتتىم. ئۇنى بىر ئەرنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقى نې-

مىشقىدۇر كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى.

ئۇ شۇنچىلىك خاتىرجەم ھەم خۇشال ھالدا ئۆستەڭ بويلاپ كېتىپ قالدى. مەن بىردىنلا ئۆزۈمنى روھىي جەھەتتىن شۇنچىلىك ئازادە، يەڭگىل سەزدىم.



# بۆرە قىسمىتى

## 1

ئۇنىڭ ھەر كۈنى كۆرىدىغىنى مۇزدەك سوغۇق تۆمۈر رېشاتكا، ئادەملەر مېڭىپ تاماشا كۆرىدىغان سىلىق، پارقىراق ئاسفالت يول، يولنىڭ نېرىسىدىكى بىرقانچە تۈپ بۈك - باراقسان سېدە دەرىخى، ياپيېشىل چىملىق، يىراقتىكى قارامتۇل تاغ چوققىسى ھەم ئاسماننىڭ پۈچۈق ناندەك كۆرۈنىدىغان كىچىككىنە بىر پارچىسى ئىدى.

ئۇ مۇشۇ تۆمۈر قەپەس ئىچىگە بەند قىلىنغاندىن بېرى سېدە دەرىخىنىڭ غازاڭى نەچچە تۆكۈلۈپ، نەچچە ياشاردى. ئۇ كۈنلەرنى جىمجىتلىق، زېرىكىش ئىچىدە ئۇخلاپ، مۈگدەپ ئۆتكۈزدى.

قۇياش ھەر كۈنى ئاسماننىڭ ئاشۇ كىچىككىنە پارچىسىدا بىر ھازا ئېسىلىپ تۇرۇپ، ئاستا - ئاستا سۇرۇلۇپ قارامتۇل تاغنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ قۇياش نۇرىنىڭ سېدە يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن چاراقلاپ تۆكۈلگىنىنى تاماشا قىلىشقا ئامراق ئىدى. خىيالىدا ئاشۇ نۇر بىلەن ئوينىشىپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى. قۇياش نېرىغا سۇرۇلۇپ ئۆتۈپ كەتكەندە ئۇنىڭ قەلبىدىكى تاتلىق ھېسلارمۇ غايىب بولاتتى - دە، ھەممە نەرسە شۇ قەدەر سوغۇق ھەم مەنىسىزلىشىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا تازا ھۇۋلاپ، ھۆركىرەپ، تۆمۈر رېشاتكىلارغا ئۆزىنى ئۇرغۇسى كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرگە سولىنىپ قالغىنىغا ھېچ ئەقلى يەتمەيتتى. كۆيۈمچان ئانىسى، ئوماق ئىككى سىڭلىسى ئامراقلىق بىلەن ئۇنى «كۈچتۈڭگۈر» دەپ چاقىرىشاتتى. ئۇ بۇ ئىسىمغا ئامراق ئىدى. بۇ ئىسىمدىن

پەخىرلىنەتتى. ئۇنىڭ ئاتىسى بۆرىلەر تۈپىنىڭ ئاقساقىلى ئىدى.
يەلكىسى كەڭ، بەستلىك، ئۇزۇن يالىسى لەپىلدەپ تۇرىدىغان بۇ
ئاقساقالدىن ھەممەيلەن تەپ تارتاتتى. كۇچتۇڭگۇرمۇ ئاتىسىنىڭ ئاچ-
چىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى.

ئېھ! نەقەدەر بەختلىك چاغلار ئىدى ئۇ - ھە؟ بىر توپ بۆرىلەر
تاغ باغرىدىكى بوستانلىقلاردا ئىناق، بەختىيار ھايات كەچۈرۈشەتتى.
ئۇلار ياشاۋاتقان جاي جەننەتتەك گۈزەل ئىدى. ئەتراپنى كۆز يەتكۈ-
سىز توغراقلىق ھەم قوملۇق ئوراپ تۇراتتى. جىرالاردىن شارقىراپ
چۈشۈۋاتقان سۇلار كىچىك - كىچىك تارامىلارغا بۆلۈنۈپ نە - نەلەرگى-
چە ئېقىپ كېتەتتى. بىر توپ بۆرە بالىلىرى شارقىراتما بويىدا قىيا-
چىيا قىلىشىپ ئوينىشاتتى. سۇ تامچىلىرى قۇياش نۇرىدا مەرۋايىت-
تەك يالتىرايتتى.

ئۇلار ئۆڭكۈرلەردە ئايرىم - ئايرىم ياشىسىمۇ، بىردەك ئاقساقال-
غا بويسۇناتتى. ئوۋغا توپلىشىپ بىللە چىقاتتى. ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى
تەڭ بۆلۈشەتتى. جېدەل - ماجىرا قىلىشماي شۇ قەدەر ئۆم، ئىجىل،
ئىناق ئۆتۈشەتتى. كۇچتۇڭگۇر تېخى كوللېكتىپ ئوۋغا قاتنىشىپ
باقمىغانىدى. پەقەت ئاتىسىنىڭ ۋاقتى يەتكەن چاغلاردا بالىلىرىغا
كىچىك - كىچىك نەرسىلەرنى ئوۋلاشنى مەشىق قىلدۇراتتى. بۇنداق
چاغلاردا كۇچتۇڭگۇر ئىچ - ئىچىدىن خۇش بولۇپ كېتەتتى. سەك-
رەپ- تاقلاپ تېخىمۇ يىراقلارغا بېرىپ باققۇسى، چوڭ - چوڭ نەرسى-
لەرنى ئوۋلاپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويغۇسى كېلەتتى. ئەمما، ئاتىسى
بۇنىڭغا يول قويمايتتى. سەن تېخى كىچىك، جىسمانىي قۇۋۋىتىڭ
چوڭ نەرسىلەرنى ئوۋلاشقا يەتمەيدۇ دەپ ئۇنى توساتتى. شۇڭا، ئۇ
تېزرەك چوڭ بولۇپ، كوللېكتىپ ئوۋغا قاتنىشىپ باقسام، دەپ
ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا كوللېكتىپ ئوۋ قىلىش ئاجايىپ
كۆڭۈللۈك ئىدى.

بۆرىلەر توپى ئارىسىدا كوللېكتىپ ئوۋغا قاتنىشالايدىغانلارلا ھە-
قىقىي باتۇر ھېسابلىناتتى. كۇچتۇڭگۇرنىڭ ئاتىسى ھەقىقىي باتۇر

ئىدى. ئۇ ئاقساقال ھەر ۋاقىت بۆرىلەرنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. ئۇۋلارغا شىددەت بىلەن ئېتىلاتتى. باتۇرلۇقتا، قورقۇمسىزلىقتا ھېچكىم ئۇنىڭغا يەتمەيتتى. كۆچتۇڭگۇر ئاتىسىدىن پەخىرلىنەتتى. چوڭ بولغاندا ئاتىسىدەك سەپنىڭ ئالدىدا ھەيۋەت بىلەن مېڭىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

2

يامغۇر تامچىلاپ يېغىۋاتاتتى. ئاسمان بېتىنىڭ ھېلىقى پارچىسىدا قۇياش كۆرۈنمەيتتى. يامغۇر تامچىلىرى سېدە يوپۇرماقلىرى ئۈستىدىن ياپيېشىل چىملىق ئۈستىگە تامچىلايتتى. ئەتراپ جىمجىت ئىدى. كۆچتۇڭگۇر قەپەس ئىچىدە يامغۇرنىڭ تامچىلىغان ئاۋازىغا قۇلاق سالغىنىچە ئۆرە تۇراتتى. يامغۇر تامچىلىرى ئۇنىڭغا مېھرىبان ئانىسىنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئەسلىتىپ قويۇۋاتاتتى. بىچارە ئانىسى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. جان - جىگەر ئوغلى ئۈچۈن يۈرەك - باغرىنى يېرىشقىمۇ تەييار تۇراتتى. بالىلىرىنى شۇنچىلىك ئەزىزلەپ، ئەتىۋارلايتتى. مانا ئەمدىلىكتە ئۇ ئۆڭكۈر ئالدىدىكى يوغان قورام تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئوغلىنىڭ يولىغا قاراۋاتقاندۇ. ئۇ چوقۇم كۆز ياشلىرى قۇرۇپ تۈگىگۈچە يىغلايدۇ. بىچارە ئىككى سىڭلىسى ئەجەب ئوماق، چىرايلىق چوڭ بولۇۋاتقانىدى. ئاكىسىغا ئەركىلەپ ھارمايتتى. ئۇلارمۇ چوقۇم ئاكىسىنى سېغىنىدۇ. ئاكىسى ئۈچۈن ياش تۆكىدۇ. ئانىسىنىڭ تۈگىشىپ كېتىۋاتقان ھالىغا قاراپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ يۈرگەندۇ بىچارىلەر.

يامغۇر تېخىچە تامچىلاپ يېغىۋاتاتتى. كۆچتۇڭگۇرنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆزىچىلا بىر ئاچچىق يىغا قاپلىدى. بۇ يىغا سەلدەك ئۇنىڭ مېڭىسىگە، كۆزلىرىگە يامرىدى. ئۇ يىغلىماسلىق ئۈچۈن كۆزىنى چىڭگىدە يۇمۇۋالدى. ئۇ ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ كۆز يېشى قىلماسلىققا ئاتىسى ئالدىدا قەسەم ئىچكەنىدى. ئاتىسى كۆز يېشىنى بەكلا

يامان كۆرەتتى. سىڭىللىرىمۇ ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىدا ياش تۆكمەيتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئاجايىپ جەسۇر، سۇرلۇك ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش بىلەنلا ۋۇجۇدىنى قاپساپ تۇرغان يىغا نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. ئاتىسى ئېسىگە كەلسىلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بۆلەكچە كۈچ - قۇدرەتكە تولغاندەك روھلىنىپ قالاتتى. مۇشۇ تۇرقىدا ئاتىسى ئۇنىڭ يېنىدا بولغان بولسا ئۇنىڭغا چوقۇم قاتتىق تەنبىھ بەرگەن بولاتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ نېمىشقا ئۆزىگە شۇنچە قاتتىق قوللۇق قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلىپ يەتتى، ئاتىسى ئۇنىڭ بېشىغا كېلىدىغان قىسمەتلەرنى ئالدىن بىلىدىغاندەك، ئۇنىڭ باتۇر، قورقماس، چەبدەس، چېچەن بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. توپتىن ئاي- رىلىپ يالغۇز يۇرمەسلىكىنى تاپىلاپ تۇراتتى. مانا ئەمدى ئۇ بەلكىم ئوغلىنىڭ بەڭۋاشلىق قىلىپ توپتىن ئايرىلىپ ئۇچرىغان قىسمىتى ئۈچۈن ئوغلىغا خاپا بولۇپ يۇرگەندۇ؟

ئۇنىڭ يېنىغا بىرى كېلىپ ئاستا سۇركەلدى. بۇ قەپەسكە يېڭى- دىن سولانغان بىر چىشى بۆرە ئىدى. ئۇ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى يالغۇزسىراپ زېرىكىپ كەتكىنىگە قارىماي بۇ يېڭى مېھماننى ئانچە قىزغىن قارشى ئالمىدى. بۇ چىشى بۆرە بەكلا كۆرۈمسىز، كۆل رەڭ تېرىسى ئۇنى بەكلا قېرى چىراي، سۆرۈن تەلەت كۆرسىتەتتى. كۆ- كۇش كۆزلىرىدىنمۇ بىر خىل سوغۇق نۇر چاقناپ تۇراتتى. يالىسىمۇ قىسقا ھەم رەتسىز ئىدى. كۇچتۇڭگۇر ئىتتەك ئالدىغا قارىۋالدى.

يامغۇر توختىغان، ئاسمان بېتىگە قىزغۇچ نۇر يامرىغانىدى. كۇچتۇڭگۇر ئۆز توپى ئارىسىدا ئەركىن - ئازادە ئويناپ يۇرگەن چاغلىرىدا كۈننىڭ چىقىشىنى تاماشا قىلىشقا ئامراق ئىدى. ئۇ جايدا قۇياش قۇملۇقتىن كۆتۈرۈلەتتى. كۇچتۇڭگۇرنىڭ ۋۇجۇدىنى بىردىنلا ئاجايىپ شېرىن، تاتلىق بىر تۇيغۇ لەرزىگە سالدى. بۇ تۇيغۇ شۇ قەدەر لەززەتلىك ھەم كۈچلۈك ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئاشىقنى بەكلا سېغىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بۇنداق چاغلاردا خۇدىنى يوقىتىپ قوياتتى. ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. سوغۇق رې-

شاتكىنى چىڭگىدە قاماللاپ تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى سۇركەيتتى.
كۇچتۇڭگۇرنىڭ ئاشىقى بۆرىلەر تۇپى ئىچىدىكى ئەڭ گۇزىلى
ئىدى. ئۇنىڭ سېرىق تۇكلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ
كۇچتۇڭگۇرنىڭ سىڭىللىرى بىلەن يېقىن ئۆتەتتى. ئۇلار بىللە ئويـ
ـنايتتى. ئۇ ئويۇن ئويناۋاتقاندا كۆزلىرىدە بىر ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتـ
ـقاندەك كۆرۈنەتتى. كۇچتۇڭگۇر بۇ خىل ئوتنى باشقا ھېچكىمنىڭ
كۆزىدە ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى. ئەمما، ئۇ كۇچتۇڭگۇرنىڭ سىڭىللىـ
ـرى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولۇپ، كۇچتۇڭگۇرنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىـ
ـدىغان ياشتا ئەمەس ئىدى. كۇچتۇڭگۇر ئۇنىڭ چوڭ بولۇشىنى كۇـ
ـتۇش قارارىغا كەلدى.

كۇچتۇڭگۇر ھەركۇنى تاڭ سەھەردە ئاتىسى سىرتقا چىقىپ كەتـ
ـكەندە غىپلا قىلىپ ئۆڭكۇردىن چىقاتتى - دە، چاتقاللىقلاردىن،
جىرالاردىن سەكرەپ تاقلاپ ئۆتۇپ ئاشىقىنىڭ ئۇۋىسى تەرەپكە چاپاتـ
ـتى. ئاشىقى تۇرۇۋاتقان ئۆڭكۇرنىڭ ئۇدۇلىدىكى چاتقاللىق ئارىسىغا
يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئاشىقىنىڭ سىرتقا چىقىشىنى تەقەززالىق بىلەن
كۇتەتتى. ئاشىقىنىڭ ئۆيى ئەتراپىدا چاتقاللار قويۇق ئىدى. تۇرلۇك
ياۋا گۇللەر ياز بويى ئېچىلىپ تۇراتتى. ئاشىقى بەزى كۇنلىرى قۇياش
نۇرىغا چۈمۈلگىنىچە ئاشۇ ياۋا گۇللەر ئارىسىدا سەكرەپ - تاقلاپ
ئويناياتتى. بەزىدە ئانىسىغا ئەگىشىپ ئوۋ قىلىشنى مەشىق قىلغىلى
ماڭاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئىلاجىسىز ئۆز ئۇۋىسىغا قايتىپ كېلەتـ
ـتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئىزدەپ قېلىشىدىن، يالغۇز سىرتقا چىققىنى
ئۇچۇن تەنبىھ بېرىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

كۇنلەر ئۆتۇپ، ئايلار ئۆتۇپ كۇچتۇڭگۇرنىڭ بويى ئاتىسىنىڭكىـ
ـگە يېتەيلا دەپ قالدى. ۋۇجۇدى بارغانسېرى كۇچ - قۇۋۋەتكە تولدى.
ئۇنىڭ ئاشىقىمۇ بوي تارتىپ چوڭ بولدى. يۇمران سېرىق تۇكلىرى
ئۆزىرىپ، تېخىمۇ پارقىراپ، يالتىراپ تۇرىدىغان بولدى. پۇتلىرى
ئۇزۇن، كۆكرەكلىرى كەڭ، ئاجايىپ گۇزەل، چەبدەس ھەم لەۋەن
بولۇپ ئۆستى. ئەمدى گەپ كۇچتۇڭگۇرنىڭ كۆڭۇل ئىزھار قىلىشىـ

دىلا قالغانىدى. ئۇنىڭغا ئاشىقنىڭمۇ ئۆزىگە كۆڭلى بارلىقى ئايان ئىدى.

ياۋا گۈللەر، ياۋا مېۋىلەر، ھەتتا چاتقاللارغىچە تازا ئېچىلىپ باراقسانلاپ ۋايىغا يەتكەن ئاجايىپ چىرايلىق باھار ئايلىرىنىڭ بىرى كۆچتۈگۈر ئاشىقىغا كۆڭۈل ئىزھار قىلىپ ۋىسالىغا يېتىشنى ئويلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاشىقىغا كۆڭلىنى ئاددىيلا ئىزھار قىلغۇسى يوق، بەلكى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي باتۇر بولۇپ يېتىلگىنىنى كۆرسىتىپ قويغۇسى بار ئىدى.

كۆچتۈگۈر تاڭ سەھەردىلا ئۇۋىسىدىن چىقتى. ئەتراپتىن گۈپۈلدەپ گۈل پۇرىقى كېلەتتى. ئۇ چوڭ - چوڭ چامداپ ئالدى تەرەپتىكى ئوچۇقچىلىققا قاراپ ماڭدى. ئۇ بۇ يەرگە ئاتىسى بىلەن بىر قانچە قېتىم كەلگەنىدى. شۇڭا، ھېچقانداق خەۋپسىرىمەي، تەمتىرىمەي كېتىۋاتاتتى. ئاتىسىنىڭ يالغۇز يۈرمە، دەپ تاپىلىغىنىنى ئاللىبۇرۇن ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ كۆكرەكلىرىمۇ ئاتىسىنىڭكىدەك كەڭ، يالىسى ئۇزۇن ئىدى. ئۇ ئۆزىچە كېرىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا ئۇنىڭ ھازىرقى ئەقلىگە، كۈچ - قۇۋۋىتىگە ھېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيتتى. ئۇ چاتقاللىق ئارىسىدا كېتىۋېتىپ لوڭڭىدە ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدى. بۇ يەر بۇغا، جەرەن، ئۆچكە، ماراللار ئوتلايدىغان ياپيېشىل ئوتلاق ئىدى.

كۆچتۈگۈر ئەتراپقا قاراپ، سول تەرەپتىن بەخىرامان كېلىۋاتقان بىر كېيىكنى كۆرۈپ قالدى. كېيىك يالغۇز ئىدى. ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا كۆچتۈگۈرنىڭ شۆلگەيلىرى ئېقىپ، ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى. ئەتىگەندىلا ئۇنىڭغا ئامەت كەلدى. كېيىك گۆشى ئەجەب يېيىشلىك، ئۇ بۈگۈن ئاشىقى بىلەن قارىشىپ تۇرۇپ كېيىك گۆشى بىلەن مېھمان بولىدۇ.

كۆچتۈگۈر ھېچقانچە ئويلىنىپ تۇرمايلا كېيىك تەرەپكە قاراپ ئېتىلدى. كېيىك ئاجايىپ سەزگۈر ئىدى. ئۇ قۇلىقىنى تىككىدە تۇتۇپ، ئۆركۈگىنىچە ئۇدۇلغا قاراپ بەدەر قاچتى.

كۆچتۆڭگۈر سۈر - ھەيۋە بىلەن كېپىكنى تاپ بېسىپ قوغلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى خېلى تېز يۈگۈرەلەيمەن دەپ ئويلاپ يۈرگەنىدى. مانا ئەمدى كۆز ئالدىدا چېپىپ كېتىۋاتقان كېپىكنىڭ شامالدەك تېز ھەم يەڭگىل يۈگۈرەلەيدىغانلىقىغا ھەيران قالدى. كېپىك ھەقىقەتەن قۇيۇندەك تېز يۈگۈرۈيتتى. يۈگۈرگەندىمۇ ئۇدۇللاپ ئەمەس، ئۇنى قەستەن قايمۇقتۇرۇپ، ھېلى ئوڭغا، ھېلى سولغا بۇرۇلاتتى. يۈگۈرگەنسېرى تېزلىكى ئېشىپ باراتتى. قوغلاش داۋام قىلماقتا ئىدى. كۆچتۆڭگۈر پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ يۈگۈرەۋاتاتتى. ئەمما، قېرىشقاندەك ئۇلارنىڭ ئارىلىقى يا ئۇزارماي، يا قىسقارماي بىر خىللا تۇراتتى. كۆچتۆڭگۈر ئۆز كۆڭلىدە كېپىكنىڭ ھېرىپ ھالىدىن كېتىشىنى تىلەيتتى. كېپىك سەللا ئاستىلىسا ئېتىلىپ بېرىپ قارنىنى شۇ يەردىلا يېرىپ تاشلىسا، ئاندىن ئاشقى بىلەن···

ئاشقى ئېسىگە كېلىش بىلەنلا كۆچتۆڭگۈرنىڭ ۋۇجۇدى باشقىدىن كۈچكە تولغاندەك بولۇپ، تېخىمۇ كۈچەپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقى سەل قىسقاردى. كۈتۈلمىگەندە كېپىك بىر كىچىك دۆڭنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپلا غايىب بولۇپ كەتتى. كۆچتۆڭگۈر جايىدا چىپلا توختىدى. ئەتراپقا قارىدى. كېپىك ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ھېلىقى دۆڭنى ئىككى قېتىم ئايلىنىپ چىقتى. دۆڭلۈكتە كېپىك كىرىپ كېتەلىگۇدەك نە ئۆڭكۈر، نە كامار كۆرۈنمەيتتى. كۆچتۆڭگۈر گاڭگىراپ قالدى. ئەتراپقا ئالاڭلاپ قارىدى. چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى يېيىلىپ ياتاتتى. كۆچتۆڭگۈرنىڭ بەدىنى لەسسىدە بوشىشىپ كەتتى. ئەتراپ تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. كۈن كۆچتۆڭگۈرنىڭ چوققىسىدىلا چاراقلاپ يېنىپ تۇراتتى. كۆچتۆڭگۈرنىڭ ئېسىگە بىردىنلا ئاتىسىنىڭ نەسىھەتى كەلدى. ئاتىسى دائىم ئۇنىڭغا بۆرە توپىدىن ئايرىلىپ يالغۇز ئوۋ قىلما، دەپ نەسىھەت قىلاتتى. ئۇنى سەل سۈر باستى. ئەتراپقا ئىتتىك - ئىتتىك قارىۋېتىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپلا كەلگەن يولى بىلەن يۈگۈرۈپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ شۇنچە ئۇزۇن ماڭسىمۇ ھېچ مەنزىلگە يېتەي دېمەيتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا

پات - پات چوقچىيىپ تۇرغان دۆڭلۈكلەر، بىرەر - ئىككى تۈپ ياۋا مېۋە دەرىخى، جىغان، يانتاقلار ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇ مېڭىپ - مېڭىپ تاڭ ئاتقان چاغدا بىر دەرەخزارلىققا كېلىپ قالدى. دەرەخزارلىقنىڭ كۆلىمى ئانچە چوڭ ئەمەس بولۇپ، بىر تەرەپتىن قارىسا يەنە بىر تەرەپتىكى ئوچۇقچىلىقنى ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. كۈچتۈڭگۈر دەرەخزارلىقنى كېسىپ ئوچۇقچىلىققا چىقتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كەڭرى كەتكەن ئېتىزلىق يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇ ئېتىزلىققا ئاياغ باستى. ئۇنىڭ بۇرنىغا ئاجايىپ كۈچلۈك بىر پۇراق ئۇرۇلدى. بۇ پۇراق قاڭسىق بولغىنىغا قارىماي كۆڭۈلگە ياقاتتى. بۇ بىر كەندىرلىك ئىدى. كۈچتۈڭگۈر پۇت - قوللىرى ئاستا - ئاستا بوشىشىشقا باشلاپ، ئۆزىنى ھاۋادا ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ خىيالىدا ئاشىقى ئۇنىڭغا قاراپ قۇچىقىنى ئېچىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى پەقەتلا ئاچالمىدى. جايىغا موكلا چۈشۈپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى نامەلۇم، ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچقىنىدا ئۆزىنى دەرەخزارلىقتا پۇت - قوللىرى باغلانغان ھالەتتە كۆردى. ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى ئەر كىشى ئولتۇراتتى. ئۇ نېمە ئىش بولغىنىنى دەماللىققا ئاڭقىرالمىدى. تېپىرلاپ بار كۈچى بىلەن يۇلقۇندى، ئەمما پايدىسى بولمىدى. باغلاق بەكلا چىڭ ئىدى. ئۇ بار ئاۋازدا ھۆۋلاپ ئاتىسىنى چاقىردى. ئاتىسى يېقىن ئەتراپتا بولسىلا ئۇنىڭ ئاۋازىنى تونۇيتتى.

بىر چاغدا قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز بوراننىڭ ھۇۋلىشىدىنمۇ كۈچلۈك ئىدى. گۈركىرىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ تۆت پۇتلۇق يوغان مەخلۇق توپا - چاڭ توزۇتۇپ كېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىدىلا توختىدى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر ئادەم چىقتى. ئۇ ئادەم ھېلىقى ئىككيلەن بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشكەندىن كېيىن كۈچتۈڭگۈرگە قاراپ كەلدى. كۈچتۈڭگۈر تېخىچە بار ئاۋازى بىلەن ھۆۋلاۋاتاتتى. ئۇلار يوغان بىر بادىرنى كۈچتۈڭگۈرنىڭ پۇتلىرى ئارىسىغا كىرگۈزۈپ، ئىككىسى ئىككى تەرەپتىن كۆتۈردى.

يەنە بىرى ھېلىقى يوغان مەخلۇقنىڭ كەينى تەرىپىنى ئاچتى. ئۇلار كۆچتۇڭگۇرنى ئۇنىڭ ئىچىگە تاشلىدى ـ دە، گۇپلا قىلىپ ئىشىكنى يېپىۋەتتى.

كۆچتۇڭگۇر خېلى ئۇزاققىچە مىدىر ـ سىدىر قىلالمىدى. ئۇنىڭ يانپاشلىرى ئاغرىپ تۇراتتى. بۇنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ بولۇپ، دەماللىققا ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. گۇركىرىگەن ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. بۇ تۆت پۇتلۇق مەخلۇق مېڭىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ گۇركىرەپ چايقىلىپ كېتىۋاتاتتى. كۆچتۇڭگۇرنىڭ ھېلى بېشى، ھېلى يانپىشى قاتتىق بىر يەرلەرگە تېگەتتى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا ھالىدىن كەتتى. ئەمما، سەزگۈسى جايىدا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى، ئاتا ـ ئانىسى ۋە قوۋم ـ قېرىنداشلىرىدىن بەكلا يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، تۆت پۇتلۇق مەخلۇق سىلكىنىپ توختىدى. كۆچتۇڭگۇر كۆزلىرىنى چىڭگىدە يۇمۇۋالدى. ئۇ ئەمدى ھۇۋلاشنىمۇ، تېپىرلاشنىمۇ كار قىلمايدىغىنىنى بىلەتتى. ئادەملەر ئۇنى يەنە ھېلىقىدەك ئىككى پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى. بەلكىم ئۆلتۈرگىلى ئېلىپ ماڭغاندۇ. ئۇنىڭ كاللىسى بىردىنلا قوپقۇرۇق بولۇپ كەتتى. بەلكىم ئۆلۈش ئالدىدا ھەممىلا مەخلۇق شۇنداق بولىدىغاندۇ؟

ئۇ كۆزلىرىنى ئاچمىدى. ئەتراپقا، ئادەملەرگە بىچارىلەرچە، يالۋۇرۇش نەزىرىدە قارىغۇسى يوق ئىدى. بىچارىلىك ئۇنىڭ تەبىئىتىگە يات ئىدى. ئۇ ئۆلۈمگە يۈزلىنەلەيتتى. ئاتىسى بولغان بولسىمۇ شۇنداق قىلغان بولاتتى. ئۇنىڭ قەيسەر، باتۇر ئاتىسى ئۆلۈم بۇرنىغا پۇراپ تۇرسىمۇ كەينىگە يانمايتتى. ھامان سەپنىڭ ئالدىدا نەرە تارتىپ ماڭاتتى. ئۇ ئاتىسىنى دورىيالمىدى. ئاتىسىدەك باتۇر، مەردانە بولالمىدى. جەڭ ياكى ئوۋ مەيدانىدا نەرە تارتىپ مېڭىش ياكى ئۆلۈش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى.

ئۇ بەكلا ئۇزاقتا كۆزىنى ئاچتى. يېنىدا ھېچكىم يوق ئىدى.

ئۆزى ئەتراپى سىم تور بىلەن قورشالغان چوڭ بىر قەپەس ئىچىدە تۇراتتى. پۇت - قوللىرىدىكى باغلاقمۇ يېشىۋېتىلگەنىدى.

ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. تۇنجى رەت ساپ هاۋادىن قېنىپ نەپەس ئالدى ۋە قەپەس ئالدىدىكى ئىككى - ئۈچ تۇپ سېدە دەرىخىگە قاراپ قالدى. ئۆمرىدە دەل - دەرەخ، يېشىللىق ئۇنىڭغا بۇ قەدەر سۆيۈملۈك، گۈزەل كۆرۈنۈپ باقمىغانىدى. ئۇ دەماللىققا بۇ جاينىڭ زادى قانداق جاي ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلالمىدى. بۇ جايدا نۇرغۇن قەپەسلەر بار ئىدى. قەپەسلەرگە خىلمۇخىل مەخلۇقلار، هەتتا قۇشلارغىچە سولاپ قويۇلغانىدى.

ئۇنىڭ يېنىدىكى قەپەستە يالىلىرى پاخپىيىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن يوغان بىر شىر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك جىمىدە قاراپ تۇراتتى. ئۇ شىرنىڭ تۇرقىغا قاراپ هەيران قالدى. شىرلارنىڭ تۇرقى بۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئورمانلىقتا ئۆز هەيۋىسىنى كۆرسىتىپ هۆركىرەپ شاهانە تۇرمۇش كەچۈرۈشەتتى. باشقا هايۋانلارنى كۆزگە ئىلماي تولىمۇ مەغرۇر يۈرۈشەتتى. ئورمانلىقتا شىرلار بىلەن بۆرىلەر توپى پات - پات غىزىلدىشىپ مەنمەنلىك تالىشىپ قالاتتى. هەرقانداق تالاش - تارتىشتا بىر - بىرىگە يول بېرىشمەيتتى. شىرنىڭ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتقاندەك قاراشلىرىدىن كۈچتۈڭگۈرنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇ خەقلەرنىڭ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتقاندەك قارىشىغا ئەزەلدىن ئۆچ ئىدى. ئۇنىڭ تەبىئىتىدە بىر خىل مەغرۇرلۇق بار ئىدى. ئۇ ئۆزىدىكى بۇ خىل مەغرۇرلۇقتىن پەخىرلىنەتتى.

نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. شىر ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. بۇ جاينىڭ زادى قانداق جاي ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇ تولا ئويلاپ ئاۋارە بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا هەر كۈنى كىچىككىنە كاماردىن يېمەكلىك ئەكىرىپ بېرىشەتتى. ئۇنىڭ يېمەكلىكى بىر - ئىككى پارچە گۆش بولاتتى. بەزىدە غاجىلىشى ئۈچۈن سۆڭەكمۇ قوشۇپ بېرەتتى. دەسلەپكى نەچچە كۈندە ئۇ يېمەكلىككە كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمىدى. هامان بۇ قەپەستىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىشنىلا ئويلايتتى.

ئۈچىنچى كۈنىگە كەلگەندە ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ ئۈچەيلىرى تارتى-
شىپ، باشلىرى قېيىپ، پۇت - قولىدا جان قالمىدى. ئۇ بىردىنلا
ماغدۇرى ئۈزۈلۈپ، يىقىلىپ چۈشۈشتىن ئەنسىرەپ قالدى. ئۇنىڭغا
يىقىلىپلا چۈشسە قايتا قوپالمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ مەيلى قانداق
ئىش بولسۇن، ھەتتا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ بىچارە ھالەتتە
سوزۇلۇپ يېتىشتىن نومۇس ھېس قىلاتتى. ئۇ قورسىقىنى توقلاپ،
ئۆزىگە ماغدۇر توپلاش قارارىغا كەلدى. ئۇ تېخى بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ
چىقىپ كېتىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزمىگەنىدى. كۆز ئالدىدىكى نەچچە
تۈپ سېدە دەرىخى، باش ئۈستىدە چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان قۇياش
نۇرى ئۇنىڭغا سەل ئۈمىد بېغىشلاپ تۇراتتى.

3

ئۇ بۇ يەرنىڭ ھايۋانات باغچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى. شىر
قوشنىسىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردە ئالەمدىكى بارلىق مەخلۇقلارنىڭ
تۈرىدىن بىر - ئىككىدىن بار ئىمىش. ئادەملەر ئۇلارنى كۆرۈپ تاماشا
قىلىپ كۆڭلىنى ئاچارمىش.

بۇلارنى بىلگەن كۈندىن باشلاپ ئۇ ئېغىزىغا ئىللا - بىللا لوقما
سالمىدى. نەچچە كېچە - كۈندۈزگىچە ئۆزىنى قەپەسنىڭ توسۇقلىرىغا
ئۇرۇپ، بار ئاۋازى بىلەن ھۇۋلاپ چىقتى. ئۇ قەپەس ئىچىدە ئادەملەر
تاماشا قىلىدىغان قونچاق سۈپىتىدە ئەركسىز ياشىغاندىن كۆرە، ئۆ-
لۈمنى ئەۋزەل كۆرەتتى. ئۇ ئىككىلەنمەيلا ئۆلۈم يولىنى تاللىدى.
تۆمۈر توساقلارغا تولا ئۇرۇلۇپ ئۇنىڭ باش - كۆزلىرى قانغا بويىلىپ
كەتتى. ئاستا - ئاستا ماغدۇرسىزلىنىپ، يېتىپ قالدى.

ئۇ بۇ دۇنيانى تەرك ئېتىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ جىمجىت ياتات-
تى. ئۇنىڭغا مۇشۇ ھالەتتە يېتىپ ئۆلۈمنى كۈتۈشتىن بۆلەك يول
يوق ئىدى. ئەمما، بۇ خىل كۈتۈش شۇ قەدەر قىيىن ھەم ئازابلىق
ئىدى. كۈچتۈڭگۈرنىڭ سەزگۈسى ئاستا - ئاستا خىرەلىشىشكە باشلى-

دى. ئۇ ئۆزىنى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانىدا كۆردى. ئۇ چەكسىز كەتكەن تاشلىق سايدا تۇراتتى. ھەممە نەرسە — سۇپسۇزۇك سۇلار ئويناقشىپ ئېقىۋاتقان جىرالار، مۆكىمۆكىلەڭ ئويناپدىغان چاتقالىلىقلار، كەڭ كەتكەن توغراقلىقلار، بىپايان قۇملۇقلار، ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆڭكۆر، ئاشىقىنىڭ ئۇۋىسى ئالدىدىكى ياۋا گۈللەر... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتمەكتە ئىدى. بۇ كۆرۈنۈشلەر شۇ قەدەر يارقىن ھەم ئېنىق ئىدى. بىر چاغدا بۇ كۆرۈنۈشلەر يوقىلىپ، ئۇ ھېچنېمە يوق تاشلىق سايدا يەنە يالغۇز قالدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاتىسى پەيدا بولدى. ئاتىسى ئۇنىڭغا قاراپ يۇگۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئاقساقال-نىڭ يالىسى شامالدا لەپىلدەپ تۇراتتى. ئاييغىدىن شاراقلىغان ئاۋاز چىقاتتى. ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن يەر تىترەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. كۆزلى-رىدىن ئاچچىق سوغۇق نۇر چاقنايتتى. كۆچتۈڭگۈر ئاتىسىنىڭ كۆز-لىرىدىكى مەنىنى چۈشەندى. ئاتىسى ئۇنىڭ ئۆلۈم يولىنى تاللىغىنىنى ھەرگىز كەچۈرمەيتتى. تۇيۇقسىز ئاتىسى ئۇنى زەرب بىلەن بىرنى تەپتى. ئۇ جان ئاچچىقىدا ھۇۋلىغىنىچە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ سەزگۈلىرىمۇ سىلكىنىپ ئەسلىگە كەلدى.

4

بۇ يەرگە كۈندە نەچچە 100 ئادەم تاماشا قىلىش ئۈچۈن كېلىپ، سىلىق ئاسفالت يولدا نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ كۈلۈشۈپ مېڭىشاتتى. قەپەستىكى ھايۋانلارنى كۆرستىنىشىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشەتتى. ئۇ-لارغا ئاشقان - تاشقان مېۋە - چېۋە، ھەتتا تاش - داڭگاللارنى ئېتىپ قەستەن ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىشەتتى. كۆچتۈڭگۈر ئۆزىنى تاماشا قىلىۋاتقانلارغا قاراپمۇ قويمايتتى. يىراقتا — بۇككىدە سىدە يوپۇر-ماقلىرى ئارىسىدىن تۆكۈلۈۋاتقان نۇر تالالىرىغا قارىۋالاتتى. ئۇ ئا-دەملەرگە ئاجايىپ ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئاتىسى ئۇنىڭغا ئادەملەرگە يېقىنلاشما، ئۇلارنىڭ تەبىئىتى يولۋاس، شىرلاردىنمۇ ۋەھشي، دەپ

ئاگاھلاندۇرغانىدى. ئەمما، ئانىسى ئۇنىڭغا ئەزەلدىن ئادەملەرنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ باقمىغان، پەقەت سەن ئادەملەرگە چېقىلمىساڭلا، ئۇلار ساڭا چېقىلمايدۇ. ئۇلار ئاجايىپ ئەقىللىق مەخلۇق، دېگەنىدى.

ئۇ ئادەملەرنىڭ تەبىئىتىنىڭ بۇ قەدەر رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. قەپەس ئىچىدە يۇرتى، قوۋم - قېرىنداشلىرىنى سېغىنىپ ئاھ ئۇرۇپ ياتقان مەخلۇقلارنىڭ بىچارىلەرچە بوزلاشلىرىدىن، ھۇۋلاشلىرىدىن ئۇلارنىڭ ھوزۇر ئالالايدىغانلىقىغا ھېچ ئەقلى يەتمەيتتى.

سېدە دەرىخىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قەپەسلەردە خىلمۇخىل مايمۇنلار سولاقلىق ئىدى. كۈچتۈڭگۈر ئۇلارنى ئېنىق كۆرەلمىسىمۇ، چىرقىرىغان ئاۋازىدىن تونۇۋالغانىدى. مايمۇنلار ئىچىدە بىر مايمۇن قەپەسكە سولانغان كۈندىن ئېتىبارەن توختىماي چىرقىراپ، ۋارقىراپ چىقتى. ئۇ قەپەسنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە چىقىۋېلىپ بولۇشىغا چىرقىرايتتى. ئۇ ئاتا - ئانىسى، قوۋم - قېرىنداشلىرىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ بوزلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى نە - نەلەرگىچە ئاڭلىنىپ، كىشىنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەيتتى. نالىسى يۈرەكنى ئېزەتتى. ئۇ كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ توختىماي چىرقىراۋەردى. ئاۋازى ئازراقمۇ بوغۇلمايتتى. بار ئاۋازى بىلەن پۈتۈن باغچىنى بېشىغا كىيىپ ۋارقىرىغىنى ۋارقىرىغانىدى. ئادەملەر ئاشۇ چىرقىراق مايمۇننىڭ قەپىسى ئەتراپىغا ئەڭ كۆپ ئولىشىۋالغانىدى. ئۇلار بەخىرامان ھالدا ئاشۇ بىچارە مايمۇننىڭ چىرقىراشلىرىدىن ھوزۇر ئېلىشاتتى.

بىرەر ئايدىن كېيىن ھېلىقى مايمۇننىڭ ئاۋازى ئۆچتى. باغچىدىكى ھەممە ھايۋانلار مۇسىبەت بولغاندەك ئۇزاققىچە جىمىپ كېتىشتى. بىچارە مايمۇن ئەركىسىز ياشاشقا كۆنەلمىدى،— دەپ ئويلىدى كۈچتۈڭگۈر ئۆز كۆڭلىدە،— تاغدىن تاغقا، باغدىن باغقا سەكرەپ ئەركىن ئۆگىنىپ قالغان جىسمى ھەم روھى ئاخىرقى ھېسابتا يەنە

ئەركىن دۇنياغا كەتتى. ئەمما، ئەمدى ئۇ بۇ دۇنيادىكى تاغ، باغلاردا يۈرەلمەيدۇ. بار ئاۋازى بىلەن قوۋم-قېرىنداشلىرىنى تۇۋلىيالمايدۇ...

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ، سېدە دەرىخىنىڭ غازىڭى نەچچە سارغىيىپ، نەچچە ياشاردى. ئۇ ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن نەچچە ئۇزۇن قىشنى مۇگدەپ، ئۇخلاپ ئۆتكۈزدى. بۇ يەردە قىشتا قار بەك كۆپ ياغاتتى. قىشلىق مەنزىرە ئاجايىپ گۈزەل ئىدى. ھاۋا ئېچىلىپ، كۈن چىققان كۈنلەردە بۇ يەر خىرۇستال ئوردىغا ئوخشاپ قالاتتى. سېدە دەرىخىدىكى قار گۈللىرى كۈن نۇرىدا يالتىيۇلت قىلىپ كۆزنى چاقنىتاتتى. قار ياغقان پەسىل بۆرىلەر ئوۋ ئوۋلايدىغان ئەڭ ياخشى پەسىل ئىدى. ئۇلارنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى ھەممە جاينى بىر ئالاتتى. قاردا ئۇلار گۈل چېكىلگەن كەشتىلەردەك ئىزلارنى قالدۇرۇپ نە - نەلەرگىچە بېرىشاتتى. كۆچتۈگگۈرنىڭ يۈرىكىدە بىر ئوت لاۋۇلداپ كۆيەتتى. بۇ ئوت ئەزەلدىن پەسىيىپ باقمىغانىدى، بەلكى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ باراتتى. ئۇ ئەمدى تاماقتا ئوبدانلا كىرىشىپ كەتتى. نېمىلا بولمىسۇن جىسمانىي ھەم روھىي جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇشۇم كېرەك، دەپ ئويلايتتى ئۇ.

ئۇنىڭ قوشنىسى شىرنىڭ تەلىيى كەلدى. ئۇنىڭ يېنىغا سېمىز بىر چىشى شىر ئېلىپ كېلىندى. ئىككى شىرنىڭ بىر- بىرىنى كۆرۈپلا كۆڭلى چۇشۇشۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇلار دەسلەپ بىر - بىرىگە قاراپ - قويۇشتى، ئاندىن ئاستا - ئاستا يېقىنلىشىپ بىر - بىرىنىڭ تىنىقىنى پۇراشتى. كۆچتۈگگۈر ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكى تەشنالىقنى بىر قاراپلا بىلىۋالدى. شۇغىنىسى، ئۇلار بىر - بىرىگە قانچىلىك تەشنا بولۇشسۇن، قەپەسنىڭ سوغۇق توسۇقلىرى ئۇلارنى توسۇپ تۇراتتى.

كۆچتۈگگۈرنىڭ ئېسىگە پات - پات ئاشىقى كېلىپ قالاتتى. ئۇمۇ كۆچتۈگگۈرنى ئەسلەۋاتامدىكىن ياكى ئۇنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئويلاپ باشقا بىرسى بىلەن...

ئۇنىڭ ئاخىرىنى ئويلىغۇسى كەلمەيتتى. بېشىنى سىلكىپ -

سىلكىۋېتىپ، ئاسماننىڭ ئاشۇ كىچىككىنە پارچىسىغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلەتتى. ئۇنىڭغا ئاسماننىڭ ئاشۇ كىچىككىنە پارچىسى ئۆزى بىلەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى، قوۋم - قېرىنداشلىرىنى باغلاپ تۇرۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇ ئۆسۈپ چوڭ بولغان زېمىننىڭ ئاسمىنى شۇ قەدەر كەڭ ئىدى. چېتىگە كۆز يەتمەيتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئالەممۇ شۇ قەدەر بىپايان ھەم چەكسىز ئىدى.

5

سېدە دەرەخلىرى يېڭىلا ياشارغان چىرايلىق باھار كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئادەملەر قەپەس ئالدىدىكى ئاسفالت يولدا ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. كۈچتۇڭگۇر تۇساتتىنلا ئادەملەر توپى ئارد-ىسىدا بېشىغا ئاق گۈللۈك دوپپا كىيىۋالغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالدى. كۈچتۇڭگۇر ئۇ ئادەمنى كۆرۈپلا تونۇدى. بۇ ئادەم قارا قۇرۇم تاغ ئېتىكىدىكى يايلاقتا مال باقاتتى. بۆرىلەر پات - پات ئۇنىڭ قوتىنىغا ھۇجۇم قىلىشاتتى. بۇ ئادەمنىڭ جۇغى كىچىك بىر تايغىنى بار ئىدى. بۇ تايغان بار ئاۋازى بىلەن قاۋاپ، ھاۋشىپ قوتانغا ھېچكىمنى يېقىن يولاتمايتتى.

كۈچتۇڭگۇر گويا يېقىن تۇغقىنىنى كۆرگەندەك ئىختىيارسىز ھالدا قەپەسنىڭ تورىغا ئالدى پۇتىنى تىرەپ ھۇۋلاشقا باشلىدى. ئۇ ئادەم كۈچتۇڭگۇرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك، ئۇ تۇرغان قەپەسكە يېقىنلاشتى. كۈچتۇڭگۇر بىلەن ئۇ ئادەم بىر - بىرىگە ئۇدۇل قارد-ىشىپ تۇراتتى. بۇ ئادەمنىڭ تېنىدىن توپا پۇرىقى كېلەتتى. بۇ كۈچتۇڭگۇرگە تولىمۇ تونۇش بولغان يۇرتىنىڭ پۇرىقى ئىدى.

كۈچتۇڭگۇر بىردىنلا ئۇ ئادەمنىڭ كۆزىدە غىل - غىل يالتىرا-ۋاتقان ياشنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئادەملەرنىڭ كۆز يېشى قىلغىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ ئادەم ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېچىنىۋاتقانلىقى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. كۈچتۇڭگۇر

بىردىنلا ئۇ ئادەمگە قاراپ ئايانچلىق ئاۋازدا ھۆۋلاشقا باشلىدى:

— ئاتا - ئانام، قوۋم - قېرىنداشلىرىم تىنچ - ئامانمۇ ئەي ئادەم! ئۇلارغا مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈزەلەرسەنمۇ؟ مېنىڭ ھالىمنى ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن. مېنى بۇ يەرگە ساڭا ئوخشاش ئادەملەر سولاپ قويدى. مەن ئۇلارغا ھېچبىر يامانلىق قىلمىغانىدىم، راستىنلا. بىزنى سولاپ قويۇپ جازالاشقا توغرا كەلسە سەن سولاپ قويساڭ توغرا بولاتتى. چۈنكى، بىز - پات - پات سېنىڭ قويلىرىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، سېنى پاراكەندە قىلاتتۇق. ئەمما، سەن تايغىنىڭ بىلەن بىزنى ئۈركۈتۈپ قاچۇرۇۋەتكەندىن باشقا بىزگە ھېچقاندا زەخىم يەتكۈزمەيتتىڭ...

يېمەكلىك قىس بولىدىغان قىش پەسلى، مېنىڭ تېخى كۈچۈك چاغلىرىم ئىدى. مەن بىر كۈنى ئاتامنىڭ بۆرىلەر توپى بىلەن سېنىڭ قوتىنىڭغا تېگىش قىلماقچى بولغىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. چوڭلارنىڭ ئوۋ ئوۋلاشلىرىغا قاتتىق ھەۋەس قىلاتتىم. ئۇلار كېچىدە يولغا چىققاندا مەنمۇ تۇيدۇرماي كەينىدىن ئەگەشتىم. ئۇلار ئەمدىلا بىر قوينىڭ قارنىنى يېرىپ تۇرۇشىغا تايغان ئويغىنىپ بار ئاۋازى بىلەن قاۋاپ كەتتى. بۆرىلەر تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ قاچتى. مەنمۇ قورقۇپ كېتىپ ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاراپ قاچتىم. قانداق بولدى بىلمەيمەن، بىر نەرسە گەجگەمدىن قاماللاپ تۇتۇۋالدى. قورقۇپ كۆزۈمنى يۇمدۇم. كېيىن ئۆزۈمنى سېنىڭ قولۇڭدا كۆردۈم. ئاي يورۇقىدا مەن سېنىڭ كۆزۈڭگە مۆلۈلدەپ قارىدىم. سەن ماڭا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن مېنى ئاستا يەرگە قويۇپ بەردىڭ، ئاندىن تايغىنىڭنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىپ قالدىڭ. سەن مېنى قويۇۋەتكەنىدىڭ. مەن شۇ چاغدا ئادەملەرنى تۇنجى قېتىم تونۇغانىدىم. مېنىڭ نەزىرىمدە سەن ئالەمدىكى ئەڭ كەڭ قورساق ھەم مەردانە، ئۇلۇغ مەخلۇق ئىدىڭ. مەن سېنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭنى ئاتامغا ئېيتتىم. ئاتام بەڭۋاشلىقىم ئۈچۈن بىرمۇنچە كايىدى ھەم ئادەملەرگە يېقىنلاشقۇچى بولما، بۇ قېتىم تەلىيىڭ كېلىپ قاپتۇ. ئادەملەر

بىردىنمۇ ۋەھشىي، ئۇلار سېنىڭ تېرەڭنى سويۇپ يېپىنچا قىلىدۇ، دېدى. ئەمما، شۇ كۈندىن باشلاپ ھەرقانچە ئاچارچىلىق يۈز بەرسىمۇ سېنىڭ قوتىنىڭغا تەگمەسلىك توغرىسىدا بۆرىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈردى...

كۈچتۈڭگۈر باياتىنقى ھۇۋلاشلىرىنى ئۇ ئادەمنىڭ چۈشىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ ئادەم گويا راستتىنلا كۈچتۈڭگۈرنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنگەندەك، ئۇنىڭغا جىممىدە قاراپ تۇراتتى. كۈچتۈڭگۈر يەنە ھۇۋلاشقا باشلىدى:

— مەن ئادەملەرنى كەڭ قورساق، مەرد، ئۇلۇغ دەپ تونۇغانىدىم. لېكىن، بۇ ئادەملەر نېمىشقا ساڭا ئوخشىمايدۇ؟ نېمىشقا بىزلەرنى ئەركىنلىكتىن ئايرىپ، قەپەسكە سولاپ قويۇپ، بۇنىڭ بەدىلىگە ئۆزى كۆڭۈل ئاچىدۇ؟ بىلىمەن، بۇلارغا سەن جاۋاب بېرەلمەيسەن. سەن ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرمىگەن بولساڭ، جاھاندا بۇنداق ئىشلارنىڭ بارلىقىنى ھەرگىز ئەقلىڭگە سىغدۇرالمىغان بولاتتىڭ. چۈنكى، سەن تەبىئەتتىكى جىمى مەخلۇقلارنى ئۆزۈڭدەك ئۇلۇغ بىلىسەن. شۇڭا، سەن مېنىڭ نەزىرىمدە دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مەخلۇق. قايتىپ بارساڭ ئاتا-ئانام، قوۋم-قېرىنداشلىرىمغا سالام دەپ قوي. قەپەستە ياشاۋاتقانلىقىمنى ئېيتما. ئاتام بۇنىڭغا ھەرگىز چىدىمايدۇ. پەقەت ئۇلارغا مېنى تىنچ-ئامان دەپ قويساڭلا بولىدۇ.

كۈچتۈڭگۈر ھۇۋلاشتىن توختىدى. ئۇلار شۇ ھالەتتە بىر-بىرىگە بەك ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. كۈچتۈڭگۈر ئۇ ئادەمنىڭ لەۋلىرىنىڭ ئاستا مىدىرلىغىنىنى كۆردى. ئەمما، نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمىدى.

ئۇ ئادەم گويا كۈچتۈڭگۈر بىلەن خوشلاشقاندەك، ئۇنىڭغا قول ئىشارىسى قىلدى-دە، ئاسفالت يولنى بويلاپ ئاستا كېتىپ قالدى.

كۈچتۈڭگۈر ئۇ ئادەمنىڭ كەينىدىن تا قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى، ئاندىن كۆزلىرىنى ئاسماننىڭ پۈچۈق ناندەك كۆرۈنىدىغان پارچىسىغا تىكتى.

# يوٴڭ پەلەي

ئاچا - سىڭىل ئىككىسى بىر يىگىتكە كۆيۈپ قىلىشتى. بۇنى ھەر ئىككىلەن بىلىشتى. يىگىت ئۇلارنىڭ نەۋرە ئاكىسى بولۇپ، ئۆيدە تاسادىپىي يىگىتنىڭ گېپى چىقىپ قالسا ئۇلار ئۆزلىرىنى قويىغىلى جاي تاپالماي قالاتتى. بىر - بىرىنىڭ يۈزىگە قارىشالمايتتى. ئاچا - سىڭىل بىر ئۆيدە بىللە يېتىپ قوپاتتى. تاسادىپىي گەپ قىلىشىپ قالمىغانلىرىدا ئۆزئارا پاراڭلىشىشنىمۇ بىئەپ ھېس قىلىشاتتى.

قىزلارنىڭ كىچىكىنىڭ ئىسمى مېھرىنسا ئىدى. ئۇنىڭ يېزا بازىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغۇسى بار ئىدى. ئەمما، ئاتا - ئانىسى ئۇنى بارغىلى قويمىدى. دېمىسىمۇ، مەكتەپنىڭ ئارىلىقى بەكلا يىراق، دۆۋە - دۆۋە قۇملۇقلاردىن، قومۇشلۇقلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئۆيدە ئوغۇلبالا يوق ئىدى. ئاچىسى شەھەردە خەقكە بالا باققۇچى بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ ئېتىز - ئېرىقنىڭ، ئۆينىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشمىسە بولمايتتى.

مارجانقۇم ئىسمى - جىسمىغا لايىق قۇملۇق كەنت. بۇ كەنتتە تېرىلغۇ يەر ئاز بولۇپ، مېھرىنسالارنىڭ ئاران 5 مو يېرى بار ئىدى. كەنتنى قۇملۇق، قومۇشلۇق ئوراپ تۇراتتى. ياز كۈنلىرى قومۇشلار ياپيېشىل يەلپۈنۈپ پۈتۈن كەنت ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى.

مېھرىنسانىڭ ئانىسى كېسەلچان ئايال ئىدى. مېھرىنسا كۈندە دېگۈدەك دادىسى بىلەن تەڭ تۇرۇپ ئېتىزغا باراتتى. بەزىدە دادىسى ئۇنى قومۇش ئورۇشقىمۇ بىللە ئېلىپ چىقاتتى. دادىسى ھەر بازار

كۈنى تاڭ يورۇماستا قومۇشنى ئېشەك ھارۋىسىغا بېسىپ نەچچە
چاقىرىم يىراقلىقتىكى ناھىيە بازىرىغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئۆينىڭ
ھەپتىلىك چاي - تۇزلىرىنى غەملەپ چىقاتتى. بۇ كەنتتىكىلەرنىڭ
ھەممىسى دېگۈدەك شۇنداق قىلاتتى. كەنتتىكىلەر يەنە قومۇشتىن
بورا توقۇپ ساتاتتى. مېھرىنىسانىڭ ئانىسىمۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ بورا
توقۇيتتى. بىچارە ئايال ھەپتىدە بىر - ئىككى بورىنى پۈتكۈزگۈچە
مۈكچىيىپ تېخىمۇ ھالىدىن كېتەتتى.

ھاۋا سوغۇق، مېھرىنىسا ياغلىقنى ئېڭىكىدىن ئۆتكۈزۈپ چىگىد-
ۋالغانىدى. ئورغاق تۇتقان قولى توڭلاپ كېتىۋاتاتتى. بۈگۈن دادىسى
قومۇش ئورۇشقا چىقمىغانىدى. كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالدى، قۇرۇ-
غان قومۇشلار جىمجىت، تىۋىشسىز ئىدى. يىراقتىكى دۆڭلۈكتە
كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ يوغان ياغاچ دەرۋازىسى غۇۋا كۆرۈنۈپ
تۇراتتى. ئۇ نېمىنىدۇر كۈتكەندەك، قومۇشلۇق ئارىسىدىكى يالغۇز
ئاياغ يولدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى.

يىراقتىن ۋېلىسىپىتنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. يالغۇز
ئاياغ يولدا نەۋرە ئاكىسى كېلىۋاتاتتى. ئۇ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدە
ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيتتى. ھەر كۈنى مۇشۇ يولدىن
ئۆتەتتى. ۋېلىسىپىت كونا بولۇپ، ئىگىسىنى كۆتۈرەلمىگەندەك غىد-
چىرلايتتى. ئۇ مېھرىنىسانى كۆرمەي، ۋېلىسىپىتنى ھەيدەپ ئۆتۈپ
كەتتى.

مېھرىنىسانىڭ كۆزلىرى تاكى ۋېلىسىپىت كۆزدىن غايىب بولغۇ-
چە ئۇزىتىپ قالدى.

ئۇ شۇ كۈنى ئاخشىمى قازناق ئۆيدىن ئانىسىنىڭ كىگىز ئەتكۈزى-
مىز دەپ يىغىپ قويغان يۇڭىدىن ھېچكىمگە كۆرسەتمەي ئازراق
ئاچىقتى. ئۆيدىكىلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسى-
رەپ، يۇڭنى ئاستاغىنە يوتقاننىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويدى.

كېچە سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. دېرىزىدىن ئاي نۇرى غۇۋا تۆكۈلۈپ
تۇراتتى. مېھرىنىسا ئۆيدىكىلەرنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئاستاغىنە قوپ-

تى. يوتقان ئارىسىغا تىقىپ قويغان يۇڭنى بىر تال تاياقا يىپ قىلىپ يۆگەشكە باشلىدى. ئۇ بۇنداق ئىشلارغا ئۇستا ئىدى. تاياق تۇتقان قولىنى ئەپچىلگىنە چۆرگىلەتتى. يەنە بىر قولى يۇڭنى ئاستا ـ ئاستا سوزۇپ بېرەتتى. ئۇ مۇرىلىرىنىڭ تېلىپ كەتكىنىنىمۇ سەزمىدى. ئۇ ئاخىر يىپنى ئېگىرىپ بولدى. ئېگىرگەن يىپنى يەنە يوتقىنى ئىچىگە يوشۇردى، ئاندىن خاتىرجەم هالدا ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى ئۇ ئېتىزلىقنىڭ قىرىدىن چىغ ئىزدەپ تاپتى، ئاندىن ئاخشام ئېگىرگەن يىپتا پەلەي توقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن نەۋرە ئاكىسىنىڭ قولىنى ئالماشتۇرۇپ هوردىغىنىچە ۋېلىسىپىت هەيدەپ كېتىۋاتقان هالىتى كەتمەيتتى. ئۇ بىر جۈپ پەلەينى بىر كۈندىلا توقۇپ بولدى. ئاخىرقى قىسمىنى توقۇۋاتقاندا ئاچىسى كۆرۈپ قالدى.

— كىمگە توقۇۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى ئاچىسى.

— هېچكىمگە...

ئۇ قولىدىكىنى يوشۇرۇشقا ئۈلگۈرمەي، هودۇققىنىدىن قىزىرىپ كەتتى. ئاچىسى قايتىلاپ سورىمىدى. لېكىن، مېهرىنسانىڭ پەلەينى كىمگە ئاتاپ توقۇغىنىنى بىلىپ بولغانىدى.

پەلەينىڭ رەڭگى بوزرەڭ ئىدى. يىپنىڭ چۈلپۈرلىرى دىردىيىپ ئۆرلەپ تۇراتتى. ئەمما، پەلەي قېلىن هەم سىپتا توقۇلغانىدى. مېهرىنسا ئاكىسىنىڭ ئۇنى كىيىۋالسىلا قولى توڭلىمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىچ- ئىچىدىن خۇش بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ پەلەينى ئاستا قاتلاپ ياستۇقنىڭ ئاستىغا قويۇپ، تاتلىق خىياللارنى سۈرگىنىچە ئۇخلاپ قالدى.

ئۇ ئەتىسى ئويغىنىپلا ياستۇقنىڭ ئاستىغا قارىدى، پەلەي يوق ئىدى. ئۆيدە ئاچىسى ئەزەلدىن بۇنداق ئەتىگەن تۇرمايتتى. ئۇ قانداقتۇر بىر ئىشقا ئالدىرىغاندەك يوتقان ـ كۆرپىسىنىمۇ يىغماي چىقىپ كەتكەنىدى.

ئۇ ئاچچىقىدا يىغلىغۇدەك بولۇپ كەتتى، ئاچىسىنىڭ يوتقان ـ

كۆرپىسىنىڭ ئارىسىنى ھەم كىيىم - كېچەكلىرىنى بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇپ چىقتى. پەلەي ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بىردىنلا يىغلاپ تاشلىدى. ئانىسى سىرتتىن كىرگەندە ئۇ تېخىچە يىغلاپ ئولتۇراتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟— دەپ سورىدى ئانىسى.

— ھېچنېمە،— ئۇ يىغىدىن توختاپ خىتىلداپ قويدى.

— ئاچام نەگە كەتتى؟— دەپ سورىدى ئۇ.

— تاڭ، ئۇقمىدىم، ھازىرلا كېلىمەن دەپ قويۇپ، تاڭ يورۇ- غان ھامان چىقىپ كەتتىغۇ.

ئوچاقتا ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ئۆي خېلى ئىسسىغانىدى. تولۇق بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە ئاچىسى غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاچ ھويلىغا كىردى. سىڭلىسىنىڭ ئۆزىگە ئاچچىق بىلەن قاراپ تۇرغىنىنى كۆ- رۈپ دەرھال ناخشىسىنى توختىتىۋالدى.

— مېنىڭ ھېلىقى پەلىيىمنى كۆردىڭىزمۇ؟— ئۇ ئاچچىقىنى بېسىۋېلىپ سورىدى.

— ياق،— ئاچىسى ئىتتىك بېشىنى چايقىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئازراق ھودۇقۇشمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ئۇ ئاچىسىنىڭ ھېچقانداق قىزارماي تۇرۇپ يالغان سۆزلىگىنىگە ھەيران قالدى. بىر چاغلاردا ئۇ بەكلا نومۇسچان، تارتىنچاق قىز ئىدى. شەھەردە ئىككى يىل بالا باققۇچى بولۇپ تۇرۇپلا...

ئاچىسى ئادەتتىكى چاغلاردا بەكلا ئاياپدىغان چاقماق شارپىسىنى يۆگىۋالغان، چاچلىرىنىڭ ئالدى، قاش - كىرپىكىنى ئاپئاق قىرو باغلىغان، يۈزلىرى توڭۇپ قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ توڭلاپ كەتكىنىنى سەزمىگەندەك، كەيپى بەكلا چاغ ئىدى.

مېھرىنسا ئاچچىقتىن تىترەپ كەتتى. ئۇ ئاچىسىغا ئېسىلىپلا يۈزلىرىنى تاتىلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، پۇخادىن چىقىۋالغۇسى كەل- دى. ئەمما، قانداقلا بولمىسۇن ئۇ مېھرىنسانىڭ قان - قېرىنداش ئاچىسى ئىدى. ئۇ ئاشۇ پەلەي ئۈچۈنلا ئاچىسىغا بىھۆرمەتلىك

قىلالمايتتى.

ئۇ ئاچچىقىدا كەينىگە بۇرۇلۇپلا ئاچىسىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتتى. ئۇنىڭ ئاچچىقى تېخى ياناماي، ئىچ - ئىچىدىن بىرخىل ئاچچىق يىغا ئۆرلەپلا تۇراتتى. ئۇ ئانىسىغا ئېيتىپ قويۇپ قولىغا ئورغاقنى ئېلىپ سىرتقا چىقتى. ئاچچىق سوغۇق كىشىگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. قومۇشلۇقتا ئاق توزغاقلار ئۇچۇپ يۈرەتتى. مېھرىنسا كۈچەپ قومۇش ئورۇشقا باشلىدى. يۈز - قوللىرىنىڭ توڭۇپ قىزىرىپ كەتكىنىنىمۇ سەزمىدى.

ئۇ يەنە ۋېلىسىپىتنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازىنى يىراقتىنلا ئاڭلىدى. نەۋرە ئاكىسى ۋېلىسىپىتنى كۈچەپ تەپكىنىچە كېلىۋاتاتتى. بېشىدىكى قۇلاقچىسى چىگىلمىگەچكە، خۇددى كەپتەرنىڭ قانىتىدەك پۇلاڭشىپ تۇراتتى. مېھرىنسا تۇيۇقسىز نەۋرە ئاكىسىنىڭ قولىغا بەكلا خوپ كەلگەن پەلەينى كۆردى. نەۋرە ئاكىسى ۋېلىسىپىتنىڭ رولىنى بەخىرامان چىڭ تۇتۇپ ھەيدەيتتى.

نەۋرە ئاكىسى يەنە ئۇنى كۆرمەي ئۆتۈپ كەتتى. مېھرىنسانىڭ ئاچچىقى ئاللىقاياقلارغا غايىب بولۇپ، كىچىكىدە نەۋرە ئاكىسى بىلەن ئوينىغانلىرىنى ئەسلەپ كەتتى...

ئۇلارنىڭ ئۆيى بىر مەھەللىدە ئىدى. ئۇلار ھەر كۈنى بىللە ئوينىشاتتى. بالىلار مۆكىمۆكىلەك ئويناشقانلىرىدا، نەۋرە ئاكىسى ئۇنى ئۆز گۇرۇپپىسىغا تاللىۋېلىپ، قولىدىن يېتىلەپ يۈگۈرگىنىچە ھېچكىم تاپالمايدىغان جايغا مۆكۈپ، بالىلارنى ھارغۇچە ئىزدىتەتتى. ئۇلار مېھرىنسانىڭ ئېتىكىنى جىگدىگە توشقۇزۇپ ئۆيگە كىرىشكىنىدە ھاماچىسى ئۇنى سۆيۈپ: «ئوماق قىزىم، كېلىنىم، چوڭ بولغىنىڭدا سېنى كېلىن قىلىۋالىمەن» دەپ ئەركىلىتىپ قوياتتى. كېيىن ئۇلار مېھرىنسالارنىڭ مەھەللىسىدىن كۆچۈپ كەتتى. مېھرىنسا نەۋرە ئاكىسى بىلەن ئوينىيالماس بولدى. ئەمما، ئىككى ئائىلە يەنە ئىزدىشىپ تۇراتتى. بالىلار ھايت - ھۇيت دېگۈچە چوڭ بولۇشتى. بىر كۈنى قىزلار تاسادىپىيلا ھاماچىسىنىڭ ئانىسىغا دېگەن سۆزىنى ئاڭ-

لاپ قالدى.

— بۇرۇنقى ۋەدىمىز بويىچە قىزلىرىڭدىن بىرىنى ئوغلۇمغا سوراپ كەلدىم، ئېرىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ۋاقتىدا ئۇچۇرىنى بېرەرسەن، توينى كېلەر يىلى كۈزدە قىلىشىۋېتەيلى!

قىزلار ئانىسىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىيالمىدى. ئەمما، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن قىزلار ئۆز يۈرىكىنى تىڭشاپ يۈرۈشەتتى.

كۈزدە مېھرىنسانىڭ ئۆيىدە توي بولدى. توي ئاچىسى بىلەن نەۋرە ئاكىسىنىڭ تويى ئىدى. ئاچىسى ئۇنىڭدىن چوڭ بولغىنى ئۈچۈنلا نۆۋەت ئۇنىڭ بولغانىدى. توي كۈنى مېھرىنسانىڭ يىراق-يىراقلارغا قېچىپ كەتكۈسى كەلدى. ئۇنى ھېچكىم ئويلاپمۇ قويمىغان، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ھېچكىممۇ چۈشىنىپ باقمىغانىدى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇ يالغۇز يەرگە بېرىپ تازا قانغۇدەك يىغلىۋالدى. ئۆزىنىڭ ئاچا بولۇپ بۇرۇنراق تۇغۇلمىغىنىغا ئىچ-ئىچىدىن ئۆكۈنۈپ كەتتى.

ئاتا-ئانىسى ئەمدى ئۇنى تالالىق قىلىشنىڭ كويىغا چۈشكەندى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي مېھرىنسانىڭمۇ تويى بولدى. ئۇ مۇشۇ كەنتتىكى بىر ياغاچچى يىگىتكە ياتلىق بولدى.

ياغاچچى يىگىتنىڭ ئۆيى مەكتەپكە يېقىنلا يەردە ئىدى. مەكتەپتىكى داڭ ئاۋازى بۇ ئۆيگە غۇۋا ئاڭلىناتتى. داڭ ئاۋازى ئاڭلانغان ھامان نەۋرە ئاكىسىنىڭ قولتۇقىغا كىتاب-دەپتەرلىرىنى قىستۇرۇپ، سىنىپقا مېڭىۋاتقان ياكى چىقىۋاتقان ھالىتى كۆز ئالدىغا كەپقالاتتى. شۇ تەرزدە نۇرغۇن كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ تۇنجى بالىسىنى تۇغدى، بالا ئوغۇل ئىدى. ئۇ بالىسىغا سادىق دەپ ئىسىم قويۇشنى بۇرۇنلا ئويلاپ قويغانىدى. شۇنىڭ سەۋەبىدىن ئاچا-سىڭىل ئىككىسى گەپلەشمەي قويدى.

سادىق بەكلا ئوماق ھەم ئەقىللىق چوڭ بولۇۋاتاتتى. مېھرىنسا بۇ ئوغلى ئۈچۈن جېنىنى بېرەتتى. كۆزىنىڭ قارىقىغا دەسسىتىپ باقاتتى. «سادىق، مېنىڭ سادىقىم» دەپ ئەركىلىتىپ يېنىش-يېنىشلاپ سۆيۈپ قانمايتتى. مېھرىنسانىڭ ئىرىمۇ ئۆيىگە، بالىلىرىغا

بەكلا كۆيۈنەتتى، مېھرىنسا ھەش - پەش دېگۈچە تۆت بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالدى. ئۆيدە يەنىلا سادىق ئەڭ ئەتىۋارلىق ئىدى. مېھرىنسانىڭ ئېرى دائىم سىرتقا ھۈنەر قىلغىلى چىقىپ كېتەتتى. ئۆينىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرى ھەم بالىلارغا قاراش ئۈنىڭغا قالاتتى. ئەمما، ئۇ بۇلارنى ئازراقمۇ ھار ئالمايتتى. ئۈنىڭ يېنىدا ھامان ئاشۇ ئامراق ئوغلى — سادىقى چۆرگىلەپ يۈرەتتى.

مېھرىنسانىڭ ئاچىسى بەكلا تۇغۇمچى چىقىپ كەتتى. ئۇ قوش-لاپ- قوشلاپ تۇغۇپ ئېرىنى بالىغا كۆمۈپلاۋەتتى. ئۇلار مەكتەپنىڭ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىدە ئولتۇراتتى. سەككىز جان بىر ئادەمنىڭ مائاشىغا قاراشلىق ئىدى. مېھرىنسانىڭ ئاچىسى دەسلەپكى چاغلاردا ئۈنىڭغا قېيداپ يۈرگەنمۇ بولدى. كېيىنچە مېھرىنسانىڭ ئۆيىگە سەي - كۆكتات، تۇخۇم سوراپ كىرىدىغان بولدى. مېھرىنسانىڭ ئۆيلىرىدىن ھەممە نەرسە تېپىلاتتى. توخۇلىرى قورۇغا پاتماي قاقىل-داپ ئالەمنى مالەم قىلاتتى. بېغىغا تېرىغان سەي - كۆكتاتلىرى ئۈنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ - تېشىپ تۇراتتى. پۇتۇن مەھەللىدىكىلەر ئۈنىڭ ئىشچانلىقىنى، ئۆي تۇتۇشقا ئېپى بارلىقىنى بىلەتتى. مېھرىن-سانىڭ ئاچىسى بىكارچىلىقتىن كېلەڭسىزلا سەمرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ھەر قېتىم كالىچىنى سۆرەپ مېھرىنسانىڭ ئۆيىگە بىر نەرسە سوراپ كىرگەنلىرىدە، ئۈنىڭ تورۇپلا نەۋرە ئاكىسىغا ئىچى ئاغرىپ، يۈرىكى ئېچىشىپ كېتەتتى. ئۇ نەۋرە ئاكىسىنى پات - پات كۆرۈپ قالاتتى. نەۋرە ئاكىسى بەكلا جۈدەپ كەتكەن بولۇپ، يەنە شۇ غىچىر-لاپ تۇرىدىغان كونا ۋېلسىپىت، قىش كۈنلىرى كىيىۋالغان ھېلىقى قۇلاقچا، مېھرىنسا توقۇپ بەرگەن يۇڭ پەلەي...

يۇڭ پەلەي يىرتىلمىغان ھەم ئۆز رەڭگىنى يوقاتمىغانىدى. نەۋرە ئاكىسى دائىم بۇ پەلەينى كىيىپ ئۈنىڭ ئىشكى ئالدىدىن ۋېلسىپى-تىنى غىچىرلىتىپ تەپكىنىچە ئاستا - يىراقلاپ كېتەتتى.

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMTE5MzEuemlw",
"filename_decoded": "40211931.zip",
"filesize": 38670477,
"md5": "dab65c7bb60ffa413f93383b5da20fa9",
"header_md5": "1a462dca0b5aeca239e2a4276f457847",
"sha1": "7ccb2818bef545703e62768a712615a5ecad0604",
"sha256": "e7544a66fcff80f8abfd41444c8cf6be7fe5babb1eb44bd262be335a6f18926f",
"crc32": 200443689,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 45011361,
"pdg_dir_name": "\u252c\u2560\u2554\u00bd\u2561\u2500\u2558\u2555\u2550\u221a\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40211931",
"pdg_main_pages_found": 220,
"pdg_main_pages_max": 220,
"total_pages": 225,
"total_pixels": 946368000,
"pdf_generation_missing_pages": false
}